ISSN 1002－9044

# تارىم

1

1994

www.uyghurkitap.com



بىيجىڭدا ئېچىلغان 5 ـ نۆۋەتلىك
«خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»
ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇي ـ
غۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يە ـ
غىنىدىن كۆرۈنۈشلەر.

دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد يىغىندا سۆز قىلماقتا.



مۇكاپاتلانغان بىر قىسىم ئاپتور ۋە مۇھەررىرلەر.



ئىسمايىل ئەھمەد
ۋەكىللەر بىلەن بىللە.



بىر قىسىم ئەدىبلەر مەشھۇر
شائىر ئەي چىڭنىڭ ھوزۇرىدا.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

44 - يىل نەشرى

1

1994

باش مۇھەررىر
مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئالىمجان ئىسمائىل، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرائىل، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختەر مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن تۇرسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## ماقالىلەر


ئىسمائىل ئەھمەد ........................ يۈكسەك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلايلى ........................ 4

قەييۇم تۇردى ........................ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئىجادىيەتنى بىرلىكتە گۈللەندۈرەيلى ........................ 10


## نەسرىي ئەسەرلەر


مەھەممەت ئۆمەر ........................ پەرزەنتنىڭ يالدامىسى (ھېكايە) ........................ 14

ئوسمان ھوشۇر ........................ ھەسرەت (ھېكايە) ........................ 19

ئەنۋەر ھوشۇر ........................ نۇتۇق تېكىستى (ھېكايە) ........................ 37

ئۆمەر رەجەپ ........................ زېمىنىدىكى پەرىشتىلەر (ئەدەبىي ئاخبارات) ... 51

ئەسئەت ئەمەت ........................ يۇلتۇز، ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر (پوۋېست) ... 71


## شېئىرلار


مەھەممەت خېۋىر ........................ غەزەللەر ........................ 39

چاپپار ئەمەت ........................ ھېسسىياتىم تامچىدۇر گويا ........................ 43

غەنىزات غەيۇرانى ........................ رۇبائىي ۋە قىتئەلەر ........................ 46

ماخمۇتجان ئىسلام ........................ قەشقەر ھەققىدە غەزەل ........................ 47

مۇھەممەت سالىم ........................ پەرىشتە قانىتىدا ........................ 64

مۇتەللىپ ئىبراھىم ........................ شېئىرلار ........................ 66

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ........................ غايىب بولغان سادالار ........................ 68

ماموت زايىت ........................ سۆيۈمدىكى خىياللار ........................ 105

ئادالەت ئابدۇرېھىم ........................ رەسسام ........................ 109

جېلىل خېلىل ........................ ئۆزۈمگە قايتىش ........................ 109

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


قۇربان بارات ........................ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» رېئا-
لىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى ....... 112
ئابلىمىت ئىسمايىل ........................ «ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا» دىكى نۇقسانلار ... 118


## ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزە


ۋاڭ لى ........................ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىدە سەر
خىل مەھسۇلات ئېكى بولۇشى كېرەك ......... 124
جاڭ ۋاڭ ........................ شەيتان ئەينەك ئىلھامى ........................ 125
«كېيىنكى ئەسىردە مەشھۇر ئەسەرلەرنى كىم
ئوقۇيدۇ» ........................................ 127


## تەرجىمە گۈللەر


تۇرسۇنجان ئەمەت ........................ داۋۇت دازىباۋ (ھېكايە) ........................ 128


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر


ئىساك باشۋىس سىڭگىر ........................ تۇرخۇن تازىلىغۇچى ياش قارىۋاي (ھېكايە) ... 135


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


ئابدۇھېلىم سەيدۇل ........................ قوش جىنازا (ھېكايە) ........................ 141
ئابلىتىپ ھېمىت ........................ مېنىڭ قېيىن ئاتام (ھېكايە) ........................ 151


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن پايتەختكىچە ........................ 154
ژۇرنىلىمىز تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزدى ......... 157
5 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» باھالاش
ھەيئىتىنىڭ ئىسمىلىكى ۋە مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر ... 158


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ، ئابلىمىت ئابلىز
تىمتۇلنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# يۈكسەك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلايلى

— دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى

ئىسمائىل ئەھمەد

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 44 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان پەيتتە، پايتەختىمىز بېيجىڭدا خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش. مەن 5 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنى ھەمدە بۇ قېتىمقى يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا باستى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلاشتى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى؛ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا غايەت زور، كۆپ تەرەپلىمىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن ئەسەرلەر كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، ئۇسلۇبى خىلمۇخىل بولدى. مەدەنىيەت گۈلزارىدا نۇرغۇن ئەدەبىي ژۇرناللار بارلىققا كېلىپ، ئۆزلىرىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈردى ۋە نۇرغۇن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى؛ نۇرغۇن يېڭى يازغۇچى - شائىرلار يېتىشىپ چىقتى، يېڭى، پېشقەدەم يازغۇچى - شائىرلار ئۇيۇشۇپ زور ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى، تەنقىدچىلەر قوشۇنىنى بەرپا قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان ۋەزىيىتىنى نامايان قىلدى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ

تەرەققىيات مېۋىلىرىنى ھەممە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىنى بىر قېتىم كۆرەك قىلدى. بۇلاردىن كۆپلۈك ئەنئەنىگە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقانلىقىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇت قەدىمىگە ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز گۈللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۈگۈن مەن يازغۇچىلارنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالماقچىمەن. يازغۇچىلارنىڭ بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى مەسىلىسىدە مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىنى مۇھىم دەپ قارايمەن.

**بىرىنچى، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك**

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغاچقا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئەستايىدىل ئەمەل قىلىشى زۆرۈر. مەدەنىيەت ساھەسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»نى ئىجادىيەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش كېرەك. مۇھىمى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ قايناق ئەمەلىيىتىگە يۈزلىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ئادەم، يېڭى يۈزلىنىشلەرنى مەدھىيىلەش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرى قەھرىمانلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىدىغان دەۋر. بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى ئەستايىدىل يارىتىشىمىز، ئۇلارنىڭ يۈكسەك غايىسىنى، ئىلىم - پەنگە بولغان پوزىتسىيىسىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئىجادكارلىق روھى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەر بىر يازغۇچىنىڭ يۈكسەك بۇرچى.

ئەلۋەتتە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تېمىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەي بولمايدۇ. يازغۇچىلار ئۆزى پىششىق بىلىدىغان تېمىلارنى ئەركىن تاللاپ، ماتېرىيال توپلاپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق تۇرمۇشنى ئىپادىلىشى، ئىجادىيەتتە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

**ئىككىنچى، ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەر دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك**

مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمۇ كۆپ مىللەتلىك رايون. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخىي مۇساپىنى ئۆز-ئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىدا بىرسىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۇلار ئورتاق ئالغا بېسىپ كەلگۈسىگە يۈزلىنىمەكتە. كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزدە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن دۆلەت بىر پۈتۈن بولۇشى، جەمئىيەت مۇقىم بولۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇشى كېرەك. بۇ ئىنتايىن رېئال مەسىلە. تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدىغان ئەدەبىيات بۇ مەسىلىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى، مۇھىمى ساختىلىق قىلماي، بۇرمىلىماي ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك.

بىز خۇشاللىق بىلەن كۆرۈۋاتىمىزكى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى جەريانىدا مىللەتلەر ئۇيۇلتاشتەك ئىتپاقلىشىپ، ئورتاق غايە ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلار ۋە مۇنەۋۋەر شەخسلەر كۈنسايىن كۆپلەپ مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ياخشى ماتېرىيال، ئۇ بىزنىڭ قېزىشىمىزغا، ئىپادىلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتپاقلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇش ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى. ئەسەرلىرىمىزدىكى ئوبرازلار ئىچىدە چوقۇم مۇشۇنداق يارقىن ئوبرازلار بولۇشى، ئۇلار ۋەتەن بىرلىكىنىڭ تەۋرەنمەس قوغدىغۇچىلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قەيسەر ھىمايىچىلىرى بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق تىپلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ئەدەبىيات رېئاللىقتىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ، ئەدەبىياتنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى مۇھاكىمە قىلىشتا چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا قولغا كەلگەن غەلىبە مېۋىلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقىنى پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە يوشۇرۇن خەۋپنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە قاتنىشىۋاتقانلار ۋە كەڭ ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكى. ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى بۇ ئالاھىدە مەسىلىگە نىسبەتەن كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز،

مەيدانىمىز مۇستەھكەم بولۇشى، ئازراقمۇ ئارىسالدى بولماسلىقىمىز، ھېسداشلىق قىل-
ماسلىقىمىز كېرەك. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپ-
اقلىقى بولمايدىكەن، شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنالمايدۇ،
جەمئىيەت ئىلگىرىلىمەيدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىمۇ
تەرەققىي قىلالمايدۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللەپ ياشنىيالمايدۇ. تارىخقا
نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى مىللەتنىڭ تەقدىرى،
دۆلەتنىڭ تەقدىرى، دەۋرنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى
ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. دۆلەت قۇدرەت تاپسا، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولسا، مەدەنىيەت
تەرەققىي قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىنكى رېئاللىقمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈردى. ئەكسىچە بولغاندا،
ئەدەبىيات ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ خانىۋەيران بولىدۇ. شۇڭا قەتئىي ھالدا
ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزنىڭ مۇ-
قەددەس ۋەزىپىسى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. ئەسەرلىرىمىز مىللەتلەر ئىتتىپ-
اقلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىدىن چەتنەپ كەتسە بولمايدۇ، يازغۇچىلىرىمىز
مىللەتلەر ئىتپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى تارتسا
بولمايدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي يۈز-
لىنىشنى ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىمىز، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمىز بىلەن چوڭقۇر،
ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن
باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىشىمىز كېرەك. يازغۇچىلى-
رىمىز خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشى، قەتئىي ھالدا خەلق تە-
رەپتە تۇرۇشى، ئۈزلۈكسىز ھالدا قەلىمى ۋە قەلبى ئارقىلىق خەلقىمىز ۋە دەۋرىمىزنى كۈيلەشتە
يېڭى، گۈزەل سەھىپە ئېچىشى لازىم. ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغدايدىغان خۇش پۇراق گۈللەرلا ئېچىلىشى كېرەككى، ۋەتەن بىر-
لىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان زەھەرلىك چۆپلەرنىڭ مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك. بۇ مەسئۇلىيەتنى يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر
ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**ئۈچىنچى، يېڭىلىق يارىتىشتا جۈرئەت قىلىپ، باشقىلارنىڭكىنى ئۆرنەك قىلىشتا ماھىر
بولۇپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى سەۋىيىگە
كۆتۈرەيلى.**

ئەدەبىيات بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە بىر مىللەتنىڭ روھىي
قىياپىتى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى جانلىق ھەم ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تەرەق-
قىي قىلغان ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلغارلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى
ۋە ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. بۈگۈنكى كۈندە بىر مىللەت ئالغا باسماقچى بو-
لىدىكەن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشقا، يەنە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بېرىشى لازىم. ماۋجۇشى ئەينى يىللاردىلا: «مەدەنىيەتسىز قوشۇن — نادان قوشۇن، نادان قوشۇن دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ» دېگەنىدى. بىزمۇ بۇ يەردە: مەدەنىيەتسىز مىللەت رىقابەت كۈچى ئاجىز مىللەت، مۇنداق مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ، دېسەك بولىدىغۇ دەيمەن. شۇڭا مىللەتنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ھەم ناھايىتى ياخشى بىر باشلىنىشنى شەكىللەندۈردى. لېكىن كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان رېئال تۇرمۇشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا، تېخى دېگەن يەردىن چىقالىغىنى يوق، يەنىلا يازغۇچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىشىغا، تىرىشىپ ئىجاد قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەك. لېكىن بىز يەنە كونا قېلىپلارغا، ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالساق بولمايدۇ، بىز يېڭىلىق يارىتىشىمىز، ئالغا بېسىشىمىز، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشقا ۋە بۈگۈنكى كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. باشقا مىللەتلەرنىڭ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى دادىللىق بىلەن ئۆرنەك قىلىشىمىز ۋە قوبۇل قىلىشىمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

**تۆتىنچى، تىرىشىپ ئىقتىدارلىق يېڭى ئاپتورلارنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك، كونا-يېڭى يازغۇچىلار ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش ئاچىشى كېرەك**

ئەدەبىيات — ئادەم ئىلمى. ئۇنى ئادەم يازىدۇ، ئۇنىڭدا ئادەم تەسۋىرلىنىدۇ. سۈپەتلىك ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن، ساپاسى يۇقىرى بىر تۈركۈم يازغۇچىلار بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەر قايسى ئەۋلادنىڭ يازغۇچىلىرى بولۇشى كېرەك. بىز خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىر تۈركۈم ياش ئەدىبلەر ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. ھازىر بىزنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىمىزدا 30 - 40 - يىللاردىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان پېشقەدەم يازغۇچىلارمۇ، يېڭى جۇڭگو قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى يازغۇچىلارمۇ ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ياش يازغۇچىلارمۇ بار. ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۈۋرۈكلىرى، ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى، قوشۇنىمىز تېخىمۇ زورىيىشى، قوشۇنىمىزنىڭ ساپاسى

يەلىمۇ ئۆسۈشى كېرەك. بىز يەنە يېڭى ئاپتورلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشكە زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزنىڭ يازغۇچى، تەنقىدچى، مۇھەررىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى سەۋىيىلىك زاپاس كۈچىنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن گۈزەل شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. پېشقەدەم ئەدىبلەر يېڭىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى، ئۇلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ياردەم بېرىشى كېرەك. يېڭى يازغۇچىلار پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى، رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى، ياخشى ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى كۆپ تەرەپلىمە شەرت - شارائىتقا باغلىق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر شەرت شۇكى، قوشۇنىمىزدىكى پېشقەدەم يازغۇچىلار بولسۇن ياكى ياش يازغۇچىلار بولسۇن، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولسۇن ياكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر، مۇھەررىرلەر بولسۇن، چوقۇم زىچ ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك، ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر. ئىتتىپاقلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بارلىققا كېلىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. بۇ گەپنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەدبىقلايدىغان بولساق، پەقەت ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا، ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كېلەلەيدۇ. بىزنىڭ توپ مەنپەئەتىمىز، بىزنىڭ ئالغا بېسىش نىشانىمىز بىردەك، بۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىمىز، ھەمكارلىقىمىزنىڭ سىياسىي ئاساسى. خىزمەت ۋە ئىجادىيەتتە ئۆزئارا سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىشىمىز لازىم. مەسىلە كۆرۈلسە، ئوخشىمىغان قاراشلار بولسا، سوغۇققانلىق بىلەن مۇزاكىرىلىشىشىمىز، نورمال ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ بىر-بىرىمىزگە ئورا كولاشماسلىقىمىز، زېھنىي كۈچىمىزنى ئىچكى زىددىيەت داۋامىدا ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

يولداشلار، ئېلىمىز مۇھىم تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتىگە يۈزلەنمەكتە، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزمۇ ئىنتايىن ياخشى تەرەققىيات شارائىتىغا ئىگە بولدى. بىز بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلۇغۋار ۋەزىپىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىزنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلايلى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

قەييۇم تۇردى

## ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئىجادىيەتنى بىرلىكتە گۈللەندۈرەيلى

بۈگۈن بىز بېيجىڭدا «جۇڭگو مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 5 - قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتى ۋە تۇنجى قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەقسىتى پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى قىبلىنامە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىغا بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، جاسارەتكە كېلىپ، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاھ قىلىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئەدەبىي ژۇرناللارنى ياخشى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ھەمدە نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، جاھاندىن خەۋەردار بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۇختا ئىدىيەۋى ئاساس يارىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلۈشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق كاتتا ئىش، شۇڭىدەك مۇھىم تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە خۇشاللىنارلىق زور ۋەقە.

خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى 1989 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامى بىلەن مەيدانغا كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان 10 نەچچە يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىرى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتىنى ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللار قەرەللىك ھالدا يىلدا بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن ئۇيۇشتۇرىدىغان مۇكاپاتلاش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە سورۇنىغا ئايلاندۇرغان. كېيىن بۇ پائالىيەتكە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تەسىرى چوڭ ئەدەبىي ژۇرنال—«تارىم» قاتنىشىپ، خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتىنى ئاكتىپ ۋە پائال قوللىدى.

خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتىنىڭ بەش يىللىق ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ يۆنىلىشى توغرا، تەسىرى زور ۋە ئۈنۈمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش، سېلىشتۇرۇش، پەرقلەرنى تېپىش، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىش، ژۇرنال باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش ھەمدە كۆپلەپ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئۈرۈمچى، تۇرپان، كورلا ۋە قاراماي قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاستلاردا ئۆتكۈزۈلگەن تۆت قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتىدە 80 نەپەر ئاپتورنىڭ شەرەپ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە بۇ پائالىيەتكە بىرنەچچە مىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش ئۈمىدلىك ئىجادكارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قاتناشقانلىقى بۇ پائالىيەتنىڭ تەسىرىنى ۋە ئۇنىڭ زور ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتى، تەبىئىيكى، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئومۇمىي پائالىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، ئەلۋەتتە. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇق قىلىپ كۈچلۈك قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش، ئىلگىرىلەش ۋە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئاپتورلار ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى يۈز نەچچە كىشىدىن كۆپىيىپ، 2500 كىشىگە يەتتى. ھازىر بەش نەشرىيات ۋە 20 گە يېقىن ئەدەبىي ژۇرنال ئۇيغۇر ئاپتورلىرى ئۈچۈن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ماھارەت كۆرسىتىش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش مەيدانى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 40 پارچىدىن ئارتۇق رومان، 200 نەچچە پارچە پوۋېست، 1000 پارچىدىن ئارتۇق بىر قەدەر ياخشى ھېكايە مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسەتتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى گۈللىنىش مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى. كەڭ ئاپتورلار قوشۇنىغا ئىگە شېئىرىيەت ۋە ئوبزورچىلىقتىمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى سەۋىيە ۋە يېڭى مەنزىرە بارلىققا كەلدى. مۇشۇ 10 يىل ئىچىدە رومان، پوۋېست، ھېكايە، داستان - شېئىر، ئوبزور ئىجادىيىتى بويىچە ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ 30 نەچچە پارچە ئەسىرى مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 316 پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئۆزى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سۈپىتىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئۆسۈۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ھا-
زىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئارقا - ئار-
قىدىن قۇرۇلدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش، ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلى-
رىنى كەڭ ئۇيۇشتۇرۇش، ئىجادىيەت كۆچلىرىگە ئىلھام، مەدەت بېرىش ھەمدە مەشۋۇر
ئەدىب ۋە تەسىرى بىرقەدەر چوڭ ئەسەرلەرگە ئىلمىي باھا بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە
سىستېمىلىق ۋە ئۈنۈمى زور بولغان جانلىق ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات
يايدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە پايدىلىق
رول ئوينىدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات نىشانىسى توغرا،
نەتىجىسى گەۋدىلىك، ئىجادىيەت قوشۇنى ئىنتايىن ئۈمىدلىك بولۇپ، ئەدەبىي تۇرمۇش-
مىزدا يېڭىچە گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇ جەھەتتە ھەرقايسى ئەدەبىي
ژۇرناللارنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىسىنى ئادىللىق بىلەن مۇئەي-
يەنلەشتۇرۇش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى
يولىدا يۈز بېرىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم.

روشەنكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات-
سەنئەت ئىشلىرىغا ئوخشاش، ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان ئېغىر «سول»چىللىقنىڭ
ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، نوقتىئىنەزەرنى يېڭىلاش،
رېئاللىققا يۈزلىنىش، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش يولى-
غا مېڭىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆر-
مەت قىلىپ، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى؛
ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى قاتماللىق، قېلىپبازلىق، ئۇزەلىك، شەكىلۋازلىق، تېمىدىكى تار-
لىق ۋە بىمەنە شوئارۋازلىق قاتارلىق چاكىنا ئىللەتلەردىن دەسلەپكى قەدەمدە قۇتۇلۇپ،
تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرىدىغان ۋە يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە
بۆسۈش خاراكتېرلىك بىرمۇنچە ياخشى بەدىئىي ئەسەرلەرگە ئىگە بولدى. بۇلار نۆۋەت-
تە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش-
تىن، رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قېلىش؛ مەزمۇن، تېما، ئۇسلۇبتىكى بىر خىللىق؛ غەرب
ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ بىر يۈرۈش ئىجادىيەت قېلىپلىرىنى پەرقلەندۈرمەي قارىسىغا
قوبۇل قىلىۋېلىش؛ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلەرگە سەل قاراش ۋە ئۇنى مەسئۇلىيەتسىزلىك
بىلەن قالايمىقان ئىنكار قىلىش، تۇرمۇش ئىچىگە چۆكمەي پىنھان ئۆيىنى ئىجادىيەت
بازىسى قىلىۋېلىش؛ ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېتىبارسىز قاراپ، تۇتۇق، چۈشىنىكسىز نەر-
سىلەرنى يېزىشقا قىزىقىپ كېتىش؛ خام، پىشمىغان ئىجادىيەت ماتېرىياللىرىنى ئالدى-
راپ ئېلان قىلىۋېتىش، ئىلمىي پوزىتسىيە كەم بولۇش ھەمدە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشال-

ماسلىق، بىر - بىرىنى ياراتماسلىق، ئۆزىنىلا قالتىس چاغلاش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ھەم ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىش روھى كەم بولۇشتەك ئىللەتلەر بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىمىزدا ھېلىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا بىز جەزمەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ۋە ئىلمىي ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى كۆرۈش ۋە ئۇنى يەكۈنلەش بىلەن بىللە، ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر بىلەن ناچار ئىللەتلەرنىمۇ ئاڭلىق ھالدا كۆرۈشىمىز ۋە ئۇنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تۈزىتىش ھەققىدە تونۇشنى ئىمكان قەدەر بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىشىمىز لازىم.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا مەيدانغا كەلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا زور ئۈمىد بېغىشلىدى، تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى ۋە ئىلھام بەخش ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنىڭ زىممىسىگە تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى يۈكلىدى. پارتىيە ۋە خەلق بىزدىن ئۈمىد كۈتمەكتە. پارتىيىمىز ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماددىي شەرت - شارائىت، ماددىي كاپالەت ۋە ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلىشى لازىم؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولسا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋر قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشىنى مەنىۋى تۈرتكە، ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

بىز جەزمەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز بىلەن پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى دادىللىق بىلەن ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز؛ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز؛ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ كۆپ قاتلاملىق رولىنى ئەتراپلىق تونۇپ، ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشىمىز؛ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىدارى، مەقسىتى ۋە ئۆلچىمىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىغا، بازار ئىگىلىكىگە، تۇرمۇش قايىنىمىغا، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئەڭ نادىر، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق يېڭى دەۋرىمىزنىڭ تارىخىي رىتىمىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق نامايان قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مۇھەممەت ئۆمەر

# پەرزەنت يالقىسى



(ھېكايە)

— ئاڭلىدىڭمىكىن ئىمىراخۇن؟! زۇنۇن هاجى سەللىسىنى تاشلاپ، ساقىلىنى چۇشۇرۇپ، ئىلگىرىكى ئىسكەتكە كېلىۋاپتۇ.

— ئەجەبمۇ يارىشىملىق ساقىلى بار ئىدى - دە، ھاجىمنىڭ. ئىسىت - ئىسىت !— قاسساپ ئىمىر كوسا قولىدىكى نەقىشلىك پىچىقىنى كانارىدا ئېسىقلىق پاقلان گۆشىنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان قۇيرۇقىغا سانجىپ قويۇپ، ياغلىشىپ كەتكەن قولى بىلەن ئېڭىكىنى قاماللاپ، بېشىنى چايقىدى.

— ھەرەمدىن ئېلىپ كەلگەن شايى سەللىنى تاشلاپ، مۇبارەك ساقالنى ئالدۇرۇۋەتكەنىنىڭ بىر ۋەجى باردۇ، ئىمىراخۇن! تووۋا دەيلى، تووۋا! — تارازىدىكى گۆشنى قولىغا ئېلىۋاتقان ئىلمەك بۇرۇن، كەكە ساقال كىشى ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن نەزەر سېلىۋېلىپ كۆزىنى چىمىلداتتى، — تۈنۈگۈندىن بېرى بامداتنىلا ئوقۇۋاتىدۇ، كۆرسىلە. ئاڭلىسام ئىككى كۈندىن بۇيان دۇكىنىدا ھەرەمدىن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى قىرائەتلىرىنىسىنى چالماي، شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان بىر نىمىلەرنى چېلىۋاتقۇدەك؛ تېخى دۇكىنىغا ئالا - تاغىل چىراغلارنى ئېسىپ، تۆت تامنى كۆرۈنىدىغان ئەينەك قىلىۋېتىپتۇ، كۆرسىلە! — كەكە ساقال كىشى ھەيرانلىق ئىچىدە سۆزدىن توختاپ ئەتراپقا يەنە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن قاسساپقا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھىجايدى، — ئىمىراخۇن ئۇكام، خوش ئەمسە! مەن پېشىنغا ئالدىرايتتىم. يەنە نېسى قىلىپ قويالا! ھىھ...ھىھ...ھىھ...

قاسساپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم بىلەن كەينىگە شوخشىپ كېتىۋاتقان كەكە ساقالنى باش لىڭشىتىپ يولغا سېلىۋېتىپ، بىر تەرەپتە ئېسىقلىق تۇرغان ماي قەلەم بىلەن ياغلىشىپ قىرچىلىپ كەتكەن دەپتىرىنى ئېلىپ «مەزىنا خۇنۇم جەمئىي × × پۇل» دەپ تىركەپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىچە غودۇرىدى، شايى سەللىمىش تېخى! سەن ئەبگا ساقالنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتىڭما!؟ ئىسىت - ئىسىت! خۇدايى كېرەم ئاشۇ ساقالنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەرگەن بولسىمۇ كاشكى، ھەي ... تەڭشەلمىگەن ئالەم - دە!

* *

زۇنۇن هاجى ھەجدىن شايى سەللە ئوراپ، ئۆزۈن ساقال قويۇپ قايتىپ كەلگەن ھېلىقى كۈنى دالىدىكى كاككۇك گۈلدەك قىزىرىپ كەتكەن ئايالى خۇددى يېڭى كېلىندەك ھېيىقىپ تۇرۇپ ئېرى تۇتقان زەمزەم سۈيىنى تەۋەززۇ بىلەن ئىچتى. قولوم - قوشنىلار، مەسچىت جامائىتى ۋە بازاردىكى ھەقەمسايىلەرمۇ ئادەت بويىچە ھال سوراپ كىرىپ مۇقەددەس سۇدىن ئوتلاشتى. شۇ كۈنلەردە زۇنۇن هاجى ئۆزىنىڭ شايى سەللىسى ۋە تېخى ئاق سانجىمىغان ھەقىقىي هاجىلارغا خاس (زۇنۇن هاجى شۇنداق ئويلايتتى) ئۆسكىلەك قويۇق قارا ساقىلى بىلەن ئايالى ۋە جامائەت ئالدىدا گويا ئەۋلىيالىق نازىل بولغان بۇزرۇكۋار زاتتەك نامايان بولدى. «هاجىم» دېگەن مۇبارەك نام شۇندىن بۇيان ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە مۇشەررەپ بولۇپ، گويا سەللىسى بىلەن قارا ساقىلىدەك يارىشىپ سىڭىپ قالدى. ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزىمۇ كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان بۇ نامنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئۇلۇغلايتتى؛ ھەتتا نەچچە ئون يىل ئۆي بولۇپ باغرى داش بولۇپ كەتكەن ئايالىمۇ ئەمدى ئىلگىرىكى «زۇنۇناخۇن» دەپ چاقىرىدىغان ئادىتىنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا «هاجىم» دەپ ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان بولغانىدى. بۇ نام زۇنۇن هاجىنىڭ قۇلىقىغا ھەممىلا يەردە ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ يارىشىملىق سەللىسى بىلەن ساقىلى ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىنى تارتاتتى، ئۇ ئۆزى بولسا بەجايىكى ئەنئەنىنىڭ تىمسالى، پەرزىنىڭ رەمزى ۋە ئادەملەرنىڭ سەپسالىدىغان نىشانى ئىدى. ۋەھالەنكى بۇ ئۆزگىرىشلەر زۇنۇن هاجىنىڭ نەزەرىدە گويا زۇۋۇلىسى شۇنداق ئۆزۈلگەندەك تەبىئىي ئىدى.

زۇنۇن هاجى گەرچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئەمما تەپەككۇر بابىدا قابىل كىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ھەج سەپىرىنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە تەۋەررۇك ساقال قويۇپ، شۇ ساقالغا خىل كېلىدىغان شايى سەللىنى ھەرەمدىن ئالغاچ كەلگەن ۋە ئاشۇ سەللىنى ئوراپ ساقىلىنى سىلىغىنىچە مۇبارەك قەدەم بىلەن مەھەللە مەسچىتىگە كىرىپ كەلگەندە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغانىدى.

ئىش ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى. زۇنۇن هاجى شايى سەللىسىنى ئوراپ هاجىلارغا خاس سالماق قەدەم بىلەن مەسچىتكە كىرىپ كەلگەندە، جامائەت ئورۇنلىرىدىن گۈررىدە تۇرۇشۇپ، گويا شەرىئەتنىڭ ھىمايىتىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈشتى. ئۈچكە ساقال ئىمام بىلەن كەكە ساقال مەزىناخۇنۇم ئۇنىڭ ئالدىغا شاپاشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ مەن ئىلگىرىكى ئورنىدا ئولتۇرۇۋېرەي، دېگەن ئانچىكىم تەكەللۇپىغا قۇلاق سېلىشماي، ئۇنى سەپنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئالاھىدە ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈنگىچە خىلۋەتتىكى بۇ غېرىبانە مەسچىت گويا كۈن كۆرگەن ئاپتاپپەرەستەك جانلىنىپ كەتتى؛ جامائەت شۇ چاغدا زۇنۇن هاجىنىڭ شايى سەللىسى بىلەن ئۆسكىلەك قارا ساقىلىغا ھەۋەس بىلەن نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى «كارامەت» لەر ھەققىدىكى ھېكايىسىغا زوقلىنىپ قۇلاق سېلىشقانىدى.

— بۇ سەپەر ھەرەمگە بېرىپلا ئىرانلىق ئىبنى نىزامىدىن. ھاپىز هاجى

ھەزرەتلىرى بىلەن تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى سەللىسى بىلەن ساقىلى توغرىلىق گەپ تېگىشلىگەندە مەغرۇر سۆز ئېلىپ، — ئۇ زات شەرىئەت بابىدا كامال تېپىپ، يەتتە قېتىم ھەج-تاۋاب قىلغان، پازىلۇ - بۇزرۇكۋارلىقتا ئىددىتىغا يېتىپ، پانىي دۇنيا مەئىشىتىنى تەرك ئەتكەن ساخاۋەتچى زاتكەن. ئۆزى تېھران دېگەن شەھەردىكى بىر چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىكەن. ئۇ مەسچىتتە نامازغا ئىشتىراك قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان مۆتىۋەرلەر ئىكەن. ئۇ زات مېنى تېھرانغا بېرىپ، ئاشۇ مەسچىتتە ھەمناماز بولۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى، ئەپسۇسكى، يۇرت ئەھلى ۋە جامائەت بىلەن تېزرەك دىدارلىشىشقا ئالدىراپ، ئاشۇ ساۋابلىق ئىشقا نائىل بولالمىدىم... دېمەكچىمەنكى، شۇبۇ ساقالنى جانابىي ھاجىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن دوستلۇق ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش ۋەجىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك ساقىلىغا تەقلىد قىلغانمەن. مانا بۇ شايى سەللىنى بولسا بىز خوشلىشىش ئالدىدا ئۇ زات دوستلۇق شەرىپىمىزنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە بېشىدىن ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن بېشىمغا كىيدۈرۈپ قويغان. بۇ سەللە شۇ تاپتىمۇ جانابىي ھاجىنىڭ مۇبارەك قوللىرىدا ئورالغانچە تۇرۇپتۇ... مەن بۇ سەللە بىلەن ساقالنى بىرىنچىدىن، ئۇلۇغ ھەج-تاۋاب پەرىزىمنى ئادا قىلغانلىقىمنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە مەقبۇل تاپقان بولسام، ئىككىنچىدىن، ئەنە شۇ زاتنى ياد ئېتىش ئارزۇسىدا ئۆزۈمگە راۋا كۆرگەنمەن!

زۇنۇن ھاجىنىڭ سەللىسى بىلەن ساقىلى توغرىلىق ئېيتقانلىرى شۇندىن كېيىن ئۇنى نام - شۆھرەت بابىدا تېخىمۇ نامايان قىلدى. شۇ كۈنلىرى يەنە ياشىنىپ قالغان ئىمامنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمىگەچكە، مەسچىت جامائىتى زۇنۇن ھاجىنى مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ «دۇكان ئېچىپ قويۇپتىمەن، ئىماملىقنى ھازىرچە قولغا ئالماي تۇراي» دەپ سىپايىلىق بىلەن رەت قىلدى. ئەمما ئۇ بەش ۋاق نامازنى قازا قىلماي كېلىۋاتقاچقا، جامائەتنىڭ كۆزىدە يەنىلا ئېھتىرامغا نائىل ئىدى.

ئارىدىن بىرقانچە جۈمە ئۆتۈپ، زۇنۇن ھاجىمنى خىياللار بەنت قىلىۋالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ خىيالى تولىراق سودا ئىشلىرى ۋە ئائىلىنىڭ ئۆزگىچە بولغان مۇئامىلىسى توغرىسىدا بولىدىغان بوپقالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا گاھى قانداقتۇر غەيرىي كۆرۈنۈشلەر غىل-پال ئەكس ئەتسە، گاھى گويا جىگەرنى چۈۋىن يالاۋاتقاندەك كۆڭلى ئاللىقانداق غەش بولاتتى؛ بەزىدە قۇياش دەرگاھىدا پىنھان بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار تاراملىغاندا ئۇنى خۇددى پانىي ئالەمنىڭ دىشۋارچىلىقلىرى قانات يېيىپ كېلىۋاتقاندەك ۋەھىمە باساتتى... ئۇ بارغانسېرى ئىلگىرىكى خىيالغا ھازىرقى جاھاننىڭ ياپسا كەلمەيۋاتقانلىقىدىن سەزگۈلىرىگە تەئەددىي قىلىپ، بولغۇسى كۈنلەر ھەققىدە ئۆزىچە قىياس قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ئىلگىرى زۇنۇن ھاجىمنىڭ دۇكىنى يەككە تىجارەتچىلەر بازىرىنىڭ خېرىدار قاينايدىغان ئاۋات كۆزىدە ئىدى. مانا ئەمدى بازارنىڭ بېشى ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ دۇكىنى بازارنىڭ قۇيرۇقىدا قالدى.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دەيتتى ئۇ ساقىلىنى سىقىمدىغىنىچە شايى سەللە بىلەن دۇكىنىدا خېرىدار كۈتۈپ

ئولتۇرۇپ، — ھېچ قىلىپ كەلسەم مەرتىۋەم
ئۆسۈپ، تىجارىتىم تېخىمۇ روناق تاپار
دېسەم، ما ئىشنى قارىما-دىغان!؟ ئەمدى
بۇ تىجارەت دېگەننىمۇ شەيتان يېتىلىۋالغان
چېغى!
— قارىمامسىلە! — دەيتتى ئۇ گاھى
كېچىلىرى ئايالىغا ھال ئېيتىپ، — بۇ سودا -
تىجارەت دېگەن خۇددى بەيگىگە چۈشكەن-
دەك بىر ئىشكەن. گاھىدا ئايغىر ئۈزاپ
كەتسە، گاھى بايتال ئۆتۈپ كېتىدىكەن؛
بىراق - زە، مېنىڭ ھازىرقى بۇ تىجارىتىم
ئايغىرمۇ ئەمەس، بايتالمۇ ئەمەس، بەئەينى
بەيگىگە يارىمايدىغان قېچىرغا ئوخشاپ
قالدى خوتۇن!
— يوقسۇ، ئۇنداق دېمىسىلە ھا-
جىم! — دەيتتى ئايالى بۇنداق چاغلاردا
ئېرىنىڭ ھالىغا تەسكىن بېرىپ، — سىلى-
گىمۇ خۇدايىم بەرگەچكە ھەج قىلىپ كەل-
لە، مانا ئەمدى ھاجىم بولۇپ دىللىرى
يورۇغاندا ئانچىكى ئىشلاردىن كۆڭۈللىرىگە
شەك چۈشۈرمىسىلە. «ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭ-
غۇ، ئونبەشى ئايدىڭ» دېگەن گەپ بار
ئەمەسمۇ، سىلىگىمۇ خۇدايىم بېرىدىغان كۈن-
لەر يەنە كېلەر ئىلاھىم!
ئايالىنىڭ كۆڭۈلگە چاغ سۆزلىرىدىن
سۆيۈنگەن زۇنۇن ھاجى بۇنداق چاغلى-
رى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلاتتى. بىراق
ئايالىنىڭ خۇلق - مىجەزى ئېلگىرىكىگە
ئوخشىمايۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى ئاللىقانداق
غەش بولاتتى. ئىلگىرى بۇنداق چاغلىرى
ئايالى ئۇنىڭ كۆزىگە چوڭقۇر مېھىر - مۇ-
ھەببەت بىلەن تىكىلىپ، ئۇنىڭ قوپال ۋە
جەددىي سۆيۈشلىرىدىن ئۆرتىنىپ، سېھىر-
لىك خۇلقى بىلەن ئۇنىڭ يۈكلۈق مەيدى-
سىنى دەمىدۇدەم سىلايتتى. ئەمدىلىكتە
بولسا ئايالى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارى-
يالمايدىغان، ئۇنىڭغا ئايالىق خۇلق - ناز-
لىرىنى ھەدىيە قىلىشتىن ئۆيۈلىدىغان بولۇپ

قالغانىدى. بۇنىڭدىن زۇنۇن ھاجىنىڭ يۈرى-
كى ئەلەملىك تىترەيتتى.
يەنە بىرنەچچە جۈمەدىن كېيىن
نېمە ئۈچۈندۇر زۇنۇن ھاجىنىڭ كۆزلىرى
ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قۇرغۇيىنىڭ كۆزلىرىدەك
چاقناپ تۇرمايدىغان، بەلكى ئۆي-قۇچان
ۋە خاموش بولۇپ قالدى. شايى سەللىسى
بىلەن ئۆسكىلەك بومبا ساقىلى بولسا تېخى
ئەمدىلا ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان زۇنۇن
ھاجىنى تېخىمۇ مويسىپىتلاشتۇرۇپ،
ئۇنى ئىلگىرىكى سۆزمەنلىكى ۋە چەبدەس-
لىكىدىن مۇستەسنا قىلىۋاقتا ئىدى. ئايالى
ئەمدى ئۇنى ھەر ئەتىگىنى بامداتقا نوقۇپ
ئويغىتاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن
تەئەججۈپلەنگەن ئايال ئېرىنىڭ جەينامازا
ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خۇددى پاختەكنىڭ ساي-
رىشىدەك قايغۇلۇق ئاھاڭدا قىرائەت قىلى-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا قانداقتۇر بىر ئەن-
دىشىدىن باغرى پۈچۈلىنىپ، ياراتقان ئاللا-
دىن ئۆز ئېرىگە شاپائەت تىلەپ ئۈنسىز-
ىندا قىلاتتى.
— ئاھ! پەرۋەردىگارىم، بۇ ئادەمگە زا-
دى نېمە بولغاندۇ!؟ تۇزۇكلا ئادەم ئىدى-
غۇ. ئۆزۈك ساقلىغايسەن ئىگەم!
ئاخىرقى ئىزتىراپلىق ئىككى جۈمە
ئىچىدە زۇنۇن ھاجى يەككە تىجارەتچىلەر
بازىرىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن نامازغا ئۆتە-
كەندە، ھېلىقى خېرىدارلىرى مۆكۈدەك
كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان، ناخشا - مۇزى-
كىلىرى ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەي-
دىغان (ئىلگىرى زۇنۇن ھاجىغا شۇنداق
تۇيۇلاتتى) ئالا - يېشىل دۇكانلارغا بو-
يۇنداپ قاراپ قويىدىغان بولۇپ قالدى.
ئىلگىرى ئۇ بۇ دۇكانلار ئالدىدىن قۇلىقىنى
يوپۇرۇپ گۈس - گۈس دەسسەپ ئۆتۈپ
كېتەتتى؛ مانا ئەمدى ئاشۇ دۇكانلارغا نە-
زەر سالىدىغان، ئۇنىڭغالغۇلاردىن ئاڭلى-
نىۋاتقان جاز مۇزىكىلىق ناخشىلارغا

www.uyghurkitap.com

قولاق يوپۇرمايدىغان بولۇپ قالغاندى.

زۇنۇن ھاجىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە دۇچ كەلگەن دىشۋارچىلىقلىرى ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ، ئۇنى چارە - تەدبىر قىلىشقا تەقەززا قىلاتتى. ئۇ ئاشۇ كۈنلەردە ئۆزى بىلەن ئوبدان كېڭىشىۋالدى، شايى سەللىسىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكتى.

— خوتۇن، مېنىڭدىن ھەيران بولما! — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئايالىغا، — ناۋادا مەندىن كۈپۈرلۈق ئۆتكەن بولسا توۋا قىلسام، ياراتقان ئىگىسى گۇناھىمدىن ساقىت قىلار! كونىلاردا: «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق» دېگەن گەپ بار. خۇدايى كېرەم ئۆزى ئەزىزلەپ بەرگەن جاننى بەندىلىرىنىڭ دىشۋارچىلىقتا قويۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ ئەلۋەتتە. گەرچە خۇدايىتائاللا پانىي ئالەمنى دىشۋارچىلىققا باقىي قىلىپ ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئادەمنى «يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دەپ ئۇنىڭغا ئىختىيارنى ياراق قىلغانىكەن. دېمەكچىمەنكى، ھاياتنىڭ ئىنسان ئارزۇسىغا باقماي، ۋاقىت كېمىسىگە ئولتۇرۇپ رىسقىمىزنى ئېلىپ توختاۋسىز سەپەر قىلىدىغانلىقىنى مەن ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلىمەن. خۇدايى كېرەم ئادەمگە ھەرقېتىم دولقۇنلار ئىچىدە ئەنە شۇ كېمىنى قوغلاپ يەتكەندىلا ئۆز رىسقىنى نېسىپ قىلىدىغان چېغى. خوتۇن، مەن ئەمدى ئۆز يولۇمغا مېڭىپ باقاي دەيمەن...

شۇنىدىن كېيىن زۇنۇن ھاجىنىڭ شايى سەللىسى بىلەن ئۆسكىلەڭ قارا ساقىلىنىڭ كىشىلەر نەزەرىدىن تۇيۇقسىز پىنھان بولۇشى بىر مەھەل سۆز - چۆچەك بولغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، سودىسىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئۇنىڭ سۆزمەن ھەم چەبدەسلىكىنىڭ رېئاللىقتا قايتا ئاپىرىدە بولۇشىدىن تەدرىجىي پەسكويغا چۈشتى.

* *


— ئاڭلىدىلىمۇ ئىمراخۇن؟! زۇنۇن ھاجى تۈنۈگۈن بامداتتىن كېيىن جىنازا بىلەن يوپۇقنى يېڭىلاپ قويايلى، دەپ مەسچىتكە مىڭ سوم ۋەخپە قىلدى، بايا ئاڭلىسام يەنە باللار باغچىسى دەمدۇ، ئىشقىلىپ بىر يەرگە يەنە تۆت مىڭ سوم زاكات قىپتۇمىش! تېخى ئۇنىڭغا بازار بېشىدىن بىر يورۇق يېڭى دۇكاننى ئايرىپ بەرگۈدەك كۆرسىلە!... ھىم مەسچىتكە ئېسىپ قويغان سەللىسىنىڭ چۈكۈنەمىكىگە نېمە دېگۈلۈك توۋا دەيلى، توۋا! ھىم...ھىم... خوش ئەمىسە ئىمراخۇن ئۇكام! ھىم... ھىم... ھىم... — كەكە ساقال مەزىن بىر پارچە گۆشنى قولدا تۇتقىنىچە مۆكچىيىپ ئارقىغا شوخشىدى، كوسا قاسساپ ئۇنى باش لىڭشىتىپ يولغا سېلىۋېتىپ، قولىدىكى دەپتىرىنى بىر تەرەپكە زەردە بىلەن تاشلىدى:

— ساقالنىڭ مېھرىدىن كەچكەنلىكىنىڭ تەكتىگە يېتەلىگىنىڭدۇ سەن — بەزگەك ئامراق. ئىست، ئىست. تەگشەلمىگەن ئالەم - دە!

* *

خەيرىيەت ھېكايىمىزنىڭ قىسقىغىنە بىر قىسمى ئاياغلاشتى. زۇنۇن ھاجى ھازىر مىجەزىنى خۇددى شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ گىرادۇسىدەك تەڭشىۋالدى. ئۇ ھازىر بامدات نامىزىنى ئاۋۋالقىدەكلا مەھەللە مەسچىتىدە ئوقۇيدۇ، جامائەت ۋە ھەقەمسايىلار ئۇنى يەنىلا «ھاجىم» دەپ ئاتىشىدۇ. بىراق ئۇنىڭ خىيالى ھازىر شايى سەللە بىلەن ئۆسكىلەڭ قارا ساقالدىن مۇستەسنا. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ كەكە ساقال مەزىن بىلەن كوسا قاسساپنىڭ شايى سەللە بىلەن ئۆسكىلەڭ قارا ساقالنى ھېلىمۇ ياد ئېتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئوخشاشلا ئۇلارمۇ شايى سەللە بىلەن ئۆسكىلەڭ قارا ساقالنىڭ پەرزىنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە زۇنۇن ھاجىنىڭ خاس ھۇجرىسىدا ساندۇقتا ياتقانلىقىنىمۇ بىلمىسە كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



# ھەسرەت

ئوسمان ھوشۇر

(ھېكايە)

1

بۈگۈن كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىدىكى بۇ مېھماندارچىلىققا يۇقىرىقى مەھەللە، تۆۋەنكى مەھەللىدىكى ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلىشقانىدى. بۇنداق مېھماندارچىلىق ئەترەت باشلىقلىرى ئۈچۈن نەچچە ئايدا بىرەر قېتىم توغرا كېلىپ قالىدىغان ھېسابلىق ئولتۇرۇش بولىدۇ. «كانايچىدىن يەل كەتتى، سۇنايچىدىن تۇ، تۇ، تۇت» دېگەندەك بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا كەنت باشلىقى ئىشارەت قىلىپ قويسىلا ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈۋېرىدۇ. تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەيدىغانلار يەنىلا ئەترەت باشلىقلىرى. ئەمما كەنت باشلىقى بۈگۈن تەييارلىقنى ئۆزى چېپچەپ يۈرۈپ دېگەندەك ئىشلىدى. چۈنكى بۈگۈن بۇ ئۆيدە ئاساسلىق مېھمان بولۇۋاتقان ئادەم يېزا باشلىقى ئىدى. ئەنە، يېزا باشلىقى خۇددى خاقاندەك تۆردە نەچچە قات كۆرپە ئۈستىدە تەكيەگە يۆلەنگىنىچە تاقىر بېشىنى سىلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆپكەن خېمىردەك تومپىيىپ چىققان قورسىقى ئېغىر پۇشۇلدىشى بىلەن ماسلىشىپ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ، ئۇنىڭغا كۆلكىلىك بىر تۈس بەرگەنىدى. ئەلۋەتتە يېزا باشلىقىنىڭ نەزەرىدە بۇمۇ بىر ئالامەت-تە! مۇشۇنداق سورۇنلاردا بۇ تەلەيلىك قورساق يېزا باشلىقى بىلەن بىللە خېلى ئۇزاققىچە مەدھىيىلىنىپ، كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇشقان سورۇنلاردا بەزى ئاچچىق چاقچاقلارغا سوقۇلۇپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ چاقچاقلارنىڭ ۋەزنى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. «كاساپەتلەرنىڭ ئاغزىنى

تىكىۋەتكىلى بولاتتىمۇ؟ بوپتۇ، كۈلۈش-
سۇن! بىرەر قېتىم كۆڭلىنى ئېچىشىۋال-
سۇن» دەيتتى ئۇ. لېكىن، ماۋۇنىڭغا ئوخ-
شاش ئۇششاق سورۇنلاردا ھەرگىزمۇ يول
قويمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قورسىقى ھەققى-
دىكى بەزى كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭلارمۇ
ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئېيتىلاتتى.
ئەنە شۇ تاپتا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ، خۇ-
مارلاشقان كۆزلىرى بىلەن سورۇندىكى
ئاياللارغا زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى.
كەنت باشلىقىنىڭ قولى بىلەن تول-
دۇرۇلغان ھاراق پىيالىلىرى بىرقانچە
قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، سورۇن باش-
قىچە جانلىنىشقا باشلىدى. باياتتىن قورۇ-
نۇپ ئولتۇرغان ئەترەت باشلىقلىرىمۇ
تۆشلىرىنى ئېچىۋېتىپ، تاماكا خالتىلىرىنى
ئېلىپ چېكىشكە باشلىدى. تۇرۇپ - تۇ-
رۇپلا كۆك تاماكىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى دې-
ماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ساھىبخان ئايال-
نىڭ زورلىشى بىلەن «قىزىل» دىن بىرەر-
دىن ئىچكەن ئاياللارمۇ باياتتىنقى تار-
تىنىشلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزئارا
غەيۋەتكە چۈشۈپ كەتتى. ئاياللار ئوتتۇ-
رىسىدا كۆتۈرۈلگەن شوخ كۈلكىلەر ئىخ-
تىيارسىز ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ
تۇراتتى. گاھ بىرلىرى قايسىدۇر بىر ئايال-
نىڭ ئۆزىگە كۆيۈنىدەشلىك قىلىپ ئۆزەڭگە
سوقۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى سۆزلىسە، گاھ بىر-
لىرى ئۆز ئېرىنىڭ قانداقتۇر بىر ئايال
بىلەن چاتاقلىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىشاتتى. ھاراقنىڭ كەيپىدىن-
مىكىن يېزا باشلىقىنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ-
مۇ خۇمارلىشىپ، پات - پاتلا ئاياللار تە-
رەپكە قارايتتى. ھايال ئۆتمەي ساي
مەھەللىدىكى ئەترەت باشلىقى ئىسلام
تۆك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ، خىرىلدىغان
ئۈنى بىلەن ناخشا باشلىدى:

غىلدىر - غىلدىر غىل ياخشى،
تېپىلغىلى مۇز ياخشى.
ئىسكەتتى يوق چوكاندىن،
مايماق بولسىمۇ قىز ياخشى.

ئىسلام تۆكنىڭ ئايالى گۈلئايشەم
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قاشلىرىنى ئېتىپ،
قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوي-
نىۋىدى، سورۇن بۆلەكچىلا جانلىنىپ
كەتتى، ئۆز ئايالىنىڭ ئۇسسۇلىنى تېخىمۇ
ئەۋجىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئىسلام تۆك
گۆرەن تومۇرلىرىنى كۆپۈرۈپ تۇرۇپ
تېخىمۇ بەك چىڭقىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى:

ئۆرۈكۈممۇ ئۆرۈكۈم،
باغدا پىشقان ئۆرۈكۈم.
يارنى بىردەم كۆرمىسەم،
چىدىمايدۇ يۈرۈكۈم.

— بەللى، بەللى قايىنا ئىسلام
ئاخۇن!
— تازا قاملاشقان باللىكەن جۇمۇڭ-
لار، بىرى دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتسا،
بىرى قاس چىقىرىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل
ئوينىسا...
گۈلئايشەم بولسا تولغىنىپ تۇرۇپ
گەپكە قوشۇلدى:
— قاس چىقىرالىغان ئادەم چىقىرا-
لايدۇ جۇمۇڭلار.
— بەللى، بەللى ئىسلام ئاخۇن،
مۇشۇنداق شوخ خوتۇنۇڭ بولسا، كېچىچە
ناخشا ئېيتىپ ھارمايسەن جۇمۇ!
— ھەي ئاغىنىلەر، ھېلىقى پىۋا
دېگەن نەرسىدىن قويۇڭلار ماۋۇ ئىسلامغا.
— نېمە، ئىسلامنى نېمە كۆرۈۋاتتى-
سىلەر ئاغىنىلەر، ئۇ پىۋا ئىچىدىغان ئوغۇل
بالا ئەمەس.
— ئېقىدىن ئىچمىز، ئېقىدىن،—

دېدى ئىسلام توك دۇتارنى توختىتىپ، — پەۋا دېگەننى ماۋۇ خوتۇنلار ئىچمەمدۇ؟

بوتۇلكىدىن بىرقانچىسى بوشىغاندىن كېيىن يېزا باشلىقىنىڭ كۆزلىرىدىمۇ سەل قىزىرىشقا باشلىدى. گۈلئايشەمنىڭ باياتىنقى شوخ ئۇسسۇللىرى، ئۆزى تەرەپكە پات - پات كۆز تاشلاپ قويۇشلىرى ئۇنى خېلىلا قىزىتىپ قويغانىدى. ئەجەب شوخ كاساپەتكىنا، ئىلگىرى نېمىشقا چېلىقتۇرمىغاندىمەن بۇ چوكاننى؟ يېزا باشلىقى نېمىدۇر بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەندەك بولدى - دە، كەنت باشلىقىنىڭ قولىدىكى پەتنۇس ھەم رومكىلارنى ئالدىغا تارتتى. بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتكەن كەنت باشلىقى قۇيۇپ يېرىملىشىپ قالغان «خۇگسەن» ھارىقىنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا پېچەتتى بۇزۇلمىغان ئىلى ئالىي ھارىقىدىن بىرنى قويدى. يېزا باشلىقى ئۆزىنىڭ كالامپاي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سىدام بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ گېلىنى قىرىپ قويدى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى تىزلىنىپ ئولتۇرغان كەنت باشلىقى ھەدەپ دۇتارنى سازلاش بىلەن بولۇۋاتقان ئىسلام توكنى قول ئىشارىتى بىلەن توختىتىپ، — بۈگۈن رەھبىرىمىز قۇشنىزات شاگجاگنىڭ مۇبارەك قەدىمى كەنتىمىزگە يېتىپ، بۇ سورۇنىمىزنى جانلاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ كەنتىمىز ئۈچۈن، ئولتۇرغانلار ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ئىش. شۇ تۇرقىدا ھەممىمىزنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇش بولۇپ كەتتۇق. قانداق دېدىم باللار؟

سورۇن خۇددى كەلگۈن سۇدەك داۋالغۇپ، چايقىلىپ كەتتى:

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، قۇشنىزات شاگجاگنى كالا سويۇپمۇ چىللاپ ئەكېلىپ بولالمايتتۇق.

— خىزىر كەلگەندەك ئىش بولدى دەڭلا مەھەللىمىزگە.

ئۆز ئىناۋىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلىۋاتقان كەنت باشلىقىنىڭ چىرايى سەل قارىداپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دەماللىققا چاندۇرمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق بىر ئەلەم ئۆرتەۋاتقاندەك، يۈرىكىنى نېمىدۇر بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاھ خۇدا، تەلەيىنى نەگە بارسەن دېسە، دوقا ماگلايغا، دېگەندەك مۇشۇ قۇشنىزاتقا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بېشىغىمۇ بەخت قۇشىنى قوندۇرۇپ، بىزدەك بېچارە ئادەملەرنى ماۋۇنىڭدەكلەرنىڭ قولىغا قارىتىپسەن. ياق، ياق ... ھېلىمۇ شۈكرى، خۇدايىم خورازنىڭ تاجىسىدەك بولسىمۇ، بىرەر ئەمەلنى بېرىپسەن ... ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يېزا باشلىقىغا قارىدى. يېزا باشلىقى كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە نېمىدۇر بىر خىيال بىلەن ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

كەنت باشلىقى ھاراقنى يېزا باشلىقى — قۇشنىزاتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى خۇشال. ئەمدى رەھبىرىمىز قۇشنىزات شاگجاگنىڭ قولىدىن بىرەردىن ئىچىشسەك دەيمىنا! — دېدى.

يېزا باشلىقى شېرىن چۈش كۆرۈۋېتىپ چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك

سورۇندىكىلەرگە تەكشى قاراپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ماۋۇ تومپايلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغىنى ئۈچۈن خورلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. ھەي قۇشنىزات، ھەي قۇشنىزات سەن چوڭ - چوڭ سورۇنلاردا ئولتۇرۇشقا لايىق ئادەممۇ؟ قاچانغىچە مۇشۇنداق چالما - كېسەكلەرنىڭ ئارىسىدا لاي - پاتقاققا مىلىنىپ يۈرۈيسەن. خەير، بۇنداقمۇ بولۇۋەرمەس، سېنىڭمۇ كۈنۈڭ تۇغار قۇشنىزات! سورۇن بىر پەسكە جىمىپ، ھەممىسىلا خۇددى قانداقتۇر بىرەر ھېكمەتلىك سۆز چىقىدىغاندەك قۇشنىزاتنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشقانىدى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ پەتنۇستىكى رومكىلارنى بېلىق كۆزى قىلىپ تولدۇرغاندىن كېيىن گېلىنى يەنە قىرىۋېتىپ، — ئەتە يېزىمىز بويىچە نەق مەيدان يىغىنى مۇشۇ كەنتتە ئېچىلماقچى. بۈگۈن بىز مۇشۇ كەنتنىڭ باشلىقى... ئىنىمىز ھوشۇرنىڭ كۆڭلىنى دەپ بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدۇق، ئىچىشنىمۇ توختاتمىساق، ئويناشنىمۇ توختاتمىساق، راسا بىر پەيزى قىلساق دەيمەنا، قېنى خوشە ئەممىسە!

ئۇنىڭ قولىدىكى رومكىغا ئارقا - ئارقىدىن سوقۇشتۇرۇلۇۋاتقان رومكا ئاۋازلىرى خۇددى بىر يېقىملىق مۇزىكىدەك كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ جېنىنى يايرىتىۋەتتى. سورۇنلاردا ھاراق قويۇپ قاقۋاش بولۇپ كەتكەن قۇشنىزات ئۆزى ھاراق سۇنغان ھەربىر ئادەمگە مۇكاپاتى، جازاسى دېگەنگە ئوخشاش باھانە - سەۋەبلەرنى ئارتىپ ئوبدانلا ئىچتۈرۈۋەتتى. يوغان بىر تەگنە پىشۇرۇلغان توخۇمنىڭ داستىخانغا قويۇلۇشى ئىچىشۋازلىقنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىۋەتتى. بىراق قۇشنىزاتنىڭ كۆزلىرى، پىكىر - خىيالى گۈلئايشەمدە ئىدى. پاھ، پاھ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان كاساپەتكىنا بۇ، گۈلئايشەمنىڭمۇ باشقا خوتۇنلار بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ، بويىنىنى قېقىپ پات - پات قۇشنىزات تەرەپكە قاراپ ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ قويۇشلىرى، قاشلىرىنى سوزۇپ كۆز ئويىنىتىشلىرى يېزا باشلىقىنىڭ ئېسىنى ئېلىپ نەپسىنى تېزلەشتۈرۈۋەتتى. شۇ تاپتا گۈلئايشەمنى گۈل قىلىپ چېكىسىگە قىسىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇ قولىدىكى رومكىنى لېۋىگە تەگكۈزگىنىچە رومكىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئەنە، رومكىنىڭ ئىچىدە چىرايلىق بىر ئايال كۈلگىنىچە قاراپ تۇراتتى. ھەي گۈلئايشەم، مەن سېنى مۇشۇ بىر رومكا ھاراق بىلەنلا سۈمۈرۈپ يۇتۇۋەتمەيدىغان بولسام قاراپ تۇر ... ئۇ ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزاققىچە لەۋلىرىنى تامشىيتتى.

بىر بىلەيمۇ يارىنى،
ئىككى بىلەيمۇ يارىنى.
شېشىدە ساندۇق ياساپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ يارىنى.

ئىسلام توگىنىڭ دۇتارى بىلەن ناخشىسى ئەۋجىگە چىقىۋىدى، گۈلئايشەم يەنە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ يېزا باشلىقىنى ئۇسسۇلغا تارتتى. يېزا باشلىقىمۇ خۇددى كېلەڭسىز كۆتەكتەك ئورنىدىن قوزغىلىپ، دەلدەڭشىگىنىچە گۈلئايشەمگە ماسلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ خۇددى مىكىيانغا قانات سۆرىگەن خورازدەك گۈلئايشەمنى بازلاپ ئوينىۋىدى،



ئۆيىنىڭ ئىچىنى چوقان - سۈرەن، قىيا - چىيا كۈلكە ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى.

— ھە، ھە، تاشلاپ، تاشلاپ ...

— يائاللا قۇشنىزات شاكىجاك سويىدىكەنغۇ، ئۇسسۇل دېگەننى.

— ياشىسۇن قۇشنىزات شاكىجاك!

ئىسلام توكىنىڭ ناخشىسى يەنە ئەۋجىگە چىقتى:

ئۇيانغا تاشلاپ ئوينايلى،
بۇيانغا تاشلاپ ئوينايلى.
كۆرەلمىگەن دۈشمەننىڭ
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

ئەگەر ئىسلام توكىنىڭ دۇتارىنىڭ تارىسى ئۈزۈلمىگەن بولسا، قۇشنىزات قاچانغىچە ئۇسسۇل ئويناتتىكىن - تاك! ئۇ تارنى ئوكشاش ئۈچۈن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئىسلام توكىغا نارازى بولغان ھالدا قاراپ قويدى - دە، جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، رومكىنى قولىغا ئالدى.

— قېنى ئىچشەيلى بالىلار، ھوشۇر ئۇكام قېنى سەن؟ ماۋۇ دۇتار چالغان بالىنىڭ ئات - جۇنى نېمىدا؟ ھە — ئىسلام دېدىڭما؟ فامىلىسى ئوبۇل. ئىسلام ئوبۇل بالىكەن. نېمىشقا ئۇنى ئىسلام بۇلبۇل دېمەيسىلەر، ھەي، نېمىشقىمۇ بالىدۇرراق تونۇشمىغاندىمەن بۇ ئىنىمىز بىلەن، خوش ئىسلام بۇلبۇل، بۈگەن سەن بىلەن تۈزۈكرەك ئىچىشۋالمىساق بولمايدۇ، ئىچە، مەن بىلەن ئىچكۈك يوقمۇ - يا؟

— زەھەر بولسىمۇ ئىچىمىز دېسىلە شاكىجاك!

ئىسلام توك ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇشنىزاتنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئىككى قوللاپ ئالدى ۋە نېمىشقىدۇر گۈلئايشەمگە قاراپ قويدى.

— ئايشەمدىن بۇراق ئىچەلەمدۇ ئۇ؟

— بەللى، بەللى، تالادا نەچچە يۈز ئادەمنى باشقۇرغان بىلەن ئۆيدە بىر ئادەمنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان گەپكەندە.

— ئىچكىلا، ھە سايىم نوچى.

— مېنىڭ مۇشۇ ئاشقازىنىم ... — دېدى ئىسلام توك ئايالىغا يېلىنغاندەك قىلىپ.

— ئىچسىلىيا تولا لاۋزىلاشماي.

گۈلئايشەمنىڭ زەھەردەك گەپلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ھەزىل - چاقچاقلىرى بىلەن ئامالسىز قالغان ئىسلام توك قۇشنىزات ۋە ھوشۇرنىڭ قولىدىن نۆۋەتلىشىپ سۇنۇلغان ھاراق بىلەن خېلىلا تەڭشىلىپ قالدى. ھايال ئۆتمەي ئۇ بۇلۇڭغا يۆلەنگىنىچە خارقىراپ ئۇخلاشقا باشلىدى. كىمدۇر بىرى غارقىرىتىپ پەگاغىلا ياندۇرۇۋىدى، ئەسنەپ ئولتۇرغان ئاياللار چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، تۇمشۇقلىرىنى ئېتىشكىنىچە،

ئورنىدىن قوزغىلىشتى. سورۇن شۇنچىلىك داغدۇغا بىلەن باشلانغىنىغا قارىماي، ئۇزىتىدىغانلارمۇ، خوشلىشىدىغانلارمۇ يوق جىممىدىلا تارقىلىشتى.

— ئىسلام بەگ كەيىپ بولۇپ كەتتى، — دېدى يېزا باشلىقى ئىسلام تۆگىنى يۆلەپ قوپۇرماقچى بولۇۋاتقان گۈلئايشەمنى توختىتىپ، — بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قالارسىلەر؟

— ئۇيەي شاڭجاڭ، ئۆينى تارچىلىق قىلىپ قانداق بولىدۇ؟

— مېھماننىڭ يۈزىنى قىلارسىلەر ھېچبولمىسا ئاپپىقىم ...

گۈلئايشەمنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان قۇشنىزات كاپىلا قىلىپ بويىنىغا گىرە سالدى ـ دە، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئىت سۆڭەككە ئېتىلغاندەك ئۇنى يالاپ سۆيۈشكە باشلىدى. گۈلئايشەم بۇنداق سورۇنلارغا خېلى كۆنۈك بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرماستىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى:

— ئۇيەي نېمە قىلىۋاتىلا ... سەتلىشىپ ...

شۇ ئەسنادا ئۆيگە كىرگەن كەنت باشلىقى بۇ ھالنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ، تۆكۈرۈكىنى يۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا بۇ ئىش خۇددى ئىككى ئىتنىڭ بىر پارچە تاپ ئۈستىدە خىرىس قىلىشقىنىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قولىدىكى لوقمىنى قاراپ تۇرۇپ باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇۋاتقاندەك بولۇۋاتقان ھوشۇر ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كەتتى ...

2

ئىسلام تۆگىنىڭ بىردىنلا قومباغ يېزىسىنىڭ سۇ كادىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈشى كەنتتىكلەرنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

— خېلى دىتى بار نېمىكەن جۇمۇڭلار ئۇنىڭ. دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ جىق ئىشلارنى قاملاشتۇرۇپتۇ.

— ئۇنىڭ قولىدا ئونبەش كۆنلۈك تولۇن ئاي تۇرسا، كىمنىڭ كۆزى چۈشمەيدۇ؟

— توۋا، ئۇنداق شەرمەندىچىلىكنى! ئۆزىنىڭ شەرمى ـ ھاياسىنى تېگىشىپ يۈرگەن ئۇنداق كادىرلىقنىڭ ئانىسىنى ملك!

ئالەم قۇلاقلىق دەپ بۇنداق سۆزچۆچەكلەر ئىسلام تۆگىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيمۇ قالمىدى. لېكىن ئۇنىڭغىمۇ ئامال قانچە؟ گۈلگە ئاشىق بولغانىكەن ئۇنىڭ تىكىنىگە چىدىماي نېمە چارە؟ ئەلۋەتتە بۇ گۈلمۇ ئىسلام تۆگىنىڭ قولىغا ئاسانلىقچە كەلمىگەن. شۇڭا ئۇ گۈلئايشەم ئۈچۈن تالاي خورلۇقلارنى تارتقان بولسىمۇ، لېۋىنى چىشلەپ چىداپ كەلگەنىدى.

يۈزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن، ياپىما قاپاق ئىسلامغا بۇنداق چىرايلىق خوتۇن نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز؟ گۈلئايشەم پەقەت ئانىسىنىڭ زورى بىلەنلا ھاماچىسىنىڭ ئوغلى ئىسلامغا ياتلىق بولدى. لېكىن ئۇنىڭ قورسىقىدا بارلىقىنى بىلگەن ئىسلامنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلدى. توي كېچىسىنىڭ شېرىنلىكى قاتتىق جاڭجال بىلەن ئالماشتى. ئىسلام توك ئۇنىڭ مەيدىسىگە مىنىۋېلىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— قورسىقىڭدىكى تومپىيىپ تۇرغان نەرسە نېمە؟ ئېيتە قانجۇق!

نېمىلا دېگەنبىلەن ئايال كىشى نومۇسچان كېلىدۇ ـ دە! قانداقسىگە راست گەپنى دېيەلىسۇن؟ گۈلئايشەم ھەدەپ

ئۆزىنى كۆز يېشىغا زورلاپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، قورسىقىمغا شۇنداق يەل پەيدا بولۇپ قالدى.

— يەل؟ ھۇ رەسۋا قانجۇق! يەل دەۋاتقىنىنى قارا تېخى، ئېيتە، بۇ ھارامدىن بولغانىنىڭ ئاتىسى كىم؟ ئاشناڭ كىم؟ ئېيتە، ھېلى بوغۇزلىۋېتىمەن قانجۇق!

سارىنىڭ چاڭگىلىدىكى چۈجىدەك ئىسلامنىڭ ئاستىدا تىپىرلاۋاتقان گۈلئايشەم ھەدەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ناۋادا ئىسلامنىڭ ئانىسى چىقىپ ئارىلاشمىغان بولسا، بۇ ئىش قانلىق پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان بولاتتى. «باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دېگەندەك، بۇ ئىشنى سىرتقا يېيىشمۇ ناھايىتى بىئەپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام توي قىلىپ يېرىم يىلدىن كېيىن خۇدابەردى ئىسىملىك بىر ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدى. «ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، تۇشقاننى قومۇش» دېگەندەك مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئىسلامنىڭ ئانىسى ئاچچىق يۇتۇپ ئۇزاق ئۆتمەي يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. «ئۆلۈككىمۇ ئۈچ كۈن سۆز» دېگەندەك بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ ئىشلارمۇ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىراق، يەنە يېڭى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئىسلام توگنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى.

تۆت-بەش يىللار ئىلگىرىمىكىن ئەيتاۋۇر ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان ئىسلام ئوتتۇن ئەكىلىش ئۈچۈن مەھەللىگە كەلدى. بۇ، كەچكۈز ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، ئەترەتنىڭ يىغىم-تېرىم ئىشلىرىمۇ خېلى ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەن مەزگىل ئىدى. ئىسلام ئەل ئايىغى بېسىققان ئېغىر ياتقۇ بىلەن ئۆيىگە كەلدى. ئىككى قاناتلىق يوغان دەرۋازا ئىچىدىن ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، باغ ئىشىكى تەرەپتىكى ئىت ئۇزمەي قاۋاپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر دەرۋازا ئۇنىڭغا بىر خىل سۈرلۈك، ياتلىشىپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۈچلۈك سېغىنىش بىلەن تەشۋىش ئىچىدە دۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. ئاھ، گۈلئايشەم، ھازىر شېرىن ئۇيقۇدا ياتقاندۇر. ھەي، ئىسسىق يوتقان، ئۆي، خوتۇن باشقىچە راھەت جۇمۇ. نېمىشكىدۇر تەقەززا بولۇۋاتقان ئىسلام جۈرئەتلىنىپ دەرۋازىنىڭ تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ شاراقشىتتى. ھويلىنىڭ ئىچى گۆردەك تىمتاس بولۇپ، ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىش كۈچىيىپ، يۈرىكىنى قانداقتۇر ئېغىر بىر نەرسە بېسىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىسى بىرقانچە قېتىم شاراقشىغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىچىدىن كىملەرنىڭدۇر گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ، ھايال ئۆتمەي باغ ئىشىكى ئېچىلغاندەك قىلدى. ئىت تېخىمۇ بەك قاۋاپ كەتتى. ئارقىدىنلا باغ ئىشىكى تاقىلىپ، ھويلىدىن گۈلئايشەمنىڭ:

— كىم ئۇ؟ — دېگەن تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ مەن، گۈلئايشەم.

— نېمە، بۇ كېچىدە ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، ھەجەپمۇ قوقاتتىڭيا.

ئىسلام ھويلىغا كىرىپ، دەرۋازىنىڭ ئىلغۇچىدىن ئىلغاندىن كېيىن، گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يالىڭاچ بىلىكىدىن تۇتتى.

— گۈلئايشەم، ئۆزىڭىزنىڭ ئىرىدىنىمۇ شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭىزما؟

— ئوھۇش، ئۆيگە كىرسە بولمامدىغاندۇ سەتلەشكىچە.

گۈلئايشەمنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى غەش بولغان ئىسلام دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان تېخىمۇ كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇ پەگادا تۇرۇپلا ئۆيىنىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. كاڭدا بىر تەكىي بىلەن يوتقان سېلىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئۆتكۈر نەشە ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ھەجەپ ئىشقۇ بۇ، ئۆيدە ئەر كىشى بولمىسا كىم نەشە چېكىدۇ؟

— ئۆيىنىڭ ئىچىدىن نەشىدەك بىر نەرسە پۇرايدىيا خوتۇن؟

— سەيناغا بېسىپ قويغان كەندىرنى كۆرمىدىمىكىن كۆزى، مەڭ مۇشەققەتتە تۇرۇپ، سەيناغا ئەكېلىپ بېسىپ قويدۇم، پۇرىسا شۇ پۇرىغاندۇ.

گۈلئايشەم ئىرەنسىزلىك بىلەن يوتقانغا كىردى - دە، بېشىنى پۈركەپ يېتىۋالدى. بىردىنلا پەردىكى بىرنەچچە تال تاماكا قالدۇقىنى كۆرۈپ قالغان ئىسلام چاچراپ كاڭغا چىققىنىچە گۈلئايشەمنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ سۆرىدى، كۆڭلىكى قايرىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ تېنى ئېچىلىپ قالدى.

— ئېيتە بۇزۇق! ئۆيگە كىم كىردى؟ كىم تاماكا چەكتى؟

— ئاستىراق گەپ قىلسىلىيا، ماۋۇ ئادەمنى، ساراڭ بولۇپ قالغانمىدۇ، بالا ئويغىنىپ كەتمەمدۇ؟

— تۇفى پاسكىنا، بالا دەۋاتقىنىنى ئېخى! سەن بۇ ھارامدىن بولغاننى مېنىڭ پېشانەمگە ئۇندۇرگىنىڭ ئازدەك ئەمدى قىلمىغان بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىۋاتامسەن؟ كىم ئۇ كىرگەن؟

كېچىچە ماجىرالىشىپ چىققان ئىسلام ئەتىسى كەنت باشلىقىنىڭ ئاخشام ئۇنتۇلۇپ قالغان چاپان ۋە مۆھۈرىنى ئېپچىقىپ يۈزلەشتۇردى ۋە مەسىلە ئېنىقلىنىپ، ئۇلار ئاجرىشىدىغانمۇ بولدى. بىراق، ئىسلامنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم ئىدى. ئۇ گۈلئايشەم بىلەن ئاجرىشىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ بار - يوق نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، ئۇنىڭغا ھاياتىنىڭ كېرىكى يوقتەك تۇيۇلدى. نېمە بوپتۇ، «ئازماس ئالىلا» دەپ ئادەم بالىسى دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە، ئىنسانچىلىقتا ئۇنداق ئىشلار دېگەن بولۇپ تۇرىدىغۇ؟ پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغان بىلەن بولامدۇ؟ كۆزۈم ئېچىلىپ ئالغان ئايالىم مۇشۇ. ياق، ياق، خەقلەر قانداق سۆز - چۆچەك قىلىشسا مەيلى، ئاجراشمايمەن، ئۇنىڭغا چىدىمايمەن.

— ئايالىم ئۆزۈمگە ئاق، — دېدى ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاجراشقىلى بارغاندا، — مەن خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ يەڭگىلتەكلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، ئىلتىماسىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىشكەن بولسىلا.

— ئىزا تارتماي دەۋاتقان گېپىنى، — دېدى ھوشۇقى ئالچۇ قوپقان گۈلئايشەم ئىسلامغا چالۋاقاپ تۇرۇپ، — قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتىنى قارىلىسا، يەنە مەن مۇشۇ رەزگى بىلەن ئۆي تۇتىمەنما؟

— نېمە بولدۇ خوتۇن ئەمدى؟ مەندىن ئۆتۈپتۇ. ئالدىڭلىدا ناماقۇل.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئىسلام ياۋاشلىشىپ كەتتى، بىر ھېسابتا ئۇ شۇ ئىش بىلەن ئۆز بەختىنىمۇ تاپتى. مانا ھازىر ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پوتونسۇرۇك بىر كادىرى. ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ بۇنداق ئىشلار

تالاي قېتىم ئۇچرىدىغۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن
ئىسلام ئۆزىچە خېلى نەرسىلەرنى بىلىپ
قېلىۋاتقاندەك، سەۋىيىسى ئېشىپ قېلى-
ۋاتقاندەك ھېس قېلىشقا باشلىدى. شۇڭا
ئۇ ھېلىقىغا ئوخشاش گەپ - سۆزلەرگە
ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەي قولاق يۇپۇ-
رۇپ يۈرۈۋېرەتتى ... «ئىت ھۆرىدۇ، كار-
ۋان يۈرىدۇ» دېگەندەك ئۇنداق تۇترۇق-
سىز گەپلەر نېمىگە ئەرزىيتتى، كۆرەل-
مەسلىكتە، بۇ كۆرەلمەسلىك. قېنى بىگ-
ىسى بولسا ئۇلارمۇ قىلىشىپ باقمامسۇنمۇ؟
شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىسلام
ئۆز ئىشلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان-
دەك بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قېنىپ -
قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىچە كۈ-
لۈپ قويدى.

3

ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئو-
قۇپ قايتقان دادىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈ-
چۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ماڭغان غېنى-
مەت جىگدىلىككە كەلگەندە بىر پەس ئا-
رام ئالماقچى بولۇپ ۋېلىسىپىتتىن چۈش-
تى. جىگدە چېچەكلىرىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى
دالىنى بىر ئالغان بولۇپ، كىشىنىڭ ۋۇجۇ-
دىدا ئاللىقانداق سېزىم پەيدا قىلاتتى.
ھايال ئۆتمەي گۈگۈم يېيىلىپ، ئەتراپ
قاراڭغۇلىششقا باشلىدى. ئاي قاراڭغۇسى
بولمىسىمۇ، ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا، جىگدى-
لىك بۆلەكچىلا سۈرلۈك ۋە جىمجىت ئى-
دى. ئارىلاپ - ئارىلاپ يىراقتىن چېقىلى-
ۋاتقان چاقماق ئەتراپنى غىل - پال
يورۇتۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. پەقەت ساز-
لىق تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان پاقىلارنىڭ
رىتىملىق كۇركىراشلىرىلا كېچىنىڭ جىم-
جىتلىقىنى بۇزۇپ، تىنچسىز كۆڭۈلگە
تەسەللىي ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. غېنىمەت
ئولتۇرۇپ ئانىسىنى خىيال قىلىشقا باشلىدى. ئۇ
ئانىسىنىڭ ھەسرەتتىن ئۆرتەنگەن قىياپە-
تىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئەلەمدىن
ئىچى سىيرىلىپ، كۆڭلى بۇزۇلاتتى. ئۇنىڭ-
غا كىمدۇر بىرىنىڭ ئانىسىنىڭ بەختىنى
تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئازابلاۋاتقاندەك، ئانى-
سىنىڭ ۋىجدانىنى كىملەردۇر خورلاۋات-
قاندەك قىلاتتى. ئاھ خۇدا، بىچارە ئايال-
نى نېمە ئانچە ئازابلايدىغانسەن؟! ئە-
جەبا ئانا بولۇش شۇنچە گۇناھ ئىشمۇ؟
ئۇنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە تەق-
دىردىن ئالغان بەدىلى خورلۇق،
ھەسرەت - نادامەت بولامدۇ؟
غېنىمەت ئويلىغانسېرى كۆڭلى بۇ-
زۇلۇپ، ۋۇجۇدى ئاچچىق ئەلەمدىن ئۆر-
تەندى. ئۇنىڭ سەبىي يۈرىكى تەقدىرنىڭ
رەھىمسىز چاڭگىلىدا مۇجۇلۇۋاتقاندەك
بولۇپ، تومۇرلىرى رىتىمسىز سوقاتتى.
كىملەردىندۇر ئۆچ ئېلىش تەقەززاسى
ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. بىردىنلا يۇقىرى
تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا ئا-
ۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

دەريانىڭ ئۇ يانىدا
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن گۈلنايشەم بالا،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ ...

تونۇش بوغۇق ئاۋازدا ئېيتىلىۋات-
قان بۇ ناخشا بۇك - باراقسان جىگدىلىك-
نىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلات-
تى. شۇ، دادام شۇ! غېنىمەت ئورنىدىن
چاچراپ تۇرۇپ، ئالدىغا ئىككى قەدەم
ماڭدى - دە، تۇيۇقسىز جايىدا توختاپ
قالدى. ۋۇي، نېمە ئىش بۇ؟ غېنىمەت
چاقماق يورۇقىدا بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ



جىگدىلىكتىن چىقىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دادىسىغا ئۆزىنى تاشلىغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئىككى گەۋدە بىر پەس ئۈنسىز قۇچاقلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، غېنىمەتنىڭ يۇقىرىراق تەرىپىدىن ئۆتۈپ، قۇرۇق جىگدىلىككە كىرىپ كەتتى. شۇمىدۇ دەيتتى ھاياجاندىن تىترەپ كېتىۋاتقان غېنىمەت ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ياق، ياق، بۇ مېنىڭ دادام بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— ئۇيەي، ئاستىراق، بېشىڭنى يەيدىغان، خويما سېغىندۇردىغۇ كىشىنى ...

— ئاۋازىڭنى چىقارما ئامىرىقىم، ھە راست، مېنىڭ كېلىدىغىنىمنى قانداق بىلدىڭ؟

— پال سالدىم، ئۇيەي ئاستا دەۋاتىمەن ئەسكى!

— ئوھ، گۈلئايشەم قۇرغۇيۇم، كۆزلىرىڭدىن ئۇچۇپ كەتتىڭمۇ سەن؟

— كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئۇنداق ئالدىمىسىلا، ئانچىكىم بولسا ئاغزىڭنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويۇپ...

— يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرەمسەن ئەمىسە، بۇ تاپتا مېنى كۆيۈپ ئۆلسۇن دەيدىغان ئوخشايسەن - ھە؟

— راستىنلا كۆيگەن بولساڭلا، شۇنچە ئۇزاق تاشلاپ كېتەمتىڭلە؟

غېنىمەتنىڭ بېشىغا بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك سوغۇق تەر بېسىپ، پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى. كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلىپ، چېكە تومۇرلىرى لوقۇلداپ، ۋۇجۇدى ئاچچىق ئىستىرەك بىلەن تولغانماقتا ئىدى. قولاقلىرى غوڭۇلداپ، قەلبىنى بىر خىل يىرگىنىشلىك تۇيغۇ چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئايال كىشىنىڭ ئەركىلەشلىرى بۆلىۋەتتى.

— قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرۈيمىز قۇشنىزات شاڭجاڭ، سەت بولىدىكەن، مەنمۇ زېرىكتىم بۇنداق تۇرمۇشتىن.

— نېمە، مەندىن زېرىكىپ كەتتىڭما؟ ئاشۇ گەپ ئاغزىڭدىن قانداق چىقتى گۈلئايشەم، مەن سېنى دەپ ئېرىڭ ئىسلامنى يېزىغا كادىر قىلىپ ئۆستۈردۈم، بۇنىڭغا ئاز ھەرەج تارتتىممۇ؟

— ئوھۇش، قويسىلىيا ئۇنداق لامزەللىنى، سىلى شۇنداق قىلىپ مېنىڭ بېشىمغا چىقىرىپ قوياي دەۋاتىمدىلا ئۇنى، ۋاي ئاستىراق، بېشىڭنى يەيدىغان ئوغرى، ئۆزلىرى ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتىمىز دېگەن ئەمەسمۇ؟

— نېمانچە ئالدىرايسەن گۈلۈم، ئازراق چىداپ تۇرمامسەن ئەمدى؟

— ياق، ياق، مەن چىدىمىدىم، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن ئاۋۇ ئىسلام دېگەن نان يېمەسنى، يا بولمىسا سانىيە دېگەن ئۆلۈمتۈكىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپىلا ئاندىن كۆرگۈلۈكىمنى كۆرىمەن. بۇ نېمە تارتقۇلۇق ماڭا ھە؟ نېمە كۈن!

— چىدامىلىقىراق بول گۈلئايشەم جېنىم، سانىيەنىڭمۇ بۈگۈن - ئەتىلىكىلا قالغان ئايال، ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلما.

— نېمە راھەت كۆرسەتتىلە ماڭا ھە، نېمە راھەت كۆرۈپ كەتتىم؟ سىلىنى دەپلا مەن ئەل - مەھەللە ئارىسىدا شەرمىساز بولۇۋاتمەنغۇ؟

غېنىمەتنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا تاقىتى قالمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسى بىلەن گۈلئايشەمنىڭ شەرمەندىلىكلىرىنىڭ بىردىنبىر شاھىدى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ئۇنى ئازابلايتتى. غېنىمەت ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

—ھۇ رەسۋا بۇزۇقلار! شەرمەندىلەر!

خۇددى بومبا پارتلىغاندەك تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ، چاچراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشكەن قوشنىزات بىلەن گۈلئايشەم بىر پەس گاڭگىراپ تۇرۇشقاندىن كېيىن، جىگدىلىكىنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. قارا بۇلۇتلار تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، خۇددى ئاسمان يېرىلىپ كەتكەندەك ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىشقا باشلىدى.

دەھشەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك گاڭگىراپ قالغان غېنىمەت ۋېلىسىپىتنى ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، مۈدۈرۈپ تېيىلىپ چوڭ يولغا چىقتى. ئۇ ئۆزىنى چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان يېگانە ئادەمدەك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاچچىق كۆز ياشلىرى شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيىگە قوشۇلۇپ قۇيۇلماقتا. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يامغۇرلۇق ئاسمانغا تەلمۈرگىنىچە ئۈنلۈك نىدا قىلىشقا باشلىدى:

— ئاھ، خۇدا، مېنى نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق رەزىل ئادەمدىن ئاپىرىدە قىلغان بولغىيتتىڭ؟ ياكى مۇشۇنداق رەزىللىك، بۇزۇقچىلىقلارنى كۆرمەس قىلىپلا ياراتساڭ بولمامدۇ؟ نېمىشقا بۇنداق ياۋۇزلۇق، شەرمەندە - ئىپلاسلىقلارنىڭ ئۈستىگە چاقماق تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتمەيدىغانسەن؟ ئاھ، بىچارە ئاپام! سەن مۇشۇنداق ئىپلاسلىق ۋە بۇزۇقچىلىقلارنىڭ قۇربانى بولغاچقا، ئىچىڭگە دەرد - ئەلەم تولۇپ كېسەل بولۇپ كېتىپتىكەنسەن - دە، ھەي... ئاھ خۇدا، بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى نېمىشقا ئۇنداق كاج ياراتقانسەن؟ بەختىمىزنى نېمە ئانچە قارا قىلغانسەن؟ ئەمدى مەن بۇنداق بىۋاپا، قارا يۈز دادا بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ بەدبەشىرە چىرايىنى كۆرگۈم، ئاۋازىنى ئاڭلىغۇم، ئۇنىڭ ئىپلاس ئايىغىنىڭ پاك بوسۇغىمىزنى بۇلغاۋاتقانلىقىنى كۆرگۈم يوق، ئاھ شۇم تەقدىر! خەير خوش ئانا! خەير خوش ئۇكىلىرىم! خەير خوش يېزام!

غېنىمەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياتقان يېزىسىغا قىياسلىق نەزەرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم قاراپ قويدى. ئەلەملىك ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ شەھەر تەرەپكە ماڭدى. جىمجىت قاراڭغۇلۇق بىر پەستىلا بۇ گەۋدىنى ئۆز قوينىغا ئالدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

4

غېنىمەتنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكى سانىيەنىڭ كېسەللىكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇۋەتتى. بىچارە ئانا غېنىمەتنى ئۆزىنىڭ خىرەلىشىپ كېتىۋاتقان ھايات يولىدىكى چىراغ، جاراھەتلەنگەن قەلبى ئۈچۈن مەلھەم دەپ بىلەتتى. قالغانلىرى ئۇششاق، قۇشنىزاتنىڭ ئائىلىگە، بالىلارغا كۆيۈمى يوق، ئۆزىنىڭ ھالى مۇنداق تۇرسا، قۇشنىزات بۇرۇنلاردا ئۇنچىۋالا ئەمەستەك قىلغانىغۇ؟ ياكى ئەمەل - مەنسەپ دېگەن ئادەملەرنى شۇنداق يولدىن چىقىرىپ ئازدۇرامدىغاندۇ؟ يا بولمىسا مەن ... سانىيە كىرلىشىپ كەتكەن كىچىك ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ ئۆز چىرايىغا قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى. ئۇزۇندىن بۇيان تارغاق كۆرمەي چىگىشلىشىپ، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلار، كېسەل چىقىپ يادىتىۋەتكەن تاتىراڭغۇ چىراي، نۇرى ئۆچەي دەپ قالغان كۆزلەر ئۇنى ئۆزىمۇ تونۇمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەندى. ئۇ ئەينەكنى ئاستا يېنىغا ئېلىپ قويۇپ، تامغا ئېسىپ قويۇلغان رامكىدىكى سۈرەتلەرگە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

قېنى ئۇ قىزىلگۈلدەك چىرايلار، قېنى ئۇ بۇلاقتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلەر، قۇندۇزدەك چاچلار؟ ئۇ ھالسىزلىنىپ ئاستا بېشىنى ياستۇققا قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاچچىق ئەلەم قىيىنماقتا ئىدى. قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق سايە ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇشنىزات، ئائىلە ۋە بالىلار ئۈچۈن بەخشەندە قىلغان بۇ ئايال ئۆزى ئېرىشكەن بۇ بەدەلدىن بىر خىل خورلۇق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەمەل تۇتقانلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى راھەت كۆرىدۇ دېگەننى قېنى؟ قۇرۇپ كەتكىن ئۇنداق ئەمەلنىڭ ئېتى! ئۇ ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى - دە، ياستۇقنى تۈزەشتۈرۈپ، ئاستا ئىڭغىيىپ ياتتى. ئۇششاق بالىلار تالاغا ئويۇنغىلى چىقىپ كېتىشكەن، غۇيۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىن ۋە ھەرىلەر ئۆيلىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. سانىيە ئۆيلىدىكى كارىۋاتتا ياتقىنىچە پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىغا تويماسلىق نەزەرى بىلەن قارىدى. ئەتىكى قۇياش نۇرىنى كۆرەلەرمەنمۇ؟ ئەتە قانداق كۈن بولار؟ غېنىمەت، ئۈمىد چىرىغىم، جىگىرىم، نەلەردە يۈرۈيدىغانسەن؟ سېنى يەنە كۆرۈشكە نېسىپ بولارمۇ بالام.

دەرۋازىنىڭ قوپاللىق بىلەن ئېچىلىشى سانىيەنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى ئارانلا سۈرتۈپ ئۈلگۈرگەن سانىيە ئىشىكتىن دەلدەڭشىپ كىرىپ كېلىۋاتقان قۇشنىزاتقا قارىدى.

— ھە، تېخىچە ياتتىڭلىمۇ؟ — دېدى بىر ئىزدا تۇرالمايۋاتقان قۇشنىزات تىلىنى چايناپ دۇدۇقلاپ، — ئۆيدە خوتۇن يوقمىكىن دېسە باردەك، ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەلسە قورساققا يېگۈدەك تۈزۈك نەرسىنىڭ تايىنى بولمىسا، يا كىشىنىڭ ھالىغا يەتكۈدەك ئادەم بولمىسا، مۇشۇمۇ ئۆي بولدىمۇ؟ بەئەينى تىرىك گۆرنىڭ ئۆزىغۇ بۇ!

ئارانلا ئۆز ھالى بىلەن ياتقان

سانىيەگە بۇ گەپ خۇددى يۈرىكىگە پەچاق سانجىلغاندەك بولۇپ تويۇلدى. ئۇ جەينىكىگە تايانغىنىچە يېرىم ئولتۇردى.

— ئۆيگە كېلە - كەلمەيلا نېمانچە قايىنايلا؟ قانداق تۇرۇۋاتىسەن، ھالىڭ نېچۈك دېمەكتە يوق...

— مېنى دېسەڭ ئۆل، جېنىمغا تۆرەلگەن ئىنجىماروق، يا ئۆلمەي، يا تىرىلمەي ئەجەبمۇ قىينىدىڭغۇ ئادەمنى!

— ھەي، نائەھلى، ساق چاغدا خوتۇن قىلىپ، ئەمدى مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغىنىمدا ئاشۇنداق قىيناپ ئۆلتۇرەي دەۋاتامسەن؟ مەن بۇ گۆرنى، بالىلارنى دەپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالمىدىممۇ - ھە؟ سەن ئۇنداق ئاسان قۇتۇلمەن دەپ ئويلىما، ئۆتنە ئالەم بۇ، خۇدا ساڭمۇ كۆرسىتىپ قويار!

ئۇنىڭ ئاغزىغا نېمىدۇر بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك سۆزلىيەلمەي دېمى بوغۇلدى. غەزەپتىن پۈتۈن بەدىنى كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كۈچەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ باقتى - يۇ، بىردىنلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ھوشىدىن كەتتى. ياندۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان قۇشنىزات ئايالىنىڭ بۇ ھالىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى، چۈنكى، سانىيە ئىلگىرىمۇ بىرقانچە قېتىم مۇشۇنداق ھوشىدىن كېتىپ ئوڭشىلىپ قالغانىدى. يا ئۆلسە ئۆلۈپلا تۈگەشمىدى بۇ خوتۇن، ئۆزىمىغۇ بەك قىينىلىپ كەتتى بىچارە! دەپ پىچىرلىدى قۇشنىزات ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ ئالدىرىماي بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئادىتى بويىچە بىر قاچىغا سوغۇق سۇ ئېلىپ كەلدى - دە، سانىيەنىڭ يۈزىگە پۈركۈدى.

— سانىيەم، قوپۇڭلا، ئادەمنى نېمانچە قورقۇتىغاندۇ؟

بىراق، سانىيەم ھوشىغا كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قۇشنىزات بىردىنلا سەگەكلەشكەندەك بولۇپ يۈگۈرگىنىچە قوشنىسى ساۋۇت دوختۇرنى چاقىرىپ كىردى. ساۋۇت دوختۇر كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتتى. كۆزىنى قايرىپ ئېچىپ قارىچۇقلىرىغا قارىدى، ئالقىنىنى كېسەلنىڭ ئاغزىغا تۇتۇپ باقتى.

— تىنىقى بار ئىكەن، ئەمما يۈرەك ھەرىكىتى بوشاپ كېتىپتۇ، — دېدى ساۋۇت دوختۇر ئۈمىدسىز ھالدا بېشىنى چايقاپ، — ئەستا، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ باقساق قانداق بولار، ئەسلىدىغۇ بۇنداق كېسەلنى جايىدىن قوزغىسا ئوبدان بولمايتتى، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟

— ئەھۋالى بوشمۇ، — دېدى قۇشنىزات تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن. ئۇنىڭ مەستلىكىمۇ تارقاپ، قانداقتۇر بىر قارا كۆلەڭگە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غىل - پال ئۆتكەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ باستى. ئەنە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆيىنى، بالىلىرىنى ساقلاپ كەلگەن بىر قارانچۇق يوقىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ قارانچۇق تۈگەپ كەتسە، ئۆيىدىن، بالىلاردىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ بىر ھېسابتا قۇشنىزاتنىڭ سانىيەنى قارانچۇق ھېسابلاۋاتقانلىقى ئورۇنسىزمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت قۇشنىزات يېزا باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈگەشكە باشلىغانىدى. قۇشنىزات گۈلئايشەمدىن ئىلگىرىمۇ سانىيەنى قويۇپ بېرىشنى ئويلىغانىدى. ھەر ھالدا بۇ ئىشقا ۋىجدانى چىدىمىدىمۇ ياكى ئەل - مەھەللىنىڭ

www.uyghurkitap.com



تاپا-تەنە، سۆز-چۆچەكلەردىن قورقىتىمۇ ئىش قىلىپ بۇ خىيالىدىن يالتايغان بولىسىمۇ، سانىيەنىڭ ۋۇجۇدى شۇنىڭدىن باشلاپ ئاستا-ئاستا مۇزلاشقا باشلىغانىدى. بۇنى قۇشنىزات ئۆزىچە سانىيەنى ئاسرىغانلىق، سانىيەگە كۆيۈنگەنلىك دەپ قارايتتى.

— ياق، ياق، — دېدى خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرگەن قۇشنىزات سەگەكلىشىپ، — سانىيەم بولمىسا بولمايدۇ، ئۇ بولمىسا مەن ئۇششاق باللار بىلەن قانداق قىلىمەن؟ يۈرۈك ساۋۇت، ئىككىمىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن دوختۇر ئەكېلەيلى، ئايالىمىز كېسەلنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغاي، بولۇڭ...

كېچە قاراڭغۇلۇقىدا بىر كىچىك ماشىنا توپىلىق يولدا چاڭ چىقىرىپ ناھىيە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

5

«بىرى ئۆلمىگۇچە، بىرى كۈن كۆرمەپتۇ» دېگەندەك، سانىيەنىڭ ئۆلۈمى گۈلئايشەمنى بىر تەرەپتىن خۇشال قىلسا، بىر تەرەپتىن ئازراق تەشۋىشكە سېلىپمۇ قويدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ پاجىئەنىڭ بىر سەۋەبكارىدەك خۇدۇكسىنىپ، بىئارام بولاتتى، يەنە تۇرۇپلا ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ قوياتتى، نېمىگە ئەنسىرەيتتىڭ گۈلئايشەم، سەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويمىغاندىكىن خەقنى، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ شورىغۇ، ئۇ ھازا ئىشلىرى ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەن ئىسلامنى كۆرگەندە ھەم ئۇنىڭدىن يىرگەندى، ھەم ئىچىدە كۈلۈپ، ئۇنى مەسخىرە قىلدى. ھەي، لامزەللە، گۆشباش، سەن خەقنىڭ ھازىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن چېپىۋاتىسەن. بىر ھېسابتا بۇمۇ ئوبدان بولىدىغان بولدى. ھەر ئىككىمىز ئۆز تىلەكلىرىمىزگە يېتىدىغان بولدۇق. سەن مەن ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىسەن. لېكىن ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلمايۋاتىسەن. سەن ئۇنى ھېس قىلىپمۇ يېتەلمەيسەن-دە. لېكىن مەنچۇ؟ مەن نېمىگە ئېرىشتىم؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇنى مەن پەقەت ساڭا بولغان ئۆچمەنلىكىم، كۆڭۈلسىزلىكىم تۈپەيلىدىنلا قىلىۋاتىمەنغۇ، سەن بىلمەيسەن ئىسلام، مەن سەندىن، شۇنداقلا ئۆز تەقدىرىمدىن ئۆچ ئېلىۋاتىمەن. ئەگەر مېنىڭ سۆيگىنىم ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتمىگەن بولسا، سەندەك كومشاغا ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان گۈلئايشەم نەدە تۇرسۇن؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا سەن بىلەن توي قىلدىم. بۇ مەن ئۈچۈن بەردىبەر، چۈنكى مەن ئۆزۈمنى ئاللىقاچان باشقىلارغا ئاتاپ بولغان. سەن مېنىڭ تېنىمگە ئېرىشكىنىڭ بىلەن ھەقىقىي مۇھەببىتىمگە ئېرىشەلمىدىڭ.

ئاياللارنىڭ ۋە باللارنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى گۈلئايشەمنىڭ ئۇزۇن خىياللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. سانىيە ئۈچۈن ئېيتىلغان ھازا ناخشىلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق بولۇپ سانجىلغاندەك كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى بۇ سورۇندىكى بىر گۇناھكاردەك، ھەممە ئادەملەر ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك، ئاياللار كۇسۇرلىشىپ، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. قانداقتۇر

بىر سايە ئۆز بېشىدا ئەگىپ يۈرۈۋاتقاندەك تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئەمەلدار خەق دېگەن شۇ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ، بىر كۈنلەردە مېنىمۇ...

ئۇ داۋاملىق ئويلاۋېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللارنى كۆڭلىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن غىپپىدىلا چىقىپ كەتتى. بىراق، يىغا ئاۋازلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە كېلىۋاتقاندەك، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— ئاۋۇ يەردە ئۆلۈم بولۇۋاتسا، ئەيىنەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزۈڭلىنى تۈزەپ پەرداز قىلىۋاتقىنىڭلار قىزىققۇ خوتۇن!

— ئوھۇش، خويما قورقاتتىيا ئادەمنى، — دېدى چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىغان گۈلئايشەم ئىسلام توڭغا ئالىيىپ، — ئۆلسە خەق ئۆلۈپتۇ، سېنىڭ ئىگىچە-ئاچاڭ بولمىغاندىكىن، مېنىڭ پەرداز قىلىشىم بىلەن نېمە ئىشىڭ ھەي گېپىنى تاپالمىغان لاۋزا!

— ئەجەبمۇ ئاچچىقىڭلا يامان بولۇپ كېتىپ بارىدۇيا خوتۇن، قۇشنىزات شاڭجاڭنىڭ سايىسىدە بۇنچىلىك كۈن كۆرۈۋاتىمىز. ئۇ ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ ھازا ئۈستىدە تۇرۇۋاتسا، ئۆيدىن چىقماي جىم تۇرۇۋالساق يۈزىمىزگە سەت بولارمىكىن دەيمەنا!

— راھەت كۆرسەڭ سەن كۆرۈپسەن، مەن نېمە راھەت كۆرۈپ كېتىپتىمەن. كىم سېنى ئۆيگە كىردۈال دەپتۇ. چىقىپ ھازىسىنى ئاچمامسەن خاناچاڭنىڭ، يۈزىمىزگە سەت بولارمىكىن دەپ كەتكىنىنى تېخى، قانچىلىك يۈزۈڭ بار ئىدى سېنىڭ؟!

تولۇمدىن تۇقماق چىققاندەك ئېيتىلغان بۇ گەپ ئىسلامنىڭ تازا زەردىسىنى قايناتتى. خېلىدىن بېرى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتقان ئىسلام مۇشۇنداق بىر باھانىنى تاپالماي يۈرەتتى. بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولغان بولسا ئۇ بەك ئېغىر ئېلىپ كەتمىگەن بولاتتى. لېكىن بۈگۈن بىراقلا يېرىلىپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى.

— پەقەتلا راھەت كۆرمىدىڭ؟ قۇشنىزات شاڭجاڭنىڭ راھىتىنى كىم كۆرۈۋاتىدۇ؟ ساڭا نېمە يوغانلىق! ئەجەب چوڭچىلىق قىلىسىنا ماڭا! سەن مېنى تېخى ئۆزۈڭچە ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭما؟

ئىسلام ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، كاپلا قىلىپ گۈلئايشەمنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، خالىغان يېرىگە ئۇرۇپ-تېپىشكە، تىللاشقا باشلىدى.

ئىسلامنىڭ بۇنچىلىك تاياق ۋە تىل-ئاھانىتىنى كۆرۈپ باقمىغان گۈلئايشەم بۇ ئىشتىن بەكلا خورلۇق ھېس قىلدى.

— ئۇرە نائەھلى! ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت. سەن مېنىڭ بەدىلىمگە شۇنداق راھەت كۆرۈپ يۈز-ئابرويلۇق بولغىنىڭنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتامسەن؟ ئۆلتۈرۈۋەت، تويدۇم بۇنداق جاندىن بۈگۈن.

غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەۋاتقان ئىسلام چىداپ تۇرالماستىن يېنىدىن پىچىقىنى چىقاردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلغانىدى.

ئىسلامنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن گۈلئايشەم قورقۇپ چىرقىراپ كەتتى.

— ۋاي ئادەم ئۆلدى! قۇتقۇلدۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇگلار! ئادەم بارمۇ؟

ئېرۇۋىلىرى ئەسەبىيلەشكەن ئىسلام ئۆزىگە خورلۇق كەلتۈرگەن بۇ خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز نامىغا چۈشكەن داغنى بىراقلا يۇيۇۋەتمەكچى بولغاندەك پىچاقنى ئېگىز كۆتۈردى. لېكىن ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولى خۇددى سېھىرلەپ قويۇلغاندەك ھاۋادا توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئىسلامغا خۇددى بىر ئىلاھ خىتاب قىلغاندەك بولدى. توختا، ساراڭ بولدۇڭمۇ ئىسلام، ئۆزۈڭ دەسسەپ يۇقىرىغا يامىشىۋاتقان بۇ شوتىنى ئۆرۈپ سۇندۇرۇۋەتسەڭ ئۆزۈڭمۇ پەسكە دولاق ئاتمامسەن؟ خوتۇن كىشى دېگەننىڭ ئاغزىدىن نېمىلەر چىقمايدۇ، ئۆزۈڭنى مۇشۇ ئەقىلسىزگە تەڭ قىلىپ، پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغان بىلەن بولمايدۇ، يان پەيلىڭدىن...

ئۇ خۇددى مەستخۇش ئادەمدەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قورقۇپ دوشمنى يوقىتايلا دەپ قالغان گۇلئايشەمنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئۆۋچىدىن قۇتۇلۇپ قالغان توشقاندەك شۈمشىيىپ قالغانىدى.

— ئۆلتۈرۈپلا تۈگەششەك بولمامدۇ مەندەك ئەسكى خوتۇندىن، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن.

ئالدىرىماي تۇر، دېدى ئىچىدە ئىسلام ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

6

ئاپرېل ئايلىرى كىرىش بىلەن چېچەك-چوكانلار ئېچىلىپ ئېتىز-قىرلار، باغ-ۋارانلار يېشىل توسكە كىردى، ئېرىق بويلىرىدىن ياپۇزنىڭ خۇش بۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. قىشتىن يېرى تام مەشىنىڭ يېنىدا يېتىپ زېرىكىپ كەتكەن قۇشنىزات ئېتىزلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان قۇشچى ناخشىلىرى بىلەن تېنىگە ماغدۇر تاپقاندەك بولۇپ، باغنىڭ ئايىغىدىكى تېرىلغۇ يېرىگە چىقتى. كېسەل بىلەن چېقىلىپ كەتكەچكىمكىن، ئۇنىڭ بويۇن ۋە ئېڭەكلىرىدىكى گۆشلىرىمۇ يوقاپ، يۈزلىرى خالتىدەك بوشاپ ساڭگىلاپ قالغان، كۆزلىرىمۇ خېلىلا ئولتۇرۇشقان، پەقەت قاپقارا قويۇق قاشلىرى بىلەن ساقال-بۇرۇتىلا ئۆز ئىسكەتىنى ساقلاپ قالغانىدى. يول بويىدىكى قاتار سۆگەتلەرگە قونۇۋالغان قارا قۇشقاچ ۋە جىگدىچۈكىلەرنىڭ تىنىمسىز سايراشلىرى ۋە ئاردىلاپ-ئاردىلاپ ھۆپۈپنىڭ يېقىمسىز كوسۇلداشلىرىغا، تال چىۋىقتىن تۇپەك ياساپ چېلىشىپ ئوينىشىۋاتقان، ئېتىز قىرلىرىدا چۇرقىرىشىپ يۈرۈپ بىردە كۆكى تېرىشىۋاتقان بالىلارغا قاراپ قۇشنىزاتنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ، ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئادەمنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى نېمە دېگەن تىنچ ۋە غەمسىز چاغلاردۇر.. ھە؟ بۇ ئالەم ئىنسانغا باقىۋەندە بولمىغاندەك ياشلىق، قىرانلىق، ئەمەل، مەنسەپ، ئاشنا دېگەنلەرمۇ ئادەمگە باقىۋەندە بولمايدىكەن. قېنى ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ۋاي قۇشنىزات شاڭجاڭ دەپ ئەتراپىڭدا خۇددى پەرۋانىدەك ئەگىپ كەتمەيدىغانلار؟ كەشىڭ مايماق بولۇشى بىلەنلا ھەممىسىلا يۈز ئۆرىدى. ھەتتا سالاملىشىپ قويۇشقىمۇ رايى يوق. سېنى كۆرسە خۇددى بۆرە كۆرگەندەك قېچىشىدۇ. مانا مەن كېسەل تارتىپ ياتقىلى بىر يىل بولاي دەپ قالدى. قېنى كىم يوقلاپ كەلدى؟ بەخت-تەلىيىڭ تېپچۇدى

هەممىسى يۈز ئۆرۈشتىغۇ! ۋاقتى كەلگەندە
هەممىسى ... هەي ...

سانىيەنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ ئانچە
ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قۇشنىزات كونا هۇند-
رىنى يەنە تېپىۋالدى. ئۇنىڭ گۈلئايشەم
بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرى تېخىمۇ
كۆپەيدى. بەزىدە هېچ تەپتارتماستىنلا
گۈلئايشەمنى باللارنىڭ كۆزىچىلا ئۆيگە
باشلاپ ئەكىلىپ قوندۇرۇپ قالدى. بۇ
ئىش خېلى ئاشكارا بولۇپ قالغان بول-
سىمۇ، ئەمدى ئۇلارغا كاشىلا بولىدىغان
سانىيە يوق. باللار ئۇششاق، ئىسلام
بولسا ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە. ئۇنىڭغا
ئات ـ جۇن بولۇپ سىڭىپ كەتكەن يېڭى
لەقەملەرگىمۇ ئۇ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەت-
مەيدۇ. دېسە دېيىشۋەرمەمدۇ، ئۆزىنىڭ
ئاغزى، بىر كۈنلەردە كۆرۈپ قالدۇ تېخى
ئىسلامنىڭ كارامىتىنى، دەيتتى ئىسلام
ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، شۇڭا
ئۇ گۈلئايشەمنىڭ بارغان، تۇرغىنى بىلەن
ئانچە هېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان بولۇپ
قالدى. لېكىن يەنىلا قۇشنىزاتنىڭ يانتا-
يىقى بولۇپ، سورۇنلارنى ئۆز دۇتارى
بىلەن قىزىتىپ تۇراتتى. سانىيە كۆز
يۇمغاندىن كېيىن قۇشنىزاتنىڭ ئۆيىدە
بەزمە، مەشرەپ دېگەن كۈن ئاتلىماي
بولۇپ تۇردى، ئەلۋەتتە بۇنداق هېسابلىق
ئولتۇرۇشلاردا ئۇنىڭ مېهمانلىرىنىڭ كۆپىن-
چىسى ئابرۇيلۇق ئادەملەر، هەتتا بەزى
سورۇنلارغا هاكىملارمۇ داخىل بولۇپ
تۇراتتى.

ئاشۇ كۈنكى ئىش قۇشنىزاتنىڭ
ئېنىق ئېسىدە. شۇ كۈنكى زىياپەتكە ناهى-
يىنىڭ هاكىمى مۇزەپپەرمۇ چاقىرىلغان
بولۇپ، ئولتۇرۇش باشقىچىلا قىزىپ
كەتكەن، گۈلئايشەممۇ مۇشۇ سورۇننىڭ
بىر گۈلى بولۇپ، ئەركەكلەرنىڭ كۆزلى-
رىدىن ئوت چىقىرىپ يۈرەتتى. ئاگىرىكى
بىرقانچە سورۇنلاردىلا مۇزەپپەر هاكىمنىڭ
نەزەرى گۈلئايشەمگە چۈشۈپ قالغانىدى.
گۈلئايشەممۇ ئەتەي مۇزەپپەر هاكىمنى
ئۇسسۇلغا تارتىپ، ئۆزىنى كوز ـ كوز قى-
لىپ، قۇشنىزاتنىڭ كۈندەشلىكىنى قوزغاپ
قويدى. لېكىن نېمە ئامال دەيسىز؟
ئاچچىقىنى هاراقتىن چىقىرىۋاتقان قۇشنىزات
بۇ كۈنى خېلى تەڭشىلىپ قالدى. ئىزنىڭ
كەيپى كۆتۈرۈلگەنسېرى قىزىشىپ، كۆز-
لىرىگە قىزىللىق تەقلىشقا باشلىدى.
شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى سەگەك تۇتۇشقا
تىرىشاتتى. سورۇن تازا قىزىپ، ئىسلام-
نىڭ دۇتارى ئەۋجىگە چىققاندا، گۈلئاي-
شەم غىپپىدىلا تالاغا چىقىپ كېتىۋىدى،
هايال ئۆتمەيلا هاكىممۇ تالاغا ماڭدى.
قۇشنىزاتنىڭ يۈرىكىنى خۇددى مۇشۇك
تاتىلىغاندەك ئولتۇرالماي قالدى. شۇ تاپتا
ئۇ ئولجىنى تارتتۇرۇپ قويۇپ قۇرۇق قول
قالغان ئۇۋچىدەك تىتىلدايتتى، ئاخىرى
ئۇمۇ ئولتۇرالماي تالاغا چىقتى. تالادا
يا گۈلئايشەم، يا هاكىم كۆرۈنمەيتتى.
كۆڭلى نېمىدۇر بىر ئىشنى تۇيغان قۇش-
نىزات تاپان بېسىپ دېگەندەك ئىسلام-
نىڭ ئۆيىگە كەلدى. دېرىزىنىڭ ئىشكى
ئوچۇق، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ. ئۆيدىن
يېڭىرۇپ چىققان بىر مۈشۈك سەت ئاۋاز
بىلەن مىياڭلاپ، قۇشنىزاتنىڭ ئالدىدىن
ئۆتۈپ تالا تەرەپكە قاچتى.

— كىم ئۇ، — دېدى تاراق ـ تۇرۇق
ئاۋازدىن چۆچۈپ ئىشكتىن بېشىنى چى-
قارغان گۈلئايشەم تىترىدك ئاۋاز بىلەن.
ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا

uyghurkitap.com

نۇرغانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇ مەن گۈلئايشەم، — دېدى يا ئالدىغا، يا ئارقىغا مېڭىشنى بىلەلمەي قالغان قۇشنىزات پەس ئاۋاز بىلەن، — مېنى تونۇيالمايۋاتامسەن؟

گۈلئايشەم گەپ - سۆز قىلالماستىن ئىشىكنى گۈپ قىلىپ يېپىتى - دە، ئىچىدىن ئىلغۇچنى ئىلىۋالدى. ئۆزىنى تۇتالماي قالغان قۇشنىزات يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ئىشىكنى تەپكىنىچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— گۈلئايشەم، ئىشىكنى ئاچامسەن، ئاچمامسەن؟ سەن شۇنداق ئۇچىمە كۆڭۈل بولۇپ كەتتىڭما، خەپ جۇمۇ، سېنى كەلگەن يېرىڭگە ئاپىرىۋەتمەيدىغان بولسام، ھاكىم دېگەن قانچىلىك نېمىتى ئۇ؟ مازار ئەمەستۇ؟ بىزمۇ بىر كۈنى ھاكىم بولىمىز! ھاكىم بولسا ئۆزىگە - ھە؟

بالايىبەتتەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئىشتىن باشلاندى. بۇ سەتچىلىك ئۇنى شۇ يىلقى يېزا باشلىقى نامزاتلىقىدىن قالدۇرۇپ قويدى. بۇ ئىش ئېغىر ھار كەلگەن قۇشنىزات شۇ ياتقانچە بىر يىلغا يېقىن كېسەل تارتىپ ئاران مۇشۇ ھالغا كەلدى.

گۈلئايشەمچۇ، ئۇ ھازىر قۇشنىزاتقا قاراپمۇ قويمايدۇ، ئۇ ھازىر ناھىيىنىڭ گۈلى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى بىلەن ئىسلامۇ ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

قۇشنىزات ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى جاھاندىكى بىردىنبىر يېگانە ئادەمدەك غېرىب ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇنداق، ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق ئايالى سانىيەدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدى. ئوغلى غېنىمەت نەگىدۇر ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. قۇشنىزات ھەسرەت ۋە ئەلەم بىلەن تەگرىدىن ئۆز گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەۋاتقاندەك ئىچىدە نىدا قىلىشقا باشلىدى: ئاھ خۇدا! سەن مەندىن سانىيەنىڭ قىساسىنى ئېلىۋاتامدىغانسەن؟ ياكى باللىرىمنىڭ قارغىشلىرى، ئاھ - زارلىرى بىلەن جازالاۋاتامدىغانسەن؟

بىردىنلا قۇشنىزاتنى قاتتىق يىغا تۇتۇپ، گەۋدىسى ئىختىيارسىز تىترەشكە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل



ئەنۋەر دوشۇر

# نۇتۇق تېكىستى



(ھېكايە)

ئىدارە باشلىقى ئابدۇرازاق ئىشخانىغا كىرىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى-دە، دەل شۇ پەيتتە چايدان كۆتۈرۈپ ئەدەب بىلەن كىرىپ كەلگەن تازىلىق ئىشچىسى روزاخۇندىن سورىدى:

— ئابلەت كۆرۈنمەيدىغۇ؟ تېخى كەلمىدىمۇ نېمە؟

— ئابلەت، ئۇ ...

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— تۈنۈگۈن كەچتە ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، ھازىر دوختۇرخانىدىكەن، ئەھۋالى ...

ئابدۇرازاق ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى:

— نۇتۇق ...

— نېمە نۇتۇق؟ — روزاخۇن جىددىيلىشىپ سورىدى.

— سائەت و دە سۆزلەيدىغان تەزىيە نۇتقىنىڭ تېكىستىچۇ؟ — ئابدۇرازاق ئىشخانىدا ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى، — ئەستا، ما ئىشنىڭ قاملاشمىغىنىنى، چاتاقنىڭ چوڭى بولدىغۇ.

— نېمە، نۇتۇق تېكىستىنى ئۇنتۇپ قاپتىمۇ؟ مەن ھازىرلا بېرىپ ئەكىلەيمۇ-يە؟

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانلا؟ — ئابدۇرازاق روزاخۇنغا غەزەپ بىلەن ئالايدى، — نۇتۇق تېكىستىنى ئابلەت كېچىچە يازماقچىدى، ھەي ما ئىشنىڭ قاملاشمىغىنىنى، — ئابدۇرازاق جىددىيلىشىپ سائەتكە قارىدى، — ئىدارىدىكىلەردىن بىرەرىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ قاسىم بولسىمۇ بولاتتى، ئۇنىڭ يازىدىغان ئىشلارغا خېلى قولى كېلىدىغان، غاچ-غۇچ ئىككى-ئۈچ بەت بىرنەرسە يېزىپ بەرگەن بولسا...

— ھەممەيلەن تەزىيە يىغىنىغا كەتكەن.

— ھىم، — ئابدۇرازاق ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆمرىدە بۈگۈنكىدەك جىددىيلىشىپ باقمىغانىدى. ئابدۇرازاق قول ياغلىقىنى ئېلىپ پېشانىسىنى سۈرتتى. تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا باستى. ئاندىن خۇددى ئىشخانا بىلەن ۋاقىتسىز ۋىدالىشماقچى بولغاندەك ھەممە نەرسىگە بىر-بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. كۆزى بىخەتەر ئىشكاپقا چۈشكەن ھامان خىيالىدىن چاقماق تېزلىكىدە بىر ئوي كەچتى-دە، گويا تەشنالىق دەستىدىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان يولۇچى

ئويلىمىغان يەردىن زۇمرەتتەك سۇلىرى مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان بىر ئېقىن سۇغا ئۇچ-راپ قالغاندەك بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. چۈنكى ئابلەت كاتىپ تولىمۇ ئېھتىياتچان ئادەم بولۇپ، بارلىق ھۆججەت، نۇتۇق تېكىستلىرىدىن بىرەر نۇسخىدىن ساقلاپ قويۇشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى.

— روزاخۇن ئاكا، ئوبدانراق ئوي-لىنىپ بېقىڭ، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ناھىيىمىز-دە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنمۇ؟

— ئۆتكۈزۈلگەن.

— قاچان؟

— يەتمىش ئالتىنچى يىلىغۇ دەيمەن، توغرا، يەتمىش ئالتىنچى يىلى، شۇ يىلى مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم كۆرەشچان مەكتەپكە كىرگەن.

— كىمگە؟

— ماۋ جۇشىغا.

— ئەستا، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدى-غانلا!؟ مەن ھىسابدىكى مۇئەللىملەر ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەنمۇ دەۋاتىمەن.

— ھە، بۇنى بىلمەيدىكەنمەن.

ئابدۇرازاق لەسسىدە ئولتۇرۇپ قال-دى. ئۇنىڭ روھسىز كۆزلىرى ئابلەتنىڭ ئىش ئۈستىلىگە تىكىلگەنىدى، قاچانلا قارىسا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، تىنىم تاپماي بىر نەرسە يېزىۋاتقان كىچىككىنە گەۋدە؛ يۇ-قىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەكنى ئېچىگە يوشۇرۇن-غان ئىتائەتچان كۆز؛ قورايدەك ئورۇق، چو-كىدەك ئۇزۇن، ئەمما خەت يېزىپ تالمايدى-غان ئىشچان قول... ئابدۇرازاق ئۇھ تارتتى. ئۇ بۇرۇن ئۆز يېنىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئابلەتتەك بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىرەر قېتىممۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمى-غانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ۋاقىت تاللى-ماي ئابلەتكە ئىشلارنى تاپشۇرۇۋېرەتتى.

ئېھتىياجلىق سورۇنلاردا قېلىن - قېلىن دوكلات، نۇتۇق تېكىستلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى. ئۇ پەقەت ئوقۇپ بەرسىلا بولاتتى. ئابدۇرازاق ئابلەتنىڭ ئۆز قەل-بىدىكى ئوبرازىنىڭ بارغانسېرى زورىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى. ئابدۇرازاق چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

تېلېفوندا ئىشخانا مۇدىرى ياسىن-نىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يىغىن ۋاقتىدىن 15 مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. سىلى...

ئابدۇرازاق دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— يىغىننى باشلاۋېرىڭلار، مېنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە جىددىي ئىشىم چى-قىپ قالدى. بارالمايمەن.

— ئۇنداقتا تەزىيە نۇتقىنى كىم سۆزلەيدۇ؟

— ئىدارىگە ۋەكالەتەن سىز سۆزلەڭ!

— بۇ... مەن پەقەتلا تەييارلىق قىلمىغان... بولمىسا سۆز تېكىستلىرىنى بىرىدىن ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىلىرىمۇ...

— ياسىن مۇدىر، ئادەتتىكى بىر مۇراسىمدىمۇ قەغەزگە قارىماي ئىككى ئېغىز گەپ قىلالمامسىز؟ — ئابدۇرازاق ئاچچىق كۈلدى، — سىزنىڭ نەرىڭىزمۇ رەھبەرلىي كادىر؟ بۇنداق ئادەتلەنسىڭىز بولمايدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ كۈچىگە تايىنىشنىمۇ بىلىڭ!...

ئابدۇرازاق تېلېفوننى قويدى - دە، ئىشىككە بويۇندى.

— روزاخۇن!

— خوش.

— شوپۇرغا ئېيتىڭ، ماشىنىنى تەي-يار قىلسۇن.

— نەگە بارىلا، تەزىيە يىغىنىغىمۇ؟

— ياق، دوختۇرخانىغا.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئانىمجان ئىسمايىل

مەھەممەت خېۋىر

# غەزەللەر

## 1

ئىشەنمەيسەن ۋۇجۇدۇمدىن ئېتىلغان ئوتتا كۆن كۆيسە،
ئىشەنمەيسەن تىلىمدىن ئوت تۇتاشسا كەچ-گۈگۈم كۆيسە.
ئىشەنمەيسەن ئاسانى سەپ قىلىپ بىر رەتكە تۇرغۇزسام،
ئىشەنمەيسەن مېنىڭچۈن ياقا يىرتىپ بىللە تۈن كۆيسە.
ئىشەنمەيسە خەق (دىلىمدا كۆلكە ئۈشتۈلدى)
ئىشەنمەيسەن گىياھ چاققاپ سىزىمسىز تاش ئۈچۈن كۆيسە.
ئىشەنمەيسەن ئۈنى پۈتتى دېسە خەقلەر سوراپ قالساڭ،
ئەجەب نەدە ئۆزۈلمەي ئەۋجىگەن يالقۇندا ئۈن كۆيسە.
ئىشەنمەيسەن كۆلۈم ئەترە-ئىپار چاققاتسىمۇ ھەرگىز،
قۇياشنى بىر قۇچاقلايتتىم ئوتتۇردىن سىر-تۈگۈن كۆيسە.
ئىشەنچىڭگە تۇتاشماي ئوت كۆيۈپ پەشتى سوغۇق پىنھان،
ئىشەنمەيسەن ئاداققى چاغ يانالماي ھەم پۈتۈن كۆيسە.

## 2

يا بىلىپ-بىلمەي جۇنۇن دەرياسىغا ئاتتىڭ مېنى،
ناز بىلەن تۇرتۇپ قىسراۋدىن نۇردا ئاجراتتىڭ مېنى.
قان قېتىپ كەتكەن تومۇرغا تەپ بېرىپ جىلۋەڭ بىلەن،
داتلىشىپ كەتكەن ئۆزۈلمەس ئۆيەۋدىن تارتتىڭ مېنى.
نە ئۈچۈن ئويغاندى نېرۋام، قاقشىدى ئوت دەستىدىن،
ئاخىرى يوق بىر بالاغا زورمۇزور چاتتىڭ مېنى.
ۋاھ ئەجەبكى، بۇ زەھەرگە تەندە ئولغايدى خۇمار،
بەلكى ئۆز رايىم بىلەن ئالۋاستىغا ساتتىڭ مېنى.

نە ئامال پىنھانىنى قوتقازغاي زۇلۇمدىن ئېيتقىنا،
ئاھۇ-پەريادىنى سىلىپ يادىمغا، قاقشاتتىڭ مېنى.

3

ئەلۋىدا جىسمىمنى باسقان مويسىپىت تاش، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا ئۆسمۈرگە تالىق ناتىۋان ياش، ئەلۋىدا.
ئەلۋىدا، پاكقاي سىزىم، پالەچ قەدەملەر فال يىراق،
ئەلۋىدا ئەجدەر تامالىق رەزگى ماختاش، ئەلۋىدا.
ئايلىنىپ يۈردۈق جۇۋازنىڭ ئېشىكىدەك ئىز بېسىپ،
ئەلۋىدا بامداتتا ئەسنەپ، چۈشتە چارچاش، ئەلۋىدا.
كەل قېنى چولپان قۇچاققا، سال گىرە بويىنۇمغا چىڭ،
ئەلۋىدا خىراۋچە قوتراپ، پەرھادنى باغلاش، ئەلۋىدا.
شۈكرىلەر مەھكەم رىجىم بوپ قالدى مېھرابتا ئۇزاق،
ئىقتىدادىن جەھلى قاتقان سەجدىلىك باش ئەلۋىدا.
جىلغا ئۇزرە چاك-توزانلار يۈردى تەرسا تەرز بىلەن،
چوققىلاردىن ئۆزىنى تارتىپ توزدە قاتناش ئەلۋىدا.
كۆرمىدىڭمۇ بىزگە ھەييام شەربىتى جام تەڭلىدى،
زارى ھۆكمەت بىرلە كەلگەن ئىقسىغان ئاش ئەلۋىدا.
كۆزگە شەيتان چاچتى قۇم، پەشتاقتا ئەزان توۋلىدى،
جىلۋىلىك شەيتاننى قوتلاپ ئۆيگە باشلاش ئەلۋىدا.
پەشنى قاقتى ئەمدى پىنھان لىقمۇلىق ياش كۆزدە،
بىئىماننى باش ئىمام قىپ قايتا سايلاش ئەلۋىدا.

4

كۆزلىرىڭ كۈنگە تىكىلدى، سەن سوئالغا موپتىلا،
كۆز يۇمۇپ يۇلتۇزمۇ كەتتى، مەن خىيالغا موپتىلا.
چوققا بىرلە بەيگىلەشتىڭ، مەن كۆزەتتىم تىپتىنچ،
سەن شەپەق ئىزدەپ يۈرەرسەن، مەن زاۋالغا موپتىلا.
كۆك قۇچاقلاپ تۇردى تاغلار، چوققىلارغا مىندى كۈن،
ۋاھ ئاجايىپ، دەيدۇ جىلغا، مەن شۇ ھالغا موپتىلا.
تەگرىگە دوق قىلدى خەقلەر نەق نىسىۋە ئالدى ھەم،
سەنمۇ باردىڭ ھەق سوراپ، مەن ئاچالغا موپتىلا.
تارتۇقۇمدىن زارلىنىپ يۈردۈم جاراھەت پۈتسىمۇ،

روھ چېكىندى، جان سوغۇلدى، چۈش قامالغا مۇپتىلا.
قالدۇرۇپ چاك، كەتتى خەقلەر بەيگىدە بەكمۇ يىراق،
مەن تۇرارمەن تەۋرىيەلمەي «ئېھتىمال»غا مۇپتىلا.
ياقا يىرتىما يوللىرىڭدا ئۇچرىسا ئاقباش بوۋاي،
دولدى پەنھان يولدا بىر جىنلىق شامالغا مۇپتىلا.

5

رەھنىمايىم قولنى تارت، تەشنايى چۆللەردىن چىقار،
چاقمىقىڭنى ئويىنتىپ سەۋدايى كۆنلەردىن چىقار.
رەنجىتىپ قويدۇم (نادانلىق!) بەلكى شۇ ئىز ئۆچمىدى،
كىڭگە توغقان سەن ئۆزۈك، تەنھايى تۈنلەردىن چىقار.
ئويندى شار دەپ شامال، يەڭگىللىكىم دەستەك ئاڭا،
توشتى بۇرنۇمغا سۇلار دەريايى كۆللەردىن چىقار.
كىلدۇرۇپ ئۆلتۈردى شەيتان تاپتى بەلكىم بىر غىمدىق،
جان بېرىپ تۇرغۇز مېنى تەرسايى گۆرلەردىن چىقار.
ئاجرىتىپ ئالدى مېنى سوغ نازىدا پەردىشتىدىن،
بەر ئىمان، بەزدۇر، ئاشۇ رەسۋايى ھۆرلەردىن چىقار.
ئەمەل پەستە تۇرمىقىم ۋاجىپ (نېمىشقا تۆرلىدىم؟)
سۆرە سىرتقا ئەسكىلىك جايى تۆرلەردىن چىقار.
رەھنىما پىنھانغا قول بەر تىلسىماتتىن ئات يىراق،
يولنى كۆرسەت خاھى چاققاق، خاھى گۆللەردىن چىقار.

6

ئۇيقۇسى قاچقان خورازلار توۋلىسا يالغۇز سىراپ،
تۇنجى بابنى باشلىغان چۈش ئەندىكىپ كەتتى تاراپ.
سەللىلەر سايىسىدىن ئەسنەپ قىرائەت نەغمىسى،
ئۆگدىگەن پەرھاد قولىدىن چۈشتى گۈرجەك يالتىراپ.
بار ئىكەن پۇلسىز ياڭاق، چاپ دەپ نەسىردىن ئالدىدى،
تەمتىرەپ چاپتۇق شۇ ياققا ئۇمۇ چاپتى ئالدىراپ.
باشلىدى مەدداھ رىۋايەت، تۇردى دەس ھاتەم كۈلۈپ،
سالدى تىغ ھاتەمگە تەلۋە، رازى بوپ قالدۇق قاراپ.
شۈكرى بىرلە ئولتۇرۇپ ئىسقاتقا ئۆگەنگەن ئىمام،
تاكى بامدات بولغۇچە مۇپتى بىلەن ئىچتى شاراپ.

بار زىيان پەنھان ساڭا يۈرمە ئۇنداق ئازغىنسەپ،
ئەرزىگەيمۇ چۈشلىرىڭ چەكمەككە شۇنچە ئىزتىراپ.

7

قەھرلىك كۆك گۈدەك يەرگە شاكاراپ غۇلغۇلا چاچتى:
شامماللار نە ئۈچۈندۇر دەپ توزانلارنى تولا چاچتى؟
دىگەر مەگدەپ تۇرۇپ قالدى مۇرىت مېھراب دىگەن يەردە،
ئەبەدلىك دەۋزىخى شەيتان تىلىقماس ئىستىبلا چاچتى.
نەپەستىن قالدى بىر مەرتە بۇلۇتلار كەيندە ئاپتاپ،
ئىگەم تەڭ بەر دىگەن نۇرنى خىيانەتتە چالا چاچتى.
ئەلەكمۇللا دىيىشكە لەۋ ئۆمەللەپ تۇرغىنىمدا، ۋاھ،
ئۇپۇقتىن پارلىغان يۇلتۇز بۈيۈك ئىنكار جۇلا چاچتى.
شەبىستان ئەسنىكى ئۆچتى، تۇرۇپ كەتتى شەپەقمۇ تىك،
باياۋان ئورنىغا مىسلى ئىلاھتەك كەڭ دالا چاچتى.
مانا پەنجەمدە تۇرغاندەك يېلىڭ ئەمدى جىمى ئەسرار،
قۇياش قايتا ئىزىتقۇ چاڭ-تۇمانلارغا بالا چاچتى.
چېچىلما بەس، ئىگىلمەي تاج كىيەلمەيسەن، چۈرۈك پەنھان،
يولۇڭغا باق نىگارىڭ ياش بىلەن ئەلۋەك سۇلار چاچتى.

8

يەقىلغان توك چىنارنىڭ ياپرىقى قاڭقىپ قايان چۈشتى؟
يولۇمنىڭ ئايلىنىپ ئۆتمەكلىكى قولدەك ئايان چۈشتى.
ھىجاقلار بوسوغىسى دىلغا سۇ سەپتى، ئۆچەردى ھەم،
قىلىچ-نەيزە بىلەن ئاخىر ھېسابىمغا زىيان چۈشتى.
نېمىشقا بىلمىدىم ھويلامدىكى تالدا سۇبات ئارتۇق،
قىزارغان تاجىغا باقمىش قەسىدە كۆپ بايان چۈشتى.
چېچەكلەر يادىدا كۆز يوق، ئىگىزلەر يادىدا جىلغا،
يەقىلغاندا يولۇمغا بىنەزەر دوست يانمۇيان چۈشتى.
ساتارنىڭ تارىغا سۆركەلگىنىمدىن يانمىدى ئىنكاس،
قەلەندەرنىڭ ھېسابىغا تىلەمدىن كۆپ ھايان چۈشتى.
كۆلۈپ يۈردۈڭ چۈرۈك پەنھان، ساۋادىڭ بارمۇ؟ ياش تۇزلۇق،
شۇڭا قامۇس ئارا نۇرلۇق، چېچەكلىك كەڭ جاھان چۈشتى.

چاپپار ئەھمەت

# ھېسسىياتىم تامچىدۇر گويا

## ھەمدەملىك

ئاسمان گىرەلىشكەن يەر شارى بىلەن،
تاغلار تۇزلەڭ بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن.
ئۆزىدۇ قىرغاققا قاراپ شىددەتلىك،
دولقۇننى قۇچاقلاپ دەريادا يەلكەن.

ئاي ۋە يەر قۇياشتىن ئالار يورۇقلۇق،
ئۆسۈملۈكلەر ئالار يەردىن ئوزۇقلۇق.
يۇلتۇز يۇلتۇزلارغا باقار كۆز قىسىپ،
ھۆسن قوشار تاغقا قىرلاردا چوغلۇق.

نېمىكى بار ئىكەن تەبىئەتتە، بەس،
ياشار گىرەلىشىپ ھەمدەم، ھەمنەپەس.

ئادەملەر ئادەمسىز ياشيالماس ھېچ،
قۇشلارمۇ ئورمانغا باغلانغان ھەۋەس.

ھېكمىتى شۇنداقتۇر شەيئىلەرنىڭ ھەم،
ئىككىسى قوشۇلۇپ بولۇر بىرگە جەم.
دۇنيادا ھېچ جانلىق ياشىماس يەككە،
زەررىلەر زەررىدە بولۇر مۇجەسسەم.

مىللەتنىڭ ھاياتى ھەمدەملىك ئەبەد،
بىرلىكتىن تۇغۇلار يېڭىلمەس قۇدرەت.
ئۇيۇشقان كۈچ ھامان بولىدۇ غالىب،
زىتلىق ۋە بۆلۈنۈش مىللەتكە ئاپەت.

1988 - يىل، ئاۋغۇست.

## مەنمەنچىلىك

«مەن» دەڭ، لېكىن ھەممە ئىشتا «مەن» دەپ قالماڭ،
ئۇخلاپ يېتىپ چۈشىڭىزدە مەڭدەپ قالماڭ.
ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى دەپ بۇ دۇنيادا،
باشقىلارنى دائىم نۆلگە تەڭ دەپ قالماڭ.
تېخى ئاتقا مىنمەي تۇرۇپ، ئۆزەڭگىنى
سوقۇشتۇرۇپ، بۇنى ياخشى جەڭ، دەپ قالماڭ.
مەن بولمىسام چۆگىلمەيدۇ دەۋر چاقى،
مەنلا يۈكسەك، قالغانلىرى پەس، دەپ قالماڭ.
دۇچ كەلسىڭىز ئەگەر ئازراق توسالغۇغا،
مەيۈسلىنىپ يۈز گرادۇس پەسلەپ قالماڭ.
باشقىلارنىڭ ئۇتۇقىغا تارلىق قىلىپ،
كۆز قىزارتىپ ھەر تەرەپكە چۆگىلەپ قالماڭ.
تۇخۇمىدىن ئەمدى چىققان چۈجە تۇرۇپ،

ئۆزىڭىزنى مەن كىملەردىن كەم، دەپ قالماڭ.
ھەدېسىلا باشقىلارغا تۇزاق قۇرۇپ،
شۇ تۇزاققا دەل ئۆزىڭىز دەسسەپ قالماڭ.
نەزەر سېلىڭ يىراقلارغا كۆزنى ئېچىپ،
ئېزىتقۇنى سۇ دەپ ئېغىز نەمدەپ قالماڭ.
گەر يەل بەرسە توپتەك كۆپۈپ، شاردەك ئۇچۇپ،
سەكرەپ ـ سەكرەپ كەڭ بوشلۇقتا لەيلەپ قالماڭ.
مەنسەپدارغا كۆپ ئېگىلىپ، تاپان يالاپ،
پۇقرالارغا ھەيۋە قىلىپ «سەن» دەپ قالماڭ.
گەپدانلىقتا قىل يورغىدەك يورغىلايسىز،
لېكىن ئىشتا قۇرۇق چۆپتەك لەيلەپ قالماڭ.
باشقىلارنى ئۆلچىگەندە مىسقال تۇتۇپ،
ئۆزىڭىزنى تارازىدا ئۆلچەپ قالماڭ.

1990 ـ يىل، ئاۋغۇست.

## ھەسەن ـ ھۈسەن

ھەسەن ـ ھۈسەن كۆككە تارتىپ كەڭ جىيەك،
كىرگۈزدى رەڭگارەڭ تۈسكە ئۇپۇقنى.
شەپەقمۇ ئەتلەستىن كىيىپ كەڭ كۆڭلەك،
يەر يۈزىگە يايتى رەڭدار يوپۇقنى.

خانتەڭرى چوققىسى ئالتۇن تاج كىيىپ،
تاشلىدى تۆۋەنگە مەردانە نەزەر.
ۋادىلار شەپەقتىن كەتتى چوغلىنىپ،
چاقنىدى چىمەنلەر كىرپىكىدە زەر.

ساي بويىدا ئىككى قولۇمنى كېرىپ،
قۇچاق ئاچتىم كەچكى شەپەققە قاراپ.
پۈتۈن دىققەت بىلەن تۇرسام بېرىلىپ،
پېتىشقا باشلىدى قۇياش ئاستىلاپ.

توختاپ تۇر، ھەي قۇياش، مۇشۇ تۇرقۇڭدا،
تارتىپ ئالاي ھەسەن ـ ھۈسەننى بىر رەت!

دېدىم مەن قۇياشقا قىلىپ ئىلتىجا،
قۇياش ئاڭلىمىدى سۆزۈمنى پەقەت.

تاغقا يانپاشلىدى بىر دەمدە قۇياش،
كەچكى شەپەق بۇلۇت قوينىغا چۆكتى.
ھەسەن ـ ھۈسەننىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش،
ئارمانلار ئىچىدە نەگىدۇر مۆكتى.

ئەنە شۇندىن بېرى يۈرىمەن مەيۈس،
كۆرۈنمەس شەپەقمۇ، ھەسەن ـ ھۈسەنمۇ.
گۈزەللىكنىڭ ئۆمرى قىسقىكەن ئەپسۇس،
ئەمما رەزىللىكنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنمۇ؟

1991 ـ يىل، 7 ـ سېنتەبىر.

## قار ۋە ئۆمۈر

ئاخشام تېخى ئەتراپ ياپيېشىل ئىدى،
بۈگۈن تۇرسام بىردىن ھەممە ياق ئاپئاق.
نەگە كەتتى ئاشۇ چىمەنلەر ھىدى،
نەگە كەتتى ئاخشام چېقىلغان چاقماق؟

قىشتا چوققىلارنى قاپلىسا قېلىن
مەرمەردەك پارقىراق قار ئۇيۇملىرى؛
باھار كەلسە نەگە غايىب بولاركىن،
چوقچىيىپ تۇرغان شۇ قار دۆۋىلىرى؟

ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ ئوخشاركەن قارغا،
كېتەركەن بىر كۈنى قار كەبى ئېرىپ.
بىر مەزگىل تولسىمۇ كۆكلەم-باھارغا،
ئاخىر خازان بولۇپ كېتەركەن چىرىپ.

تۈنۈگۈن قاپقارا تۇرغان چاچ-ساقال
بۈگۈن ئاقىراركەن ئاپئاق قار كەبى.
تۈنۈگۈن قەد كېرىپ تۇرغان ياش نىھال
بۈگۈن قاقشال بولۇپ پۇرلاشقان كەبى.

ئۆمۈرمۇ ئۆتەركەن شۇنداق شەپىسىز،
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بولمىساڭ ئاگاھ.
ئۆتكۈزسەڭ ئۆمۈرنى ئەگەر بەلگىسىز،
قېرىغان چېغىڭدا دەپ قالىسەن ئاھ!

1992-يىل، دېكابىر

## قىسقا شېئىرلار

سۈپسۈزۈك سۇنىڭمۇ بار ئازراق دۇغى،
بولىدۇ گۈلنىڭمۇ ئۆتكۈر تىكىنى.
قىش كۈنى بەك ياخشى ئوچاقنىڭ چوغى،
لېكىن بەك ئاچچىقتۇر ئۇنىڭ تۈتۈنى.

* *

شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى دۇنيادا،
قوشقاچتىن قورققاچقا تەرمەيدۇ تېرىق.
تەمتىرەر دۈچ كېلىپ قالسا ئالدىدا،
ئۆتەلمەي ھەتتاكى بىر كىچىك ئېرىق.

* *

بەزىلەر ئۆلسىمۇ ياشايدۇ نامى،
خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ نۇرلىنىپ.
بەزىلەر ھاياتتۇر، يوق تۆھپە-شانى،
ئۆلۈكتىن پەرقسىز يۈرەر خورلىنىپ.

* *

يۈرىكىم بار، يۈرەكسىزمەن، جۈرئىتىم يوق،
ئىشىم كۆپتۇر، قىلاي دېسەم ھىممىتىم يوق.
سۆزلەي دېسەم سۆزلىرىم كۆپ، تىلىم كېكەچ،
ئۆزگىلەرنىڭ ھۇزۇرىدا قىممىتىم يوق.

* *

ۋەدە دېگەن ۋەدە ھەرقاچان،
ئەمەلىيەت، ئۇ باشقا بىر گەپ.
بولالمايدۇ قارا قۇلۇلە
قانچە قىلغان بىلەن ئاق سەدەپ.
سۆزى باشقا، دىلى ئەگرىلەر
بېرەلەمدۇ ئادەملەرگە نەپ؟

* *

ئادەمنى لەھەتكە ئەكىرىش مۇمكىن،
لېكىن روھ سىغمايدۇ لەھەتكە پەقەت.
ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ،
روھى ھېچ ئۆلمەيدۇ — بۇ بىر ھەقىقەت.
قورقۇنچاق ئادەمنىڭ روھى ئۆلۈكتۇر،
ئۇنىڭدا بولمىغاچ جاسارەت، جۈرئەت.

* *

يەر بېغىرلاپ ياتقان يوپۇرماق
چىرىنىدىكە ئايلانماي قالماس.
بەرگى مەھكەم بولغان يوپۇرماق
ئاسانلىقچە خازانمۇ بولماس.
ئىرادىسى مەھكەم كىشىلەر
تاشنى تېشەر ئۇپرىماس ئالماس.
بوران-چاپقۇن، شىۋىرغانلارغا
پەسەنت قىلماس، نەزەرمۇ سالماس.

1992-يىل، مارت-ئاپرېل.

www.uyghurkitap.com



غەنىزات غەيۇرانى

# رۇبائىي ۋە قىتئەلەر

1

ھەر سەھەر ئىسمىڭنى دەپ ئويغانغىنىمنى بىلمىدىڭ،
ئوتقا چۈشكەن قىل كەبى تولغانغىنىمنى بىلمىدىڭ.
ئۆزگىلەر توي تارتىشىپ ماڭغاندا شادلىق ئىچىدە،
مەنلا ھەسرەت بىرلە ئاھ، دەپ قالغىنىمنى بىلمىدىڭ.

2

نە ئۈچۈندۇر ئاي جامالىڭدىن تۇرار غەم-دەرد يېغىپ،
مەيلى چولپان كۆزلىرىڭدىن نۇر ئەمەس ھەسرەت يېغىپ.
رازىدىم ئۇشبۇ ھاياتىمدىن ئەگەر كۆرسەم سېنىڭ
كۆزلىرىڭدىن تۇرغىنىنى غەم ئەمەس نۇسرەت يېغىپ.

3

ئاھ، سېنىڭ ئىشقىڭدا جانان كۆيدى-ئۆرتەندى يۈرەك،
بىلمىدىم ۋەسلىڭگە يەتمەكلىك يولىدا نە كېرەك.
گەر بۇ ئىشقىم يولىدا كۆيسەم قورايدەك كۈل بولۇپ،
مەن ئۈچۈن ئاڭلا بۇ دەل ۋەسلىڭگە يەتكەندىن دېرەك.

4

خىيال، قىلمىغانلىرىڭنى ھېچ مېنى بىلمەيدۇ، دەپ قالما،
مېنى، ئۇ مەڭگۈگە شۇنداق قېنىپ كۈلمەيدۇ، دەپ قالما.
پەسىللەر ئالمىشىپ تۇرغاي، تەبىئەت قانۇنىدۇر بۇ،
زىمىستان كىردىمۇ ئاخىر باھار كەلمەيدۇ دەپ قالما.

5

سوردىم، تەكشۈردۈم ھەممىدە يېزى يوق قىش يوق ئىكەن،
توختىماستىن بىر ئۆمۈر ئاغرىيدىغان چىش يوق ئىكەن.

«ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ياتسا گەر ئەخمەق، نادان،
ئاغزىغا ئۆجمە چۈشۈپ ياشايدىغان ئىش يوق ئىكەن.

6

ئەجەب مەخلۇق ئىكەن ئىنسان ئەقل - ئىدراكتا تەڭداشسىز،
جاھاننى يورۇتار لازىم بولۇپلا قالسا قۇياشسىز.
ياساپ كەلمەكتە شۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ قېنىدىن دەريا،
تاپالماسمۇ بۇ ئالەمدە ياشاش يولىنى قان - ياشسىز.

7

جاھاننىڭ ئىشلىرى بەكمۇ مۈرەككەپ ھەمدە سىرلىقتۇر،
قىرى يوق بەزىدە شاردەك ۋە بەزەن نەچچە قىرلىقتۇر.
كۆرۈنگەن بىرلە كۆزلەرگە گويا كى توز كەبى رەڭدار،
بىراق، قەللاپ تاۋاردەك چىنىدىن ساختىسى جىقتۇر.

8

بىر ئۆمۈر ۋەسلىڭنى دەپ ئۆتتۇم، يېتەلمىدىم بىراق،
ئايلىنىپ كوچاڭدا يۈردۈم يا كېتەلمىدىم يىراق.
كەتمىدىم، كەتمەيمەن ھەرگىز، ماڭغىنىم ماڭغان مېنىڭ،
ئۈشبۇ يولدا تۇرسىمۇ گەر ھەر قەدەمدە بىر توزاق.

9

ھاياتلىقتا قالدۇ ھەربىر قەدەمنىڭ ئىزى،
شۇ ئىز سېنىڭ ھاياتلىق تارىخىڭنىڭ دەل ئۆزى.
خام ئويلىما باشقىلار بىلمەيدۇ دەپ سىرىمنى،
بار ساڭا قارايدىغان ھەتتا تامنىڭمۇ كۆزى.

ماخمۇتجان ئىسلام

# قەشقەر سۆيگۈسى

جەننەت ئۈچۈن ئەنداز بولۇپ تۈرەلگەن قەشقەر،
سائادەتنىڭ بۆشۈكىگە بۆلەنگەن قەشقەر.

ئاتا بولماس قەرزىم مېنىڭ بەرسەم جېنىمنى،

يۈرىكىمدە ئىمرامدەك تىنىق كۆتۈرگەن قەشقەر،
ئەزىزانە دېگەن ئىبنىسل سۈپەت نامى بار،
شانۇ زەپەر، شۆھرەتلەرگە كۆمۈلگەن قەشقەر.

* * *

گۈزەل قەشقەر — قۇياش سۆيگەن نۇرانە دىيار،
پەخىرلىكمەن، بەختلىكمەن تۇغۇلغاچ سەندە.
خۇددى تومەن، قىزىل دەريا سۈيىدەك ئاقار،
دولقۇن ياساپ سېنىڭ مېھرىڭ جىسمىمدا - تەندە.
ئۆزۈڭدەك پاك، ئاپئاق قاردىن ئاق ئوغۇز سۈتۈڭ،
تەگدىشى يوق ئەقىل، كۈچنىڭ مەنبەسى مەندە.

ئۇچۇم بولدۇم، ئۆزۈڭ بەردىڭ گاڭ قانات، ئەمما
شۇندىن بۇيان ئالدى مېنى ئۆلكىگە ھىجران.
بىراق «ئۆزۈم ھەرجايدىمەن، كۆڭلۈم سەندەدۇر» ①
تومۇرىمدا زىكرىڭ بىلەن دولقۇن ياسار قان.
ئەگەر قالسام بىر دەقىقە ئۇنۇتۇپ نامىڭ،
يېتەپ كېلەر جان ئېلىشقا ئەزرائىل شۇئان.
ماڭا ھەمراھ كىندىك قېنىم تامچىغان چالما،
ئاشۇ چالما يۈلەك تىبغىم، كۈن - تۈن رەھنىما.
ئاشۇ چالما ئەنگۈشتىرىم، ھۆرمەت - ئىززىتىم،
نىجادكارىم، قىبلىگاھىم كۆزگە تۇتىيا.
شۇ چالما بار، ئۆزگە يۇرتتا بولمىدىم غېرىب،
شاھ - سۇلتاندەك يۈردۈم مەغرۇر ھەردەم - دائىما.

شۇ چالمىنى كۆرسەم ماڭا تۇيۇلار ئانام،
كەل ئوغلۇم! دەپ قۇچاق ئېچىپ خۇشال كۈلگەندەك.
شۇ چالمىنى قۇچاقلىسام باغرىم كۆيىدۇ،
ئاشىق يىگىت سۆيگۈ ئوتى — چوغدا كۆيگەندەك.
يايراپ كېتەر جانۇ تېنىم لەززەت ئىچىدە،
شۇ چالمىنى سۆيسەم گۈزەل يارنى سۆيگەندەك.

شۇ چالمىدا جان دادامنىڭ شىپالىق ھىدى،
مۇشكى ئەنبەر، ئىپار كەبى گۈپۈلدەپ تۇرار.
شۇ چالما بار، دوستلىرىم بار يېنىمدا مېنىڭ،

① بۇ مىسرا ئۆزبېك شائىرى مۇقىمىنىڭ.

ئۇلار ھەردەم غەيرەت قىل! دەپ دولامغا ئۇرار،
شۇ چالما بار، تاغدەك جاپا - مۇشكۈل ئالدىمدا
داڭگالچە يوق، كۆكۈن بولۇپ، توزاندەك توزار.

شۇ چالما بار، يادىمدىدۇر بەرگەن ئاش - تۈزۈك،
ئامغىقىمدىن تەم - لەززىتى كەتمىدى كۆچۈپ.
باللىقتا جىگدىلىكتە ياققان گۈلخانلار
كۆز ئالدىمدا يالقۇنجايدۇ، قالمىدى ئۆچۈپ.
شاۋقۇنلايدۇ كەڭ باغرىدا يايراتقان دەريا،
ئاتقان ئالمام ئەنە بارار لەيلەپ ۋە چۆكۈپ.

شۇ چالما بار، جاراڭلايدۇ مەردانە كۈلكەم،
تۇمەن بۇلبۇل سايرىغاندەك گۈل - گۈلىستاندا.
شۇ چالما بار، قىش شامىلى مېنى چاقالماس،
ئۆمرۈم باھار، يايرايمەن شاد تاڭ - نۇرىستاندا.
شۇ چالما بار، مىنەلمەيدۇ ئەقلىمگە نەپسىم،
قارا بولماس يۈزۈم ئەسلا كەڭ جايىستاندا.①

* * *

سالام قەشقەر، كۈتكەنىدىم ئۇزاق زارىقىپ،
بۈگۈن كەلدىم قۇچاقىڭغا ۋىسالغا يېتىپ.
يۈرەك ئويناپ، چاقناپ كەتتى جۇپ كۆزۈم مېنىڭ،
قۇياشىمۇسەن تولۇن ئايمۇ نۇرغان نۇر چېچىپ؟!
گۈزەللىكىنىڭ سۇلتانىمۇ ئالدىڭدا خىجىل،
يۈيۈنۈپسەن تاڭ نۇرىدا گۈلدەك ئېچىلىپ.

ئازىمدىمەن ئوتۇك قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ،
ئازىمدىمەن خۇددى مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ.
باغاشلىدىڭ مېنى ئاتەش باغرىڭغا بېسىپ،
شادلىققا، ئاھ، كەتمەيدىكەن يۈرەك يېرىلىپ.
جۇپ كۆزدە ياش، باغرىڭغا مەن سىمابتەك ئېرىپ،
كەتتىم گويا قۇمغا سىڭگەن سۇدەكلا سىڭىپ.

① جايىستان — خوتەن شەۋىسى، ئادەم كۆپ يىغىلغان سورۇن ياكى خەلقئالەم ئالدىدا دېگەن مەنىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆرلەر مەپتۇن پېشانەمگە سۆيدۈك يېنىشلاپ،
دوستلىرىمنۇ خۇش كېلىپسەن! دېدى قۇچاقلاپ.
سەبىيلىكىم، ياشلىقىمغا قايتتىم، ئانىجان،
كەك باغرىڭدا شوخ پاقلاندەك يايراپ ـ ئويناقلاپ.
قۇربىم يەتسە، كۆتۈرسەممەن سېنى بېشىمدا،
مەنزىلىڭگە يەتكۈزسەم تېز يۈدۈپ ـ ھاپاشلاپ.

قايان باقسام نامراتلىقنىڭ دېغى ئۆچۈپتۇ،
ھەممە ئۆيگە باياشاتلىق، ئامەت كۆچۈپتۇ.
ئىلمۇ ئىرپان بوستانىدا ئارزۇ چېچەكلەپ،
نادانلىقتا ئىچىلغان ئوت ئۆچمەي كۆيۈپتۇ.
يۈكسىلىشنىڭ پەرھادلىرى ھالال ئەجرىدىن،
شان ـ زەپەرنىڭ رەناسىنى قېنىپ سۆيۈپتۇ.

گۈزەل يۇرتۇم، خىجىلدۇرمەن ئالدىڭدا سېنىڭ،
بېرەلمىدىم ئاق سۈتۈڭگە لايىق بىر جاۋاب.
ئۆمرۈم بولسا، ئادا قىلىپ ئوغۇللۇق بۇرچۇم،
كۆيلەپ ئۆتەي، قوشاق يېزىپ ساڭىلا ئاتاپ.
مۇشۇ شېئىر ـ مېنىڭ تۇنجى، ئاددىي سوۋغامنى
قوبۇل قىلغىن، مەقبۇل كۆرسەڭ، گەر قالسا ياراپ.

* * *

مەن جەننەتنى كۆرمىدىم، گەر راست بولسا جەننەت،
شۇ جەننەتكە ئەنداز بولۇپ تۆرەلگەن قەشقەر.
ئەجدادىنىڭ، ئەۋلادىنىڭ يۈرىكى ئاتەش،
باھار، تاڭنىڭ زەر نۇرىغا چۆمۈلگەن قەشقەر.
ئانامسەن، سۆيگۈمسەن، ھاياتسەن، بارىمسەن،
ئىقبال قىزى ئاشىق، دىلدىن سۆيۈلگەن قەشقەر.

1993 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر.



ئۆمەر رەجەپ

# زېمىندىكى پەرىشتىلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە تۈرلۈك - تۈمەن شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇش بىلەن بىللە سان - ساناقسىز مۈشكۈلات، جاپا - رىيازەتكىمۇ دۇچار بولىدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتى گويا بىر تېپىشماق، ئىنسان ئۈچۈن ھايات - مامات ئارىلىقى پەقەت بىر تىنىقتىنلا ئىبارەت ئىكەن. ئىنساننىڭ ئاخىرقى تىنىقى-ھايات دەپتىرىنىڭ ئاخىرقى ئىبارىسىگە قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغان چېكىت. ئەگەر ئۇ تۈككىدە قويۇلىدىغان بولسا، ھايات دەپتىرىنى يېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ھاياتلىقتا چېكىت ئورنىغا پەش قويالايدىغانلار بار ئىكەن. مەن ئۇلارنى كۆردۈم، ھەمسۆھبەت بولدۇم، ئۇلارنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە ئېرىشتىم. ئۇلار ئەزرائىلنىڭ كۈشەندىسى، لوقمان ھېكىمنىڭ شاگىرتلىرى، «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دەپ نام ئالغان كىشىلەردۇر.

كىچىكىمدە دادامدىن: «خوتەندە كارامەت ئۇستا بىر دوختۇر بار، ئۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك. ئۇنى كىشىلەر تاڭ دوختۇر دەپ ئاتايدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ دوختۇرنى كۆرۈش ئىستىكى قەلبىمنى ھاياجانلاندۇرۇپ كەلدى. يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتتى. مەن ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم. پەقەت يېشىم ئوتتۇزغا ئۇلاشقاندىلا تاڭ دوختۇرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇ ئامەتكە ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، تاڭ دوختۇرنىڭ قولىدا داۋالىنىش ھەم ئۇنىڭ ئوپېراتسىيە پىچىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش بەدىلىگە ئېرىشتىم.

ئۇ، ئېگىز بوي، ئورۇقراق، ئالدىغا سەل ئېگىشىپ ماڭىدىغان، ئاق پەشماق، سۇرلۇك ئادەمكەن. ئۇنى دەسلەپ كۆرگەندە ھودۇقۇپ گېپىمنى تاپالمايلا قالدىم. شۇ چاغدا ئۇ بىرنەچچە دوختۇر بىلەن كېسەلخانىنى ئارىلاپ كىرگەنىدى، ئۇ مېنىڭ كېسەل تارىخىم، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ۋە باشقا تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىمنى كۆرۈپ

چىققىنى ـ دە، سىلىق تەلەپپۇزدا:

ـــ سىزنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق ئەنسىرەپ كەتمەڭ. بىر ھەپتىدىلا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ كېتىسىز، ـــ دېدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى كۆڭلۈمگە ئەندىشە سېلىپ قويدى. بىرئاز قورقۇپ قالدىم. «ئوپېراتسىيە» دېسە ھەرقانچە يۈرەكلىك تۇم ئادەممۇ ۋەھىمىگە چۈشۈدىكەن، قورقىدىكەن.

ماڭا ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى ئۇقتۇرۇشتى. 20 ـ مارت ئوپېراتسىيە ھارۋىسىغا چىققۇدەكمەن. ئۇنىڭغىچە ئون نەچچە كۈن بار ئىكەن، بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتە كىتاب ئوقۇش ئەڭ ياخشى چارە. كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇدۇم. لېكىن يەنە شۇ غەم ـ غۇسسە كاللامدىن نېرى كەتمىدى. بىردىنلا مەندە بۇ دوختۇرخانىدىكى دوختۇر، ھەمشىرىلەرنىڭ كېسەللەرنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇش يولىدىكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا بىرەر نەرسە يېزىش ئىستىكى تۇغۇلدى. بۇ پىلانىم مېنى غەمدىن نېرى قىلىپ، تېتىكلەشتۈردى، دەرھال قەغەز ـ قەلەم ئالدۇردۇم. ئىشنى نەدىن باشلاش توغرىسىدا بىر كېچە ئويلاندىم. ئالدى بىلەن تاڭ دوختۇر توغرىسىدا يېزىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا ئىناۋىتى بەك يۇقىرىكەن، ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەن، ئۇنى ھۆرمەتلەيدىكەن. بۇ ئويۇمنى باش ۋراچ جاۋ شىڭگۇ، تۇرسۇنئاي ھەدە، ۋراچ لوچۇخەي، بالنېست ۋراچى ئەخمەتجان قاتارلىق يولداشلارغا ئېيتتۇۋېدىم، ئۇلارمۇ قوللىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىمنى ئوپېراتسىيىدىن ئىككى كۈن بۇرۇن يېزىپ تاماملىدىم.

## بۇ نارەسىدىنى قۇتقۇزۇۋالايلى

ـــ جېنىم دوختۇر، بۇ بالىغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، مېنى بىر كىرگۈزۈۋەتسىلە.

ـــ ياق، بولمايدۇ، چۈشكىچە ساقلاپ تۇرۇڭ.

ئاتمىش ياشلارغا ئۇلاشقان بىر ئادەم ئوتتۇرا ياش بىر ئايالنىڭ قۇچىقىدا ياتقان ئاجىز بىر بالىنى ئىما قىلىپ، ئاق خالاتلىق بىر يىگىتكە يالۋۇرماقتا ئىدى.

ـــ تاغا، بۇ بالىغا نېمە بولغان؟ ـــ سورىدىم بوۋايدىن.

ـــ نېمە بولاتتى ئۇكام، نېمە بولاتتى، كۆرسىلە بۇ بالىنى، ـــ ئۇ شۇنداق دېگەچ كونا كۆرپىگە يۆگەلگەن بالىنىڭ بەدىنىنى ئاچتى.

ئاھ، بۇ نېمە كارامەت! ئادەم دېگەن مۇشۇنداقمۇ بولۇپ كېتەمدىغاندۇ؟ بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنى شەلۋەرەپ، يىرىڭداپ كەتكەنىدى. پۇت ـ قولى چوكىدەك ئىنچىكە بولۇپ، چىرايى ساپسېرىق كۆرۈنەتتى.

دەرھال كۆرپىنى ياپتىم. شۇئان بىر كۈچلۈك قول كۆرپىنى ئاستا ئاچتى. دەرھال كەينىمگە بۇرۇلدۇم. تاڭ دوختۇر يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغانىدى. ئۇلىشىۋالغانلار كەينىگە داجىشتى.

ـــ ھە... قۇربانىنىياز، نېمىشقا بالىنى مۇشۇنچىۋالا بولغۇچە ئەكەلمىدىڭ سەن... ـــ

تاڭ دوختۇر بوۋايغا كايىدى، ــ دەرھال بالنىستقا ئەكىر.

ــ ماۋۇ دوختۇر ئۇنىمىدى، ــ قۇربانىياز ئاكا بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئاق خالاتلىق يىگىتنى ئىزدىدى. ئۇ ئالدىقاچان بۇ يەردىن كەتكەنىدى، ــ قېنى ئۇ ... قېنى؟

ــ كىم؟

ــ بايا بىر دوختۇر قوبۇل قىلمايمىز دېگەن.

ــ نېمىشقا؟

ــ پۇل ...

ــ ھە ... پۇل يوقمىدى سەندە.

ــ يوق ئىدى.

ــ كېرەك يوق. پۇل بولمىسا ئامالىنى قىلىمىز.

تاڭ دوختۇر كەينىگە يېنىپ دوختۇر ئىشخانىسىغا كىردى ۋە دەرھال ياتاقتا قوبۇل قىلىش كارتۇچكىسىنى توشقۇزۇپ، سېستىرالار باشلىقىغا ئۇزاتتى:

ــ بۇ بالىنى دەرھال ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

سېستىرالار باشلىقى بۇ ئىشنى دىجورنى سېستىراغا تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى. دىجورنى سېستىرا قەغەزنى قۇربانىياز ئاكىغا ئۇزاتتى:

ــ پۇل تۆلەپ كەلسىلە.

قۇربانىياز ئاكا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ تەمكىنسىلىكتا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تاڭ دوختۇرغا قارىدى.

ــ تېز بولسىلا، بالا لازىم بولسا، تېزرەك پۇل تۆلەپ كەلسىلە.

ــ مەن ... مەن پۇل تېپىپ كېلەي.

ــ نەدىن پۇل تاپىسىز؟ ــ تاڭ دوختۇر ئۇنىڭدىن سورىدى.

ــ بىرىدىن قەرز ئالارمەن.

تاڭ دوختۇر سېستىراغا بۇيرۇدى:

ــ ئاۋۋال ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇڭ، پۇلنىڭ ئىشىنى كېيىن بىر لېمە دېيىشەيلى.

ــ پۇل بولمىسا ... بۇ ... تۈزۈمگە خىلاپ ... ــ سېستىرا غودۇرىدى. ئۇ قۇربانىياز ئاكىغا ئالىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

تاڭ دوختۇر يېنىدا تۇرغان دوختۇر ـ سېستىرالارغا يۈزلىنىپ دېدى:

ــ پۇل، پ ـ ۇل، دەيدىكەنمىز ـ دە. پۇل بولمىسا ئادەم ئۆلۈشى كېرەكمۇ؟ بۇ بىچارە ئامالىنىڭ يوقىدىن بۇ يەرگە كەلگەن. شۇ تاپتا ئۇ نەدىن پۇل تاپالايدۇ، ئۇنىڭغا كىممۇ قەرز بېرىدۇ؟ «كۆپ تۇكۇرسە كۆل تولار» دېگەن گەپ بار. ھەممىمىز ئىئانە قىلىپ، بۇ نارەسىدىنى قۇتقۇزۇۋالايلى.

قۇربانىياز ئاكىنىڭ يۈرىكى ئېرىپ كەتكەندەك بولدى، كۆزلىرىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش قاتاڭغۇر مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ، جاۋغىيىدا توختاپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوغلى بىر تىيىنسىز ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئادەتتە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنغان بىمار ئالدى بىلەن تۆتيۈز يۈەن تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

بالىنىست ئىچىدە كېسەللەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشەتتى. توپ - توپ بولۇشۇپ قۇربانىياز ئاكىنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى مۇھەممەت ئەلى ياتقان ياتاققا كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. مەنمۇ مۇھەممەت ئەلىنى كۆرۈپ چىقىش نىيىتىدە ئۇ ياتقان ياتاققا كىردىم. پاكار، دىققاق، چىرايلىق سېستىرا نۇرىساننىڭ قولىدا بىر بولاق پۇل، ئالدىدىكى شىرەدە ئىسمىلىك يېزىلغان قەغەز تۇراتتى. ئىسمىلىكنىڭ بېشىدا تاڭ دوختۇرنىڭ ئىسمى ۋە ئۇ ئىئانە قىلغان پۇل سوممىسى ئېنىق يېزىلغانىدى. كېيىنكى قۇرلارغا بۆلۈم تەۋەسىدىكى بارلىق دوختۇرلار، سېستىرالارنىڭ ئىسمى - شەرىپى ۋە ئۇلار ئىئانە قىلغان پۇل سوممىسى يېزىلىپتۇ. پۇل ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا داۋالىنىشقا كەلگەن بىمارلارمۇ بار ئىدى. مەنمۇ ئاتىغىنىمنى ئۈستەلگە قويدۇم.

سېستىرا نۇرىسان ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ، تاڭ دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى:

— ئۈچيۈز نەچچە يۈەن يىغىلىپتۇ، تاڭ دوختۇر، تېخى ئىئانە قىلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، — دېدى ئۇ جاۋىلداپ.

تاڭ دوختۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئاندىن كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ دېدى:

— ئىككىيۈز يۈەننى بوغالتىر بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈڭ، قالغان يۈز نەچچە يۈەننى سېستىرالار باشلىقى غۇنچەمگە بېرىڭ، مۇھەممەت ئەلىنىڭ تامىقى ئۈچۈن ئىشلەتسۇن.

ھەر كۈنى بىر نۆۋەت مۇھەممەت ئەلىنىڭ ياتىقىغا ئۇنى - بۇنى ئېلىپ كىرىپ تۇردۇم. ھەر قېتىم كىرگىنىمدە ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى تومپۇچكا ئۈستىدە سۈت، تۇخۇم، شورپا، قەنت - گېزەك، كونسېرۋا دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. بىر كۈنى قۇربانىياز ئاكا بىلەن پاراڭلاشتىم:

— بۇ نەرسىلەرنى سېستىرالار باشلىقى ئەكەلگەنمۇ؟

— شۇنداق، ئۇمۇ ئەكىلىدۇ، كېسەللەر، دوختۇرلار، سېستىرالارمۇ سۇنۇشىدۇ.

— بۇ بالىغا نېمە بولغان؟ — مەن مۇھەممەت ئەلىنى ئىما قىلدىم.

— قايناق سۇدا كۆيۈپ كەتكەن. تاڭ دوختۇر ئۇنى سەللىمازا ساقايتىپ، قولۇمغا بەرگەنىدى. بۇنداق بولۇشىنى نەدىن بىلەي، بالىنى ئوبدان باقالماپتىمەن. كۆيۈك ئورنى يېرىڭداپ، بالىنىڭ جېنىنى ئالغىلى ئاز قالدى، قارىسىلا ئۇكام.

مەن ئوپېراتسىيە قىلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە كېسەلخانىغا بىر بوۋاي بىر بالىنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. بۇ قۇربانىياز ئاكا ئىدى.

مەن قوزغىلىپ، ئۆرە بولماقچى بولۇۋىدىم، قۇربانىياز ئاكا توسۇپ قويدى:

— قوزغالماڭ ئىنىم، ھەرقايسىڭلارنىڭ ياخشى تىلىكى، دوختۇرلارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئوغلۇم ساقايدى. ئەمدى چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز.

— پۇلنى قانداق قىلدىڭىز، داۋالىنىش چىقىمىنى دەيمەن.

— كۆتۈرۈۋەتتى، ھەممىسىنى كۆتۈرۈۋەتتى، دوختۇرلارنىڭ، سېستىرا خانىملارنىڭ ياردىمىدە بالام ساقىيىپ كەتتى.

مۇھەممەت ئەلى كەتتى، سەللىمازا ساقىيىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى

دوستلىرى بىلەن ئويىنىيالايدۇ، مەكتەپتە ئوقۇپ مەرىپەت ئىگىلەپ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

ئاھ، تاڭ دوختۇر، سىز ئۇنى قۇتقۇزدىڭىز.

## ئۆلۈپ بولۇپ، تىرىلدىم

15 - مارت، سەھەر.

تاڭ دوختۇر كۆك پوسما، ئاق خالات، نېپىز سۇلياۋ پەلەي كىيىپ، باش ۋراچ جاۋ شىڭگۇ بىلەن ۋراچ مىجىتنى ئەگەشتۇرۇپ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى. دوختۇرلار، سېستىرالار، ناركوز قىلىدىغانلار، قان بېرىمىسى ۋە يۈرەك ھەرىكىتىنى ئۆلچەيدىغانلار ھەممىسى جىددىي ھالدا تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن. قان ئامبىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئىككى شېشە قان شىرە ئۈستىدە تۇراتتى. قارىغاندا، بۈگۈن چوڭ بىر ئوپېراتسىيە ئىشلىنىدىغاندەك تۇراتتى.

ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا ياتقۇزۇلغان قىرىق ياشلاردىكى بىر كىشى كۆزىنى چىمىڭ يۇمۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئازراق تاتارغان، بەدىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى.

ئوپېراتسىيە تەييارلىقى پۈتتى. تاڭ دوختۇر ياردەمچىلىرىگە تەكشى قاراپ چىقتى. ئاندىن قولىغا ئۆتكۈر تىغنى ئېلىپ، ئاللىقاچان ناركوز قىلىنىپ بىھوش ھالەتتە ياتقان كىشىنىڭ كۆكرىكىنى ئاستا ئەمما ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياردى.

سەككىز سائەتلىك جىددىي ئوپېراتسىيە ئارقىلىق قىزىلئۆڭگەچ راكىغا گىرىپتار بولغان بۇ دېھقاننىڭ قىزىلئۆڭگەچ ئىچىگە چاپلاشقان كىچىككىنە لەش گۆش كېسىپ ئېلىۋېتىلدى.

تاڭ دوختۇر ھارغىن قىياپەتتە ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن قايتىپ چىقتى. تۇرسۇنىياز ئاكا ئاللىقاچان جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىدىن ئاشقازىنىغا كىرگۈزۈلگەن شلانكىنىڭ بىر ئۇچى كارىۋاتنىڭ يان تەرىپىگە ئېسىلغان بوتۇلكىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. سول بىقىنىدىن كىرگۈزۈلگەن شلانكىدىن قىزغۇچ قان - يىرىڭ ئارىلاش زەرداپ تامچىلاپ تۇراتتى.

سېستىرالار باشلىقى غۇنچەم بىلەن سېستىرا دۇيەنپى تۇرسۇنىياز ئاكىنىڭ يۈرىكىنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش ماشىنىسى بىلەن تەكشۈرۈۋاتاتتى.

تاڭ دوختۇر جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنى كۆزىتىپ بولۇپ كېيىنكىگە بۇرۇلدى. ئىشىك تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئىشكاپقا نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ ھەر خىل دورا، ئوكۇللارنى، جىددىي قۇتقۇزۇش سايمانلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئۇ، سېستىرالار باشلىقى غۇنچەمگە:

— بىمارنىڭ بېشىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماڭلار، ئەگەر بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، — دەپ جېكىلىدى.

uyghurkitap.com



نەچچە كېچە ـ كۈندۈز پەرۋىش قىلىش نەتىجىسىدە تۇرسۇننىياز ئاكا كۆزىنى ئېچىپ، سۈيۈق ـ سەلەڭ نەرسىلەرنى يېيەلەيدىغان بولدى. ئەمما تاڭ دوختۇر، غۇنچەم، دو يەمپى قاتارلىقلارنىڭ جاننى ئۇلتۇرۇشۇپ، ياشاق سۆڭەكى چىقىپ، دەلدەگىشىپ قالدى.

—تاڭ دوختۇر، تۇرسۇننىياز ئاكا بالنىستىن چىقسام دەيدۇ، — سېستىرالار باشلىقى غۇنچەم تاڭ دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ شۇنداق دېدى.

— ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلغىنىمىزغا قانچە ۋاقىت بولدى؟ — سورىدى تاڭ دوختۇر ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي.

غۇنچەم شىرە ئۈستىدىكى كالېندارنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ، ھېسابلاپ چىقتى.

— توپتوغرا يىگىرمە بەش كۈن بولدى.

— ماقۇل. ئۇ ھازىر خېلى ياخشىلاندى. بۇ يەردە بىر كۈن ياتسا ئون نەچچە يۈەن كېتىدۇ، ئون نەچچە يۈەن دېگەن دېھقاننىڭ بىر ئايلىق ئوزۇقى كېلىدىغان پۇل - دە. ئۇ ھېلىمۇ بەش مىڭ يۈەندىن كۆپرەك چىقىمدار بولدى، — تاڭ دوختۇر كۆزەينەكىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ دېدى، — يۈرۈڭ، ئۇنىڭ ياتىقىغا چىقىپ باقايلى.

تۇرسۇننىياز ئاكىنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈرگەن، چاچ - ساقىلى پاكىز چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، شورپا ئىچىۋاتاتتى. تاڭ دوختۇرنى كۆرۈپ لىككىدە يەرگە چۈشتى.

— ھەي ... ي، قارىغا سىزنى، ئاستىراق چۈشمەمسىز؟ — تاڭ دوختۇر نارازى بولغاندەك تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا تەنبىھ بەردى.

— ساقايدىم دوختۇر، ساقايدىم. مەن ئۆلۈپ بولغان، سىز مېنى گۆر ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كەلدىڭىز، قايتا تىرىلدىم. سىزنىڭ ماڭا قىلغان ئەجرىڭىز ئاسمان - زېمىندىن چوڭ، سىڭلىم غۇنچەممۇ ئاز جاپا تارتمىدى. ئۆز قىزىم بولسىمۇ بۇنچىلىك كۆيۈنۈپ باقمايتتى.

— ئاغا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز تۇرسا.

— بۇ قىزىمىز ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر سېستىرا. ئۇ سىزدەك كېسەللەردىن ساناقسىز كىشىنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولغان، — دېدى باش دوختۇر تۇرسۇنئاي ھەدە پەخىرلىنىپ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۇرسۇننىياز ئاكىنىڭ يارىسىنىڭ ھېچقانداق يېپىرى يالـ لۇغلانمىغانلىقى، بىرنەچچە ئاي ئۇبدان كۈتۈنسىلا ساقىيىپ كېتىدىغانلىقى ئايان بولدى.

تۇرسۇننىياز ئاكا ساقىيىپ بالنىستىن چىقىپ كەتتى، ئۇ ماڭىدىغان چاغدا تاڭ دوختۇرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— سىزگە كۆپ رەھمەت تاڭ دوختۇر، مەن سىزنىڭ ئەجرىڭىز بىلەن ھاياتلىق يولىغا قايتا قەدەم باستىم، مەن سىزنىڭ ئەجرىڭىزنى قانداقمۇ قايتۇرۇپ بولارمەن؟

— ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، بىرنەچچە ئايغىچە ئېغىر ئىش قىلماڭ، — جېكىلىدى تاڭ دوختۇر.

## تاڭ دوختۇر بولغان بولسا...

كېچە سائەت 12 دىن ئاشقانىدى. تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىدا دوختۇر لوچۇخېي بىلەن ياردەمچى دوختۇر مىجىت ئابدۇللا كېسەل تارىخى يېزىپ ئولتۇراتتى. ئاسمان كۆيە سۈركىگەندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. تىنجىق ئىسسىق ئادەمنىڭ نەپسىنى قىساتتى، يېنىكرەك بىمارلار بالنىست بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا ئورۇن سېلىپ يەلپۈنۈپ يېتىشاتتى. بىر جىپ ماشىنا قاتتىق سىگنال بېرىپ، دوختۇرخانا بالنىست رايونىغا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئانا دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن قۇيۇندەك كىرىپ كەتتى. ئانىنىڭ پۇتى يالاڭاياغ ئىدى. ئۇ توختىماي: «ئاھ بالام، ئاھ، جېنىم قوزام ...» دەپ نىدا قىلاتتى. ئۇ بىنا پەلەمپىيىگە يامىشىۋېتىپ، مۆدۈرۈپ يىقىلدى.

ئېلېكتر چىرىغىنىڭ كۈچلۈك نۇرى نوسۇلكىدا ياتقان قىز بالىنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىنى يورۇتتى. قىزنىڭ بۇرنى ۋە قۇلىقىدىن سىرغىپ ئېقىۋاتقان قان پولغا تامچىلاۋاتاتتى.

لو دوختۇر بالىنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. بالا ئالەملىسىدە ئاكا-ئىنىلىرى بىلەن ئويناۋېتىپ ئىككىنچى قەۋەت پەلەمپىيىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، باش ئارقا سۆڭىكى يېرىلغانىدى. بۇ بالىنىڭ دادىسى يەككە تىجارەتچى بولۇپ، داۋاملىق سىرتلاردا يۈرەتتى، ئانىسى دۇكاندا تىجارەت قىلاتتى.

خەلچەم ئىسىملىك بۇ قىزنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، تىنىقى بار-يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 لەردە ئالتە ياشلىق يەنە بىر ئوغۇل بالا خەلچەم ياتقان جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە قوبۇل قىلىندى. بۇ بالا ماشىنىغا سوقۇلۇپ يارىلانغانىدى.

لو دوختۇر كىرىپ ئوغۇل بالىغا دورا، ئوكۇل يازدى. ئاندىن بالىنىڭ دادىسىغا جېكىلىدى:

— بالىنىڭ بېشىغا مۇز تېڭىڭلار. مۇز قان ئۇيۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مۇزنى ئۇششاق چېقىپ، لۆڭگە ئارىسىغا ئېلىپ بېشىغا تېڭىڭلار، ئاندىن بىر ئامال قىلىپ باۋەرلىك دېيەنجەن دېگەن ئوكۇلنى تېپىپ كېلىڭلار. بۇنداق ئوكۇل بىزدە يوق. ئىزدەپ باققاڭلار باشقا جايلاردىن تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئوكۇل تېپىلمىسا بالىلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش تەس. تاڭ دوختۇر بولغان بولسا، ئامالىنى قىلغان بولاتتى.

— ئۇ نەگە كەتكەن؟

— ئىچكىرىگە، دەرس ئۆتكىلى.

ئابلەتجان ئىسىملىك ئوغۇل بالىنىڭ دادىسى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇ شەھەرلىك دوختۇرخانا، دورا شىركىتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىزدەپ، قۇرۇق

قول قايتتى. قىزچاقىنىڭ دادىسى ئىسلامنىياز ھاجى ئۈرۈمچىدىكى، گۇاڭجۇدىكى شېرىكلىرىگە تېلېفون سوقتى. ئۈچ كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن ئۇنىڭ ئۇچۇرى بولمىدى. ئوقۇتقۇچى تىت-تىت بولاتتى. ھاجىم نەچچە تۈمەن پۇلنىڭ بۇ ئىشتا رولى بولمىغانلىقىدىن ئەجەبلىنەتتى، تونۇش-بىلىشلىرىگە يالۋۇراتتى، موتىسكلىت بىلەن تەرەپ-تەرەپكە چاپاتتى، لېكىن ئۇنۇمى بولمايۋاتاتتى.

يەتتىنچى كۈنى كەچتە تاڭ دوختۇر ئاسماندىن چۈشكەندەكلا دوختۇرخانىدا پەيدا بولدى.

— جېنىم دوختۇر، بېشىمىزنىڭ تېشىمۇ، ئىچىمۇ قاتتى، شۇنچە چوڭ دوختۇرخانىدىن تېپىلمىغان ئوكۇلنى بىز نەدىنمۇ تاپارمىز، — دېدى مۇئەللىم.

— بىر تېپىلى مىڭ يۈەن بولسىمۇ سېتىۋالاتتىم، — ئىسلامنىياز ھاجىم ئېغىر خورسىندى.

— ئەنسىرىمەڭلار، جىددىيلەشمەڭلار، ئامالىنى قىلىمىز، — دېدى تاڭ دوختۇر ئىشەنچلىك ھالدا، ئاندىن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى، — ۋەي، 86141-قىسىم دوختۇرخانىسىمۇ؟ مەن تاڭ مىخۋا، مەن سىلەرنىڭ دوختۇرخانا باشلىقىڭلارنى ئىزدەيتتىم، ھە... سىز دوختۇرخانا باشلىقىمۇ؟ سىلەردە باۋەرلىك دىيەنجەن بارمۇ؟

قارشى تەرەپ بىر پەس جىمىپ كەتتى، ئاندىن:

— بىزدە يوقكەن، — دېدى.

— ئەمىسە تېلېفوننى قىسىم قوماندانلىق شتابىغا ئۇلاپ بېرىڭ.

بىردەمدىن كېيىن تېلېفون ئۇلاندى.

— ۋەي، سىز لى قوماندانمۇ؟

— ھەئە، مەن شۇ، سىز كىم؟

— مەن تاڭ يىخۋا. سىزگە ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى. ئىككى ئۆسمۈرنىڭ بېشى ئېغىر يارىلانغان، ئۇلارنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە، باۋەرلىك دىيەنجەن دېگەن ئوكۇل بولسا، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولاتتى. سىلەرنىڭ دوختۇرخانىدا يوقكەن...

— چۈشەندىم. بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ.

قىسىم قوماندانى شىنجاڭ ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسىغا، ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا، قەشقەردە تۇرۇشلۇق دالا ئارمىيە 12-دوختۇرخانىسىغا، 18-دالا ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئارقا-ئارقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ تېلېفون بەردى. 10 مىنۇتتىن كېيىن قەشقەردە تۇرۇشلۇق دالا ئارمىيە 12-دوختۇرخانىسىدىن ئۇچۇر كەلدى.

«212» تىپلىق ھەربىي جىپ قەشقەر-خوتەن تاشيولىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. قىسىم ماشىنا لىيەنىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى كاڭ ×× بۇ جىددىي ۋەزىپىگە چىققانىدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە سىياسىي يېتەكچى كاڭ ئىككى كوروپكا ئوكۇلنى كۆتۈرۈپ لو دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى چاڭ باسقان، كۆزلىرى

قىزا رغالدى. لو دوختۇر ئورنىدىن تۇردى:
— كىمنى ئىزدەيسىز؟
— تاڭ دوختۇر بارمۇ؟
— ياق، تېخى ئىشقا كېلىدىغان ۋاقتى بولمىدى. مېنىڭ ئىسمىم لو چۇخەي. بۈگۈن نۆۋەتچىمەن.
— هە، سىز لو دوختۇرمۇ، بۇنى سىزگە بەرسەممۇ بولىدۇ،— ئۇ ئىككى كوروپكا ئۇكۇلنى لوچۇخەيگە سۇندى.
— ياخشى بولدى. بەك ياخشى بولدى. بىزگە بەك جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. رەھمەت سىلەرگە!
— بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز.
لو دوختۇر ئۇنى باشلاپ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىردى.
— ئۇكۇل تېپىلدى، ئۇكۇل تېپىلدى،— ئۇ ئۇكۇلنىڭ بىرىنى ياش ئوقۇتقۇچىغا، بىرىنى ئىسلامنىياز هاجىغا سۇندى. ئىسلامنىياز هاجى هاياجاندىن ئۆزىنى يوقاتتى. هەر ئىككى ئاتا ئىشىككە يۈگۈرۈپ تۇرغان سىياسىي يېتەكچىنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى.
— بىز سىزگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتساق بولار؟
— بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز.
ئۇكۇل سېسترانىڭ قولىغا ئۆتتى. ئاندىن شپىرىسقا سۈمۈرۈلۈپ ئىككى بالىنىڭ مۇسكۇلىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇلدى.
— ئاھ، هايات ئاتا قىلغۇچى ئۇكۇل، سەن بەشيۈز نەچچە كىلومېتىر يول بېسىپ هاياتلىق ئېلىپ كەلدىڭ. سېنى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بىزگە يەتكۈزدى،— ياش ئوقۇتقۇچى هاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى. ئىسلامنىياز هاجىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. ئۇ قىزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
ئاتمىش سائەت ۋاقىت ئۆتتى. كەچتە ئاي كۈلۈپ قارىدى. خەلچەم كۆزىنى ئېچىپ، ئانىسىدىن ئۇسسۇلۇق سورىدى. ئابلەتجان يېمەكلىك تەلەپ قىلدى.
ئونبەش كۈندىن كېيىن خەلچەم ساقىيىپ، بالنېستتىن چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئابلەتجانمۇ ساقىيىپ بالنېستتىن چىقتى. ئىككى ئۆسمۈرنىڭ هاياتى تاڭ دوختۇرنىڭ تىرىشچانلىقى، لو دوختۇرنىڭ ئەجرى، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتقۇزۇپ قېلىندى. هازىر بۇ ئىككى ئۆسمۈر مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ.

## مېنى ئى دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلسۇن

تاشقى كېسەللىكلەر ياتىقىنىڭ كارىدورى تۇساتتىن ئۆرە - تۆپە بولۇپ كەتتى. تاراق - تۇرۇق، دۈكۈر - دۈكۈر ئاۋازلار كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. ئايال كىشىنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى بالنېست كارىدورىغا، پۈتۈن دوختۇرخانىغا تاراپ كەتتى.
— ۋاي، ۋايجان، مەن ئۆلىدىغان بولدۇم.

ئاللىكىملەر كېسەلخانا ئىشىكلىرىنى قىيا ئېچىشىپ، بېشىنى چىقىرىشتى، بەزىلەر ۋايساشتى، بەزىلەر تاماشىبىن سۈپىتىدە كارىدورغا چىقتى. بۇ يەردە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىۋاتقان كىشىلەر خېلى كۆپ بولۇپ، كىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بىمارلار يېنىدىكىلەردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىشاتتى. سىرتتىكى غەلۋە بىردىنلا بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كۆچتى. سىرتقا چىقتىم. ئىشىك تۈۋىگە بىر يىغما كارىۋات قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى ۋارقىرىغاق موماي ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ.

دىجورنى دوختۇر يېتىپ كېلىپ، بىمارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، بىمارنى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلمىسا ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىكەن. باش دوختۇر سېستراغا ئوپېراتسىيە تەييارلىقىنى قىلىشنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

بىمارنىڭ نالىسى بىردەملىككە جىمىدى، نۇرسىز كۆزلىرى قىيا ئېچىلىپ، كىرىشكەن چىشلىرى ئارىسىدىن ئاجىز، ئەمما قەتئىي بىر سادا ئېتىلىپ چىقتى:

— مېنى لى دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلسۇن.

كارىدوردا يۈرگەن يېنىك بىمارلار موماينىڭ ھېلىقى تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غۇلغۇلىغا چۈشتى:

— قاراڭلار، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندىمۇ ئوپېراتسىيە قىلىدىغان دوختۇر تاللاۋاتىدۇ.

— شۇنى دەيمەن، لى دوختۇر ئۇنىڭ تۇغقىنى بولسا كېرەك.

— ئەگەر بىز شۇنداق دېسەككۇ...

بۇ موماينىڭ تەلىپى ئۈستىدە ھەرخىل مۇلاھىزىلەر بولۇپ ئۆتتى، تەنىلىك، نەشتەردەك سۆزلەر دېيىلدى. ئىككى يىگىت موماينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى:

— ئەيىب ئالماڭلار تۇغقانلار، كېسەل بولغاندىكەن دېگۈسى كەلگەندۇ، — دەپ غودۇڭشىدى.

ئوپېراتسىيە ھارۋىسى تاراقلاپ كېلىپ، كارىۋات يېنىدا توختىدى. كېسەل ئوپېراتسىيە ھارۋىسىغا چىقىرىلدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. ئولىشىۋالغانلار ئاللىقاچان خانىلارغا كىرىپ كېتىشكەندى. بىردەمدىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتتىن مەزىننىڭ مۇڭلۇق، بوغۇق ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇيۇقسىز يەنە دۈكۈر - دۈكۈر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بارغانسېرى ئىشىك تۈۋىگە يېقىنلىشىپ كەلدى. موماي ئوپېراتسىيىدىن چىققانىدى، ئوپېراتسىيە ھارۋىسىدا ياتقان موماينىڭ چىرايى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى ئەسلىتەتتى. زىنىقىدا ئاجىز كۈلكە قېتىپ قالغانىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە يېنىمدا ياتقان بىمار ساقىيىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كارىۋىتىغا «لى دوختۇرنىڭ تۇغقىنى» ئورۇنلاشتى. ئارامىم بۇزۇلدى، ئۇنىڭ نالە - پەريادلىرىغا

ئۇنى يوقلاپ كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ پارىڭى قوشۇلۇپ، قولاق - مېڭەمنى يەپ كەتتى. جۇ فامىلىلىك بۇ ئايال زىنھار كۆلمەيدىكەن. ئۇ نىگان - نىگاندا باللىرىغا چېچىلىپ ۋارقىراپ قوياتتى، بىزگە قاراپمۇ قويمايتتى. گاھىدا جۇدۇنۇم تۇتۇپ قالدۇ، لېكىن چاندۇرمىدىم. ئوغۇللىرى بىلەن پاراڭلاشسام ئوغۇللىرىغا ئالىيمدۇ. بەزىدە ياتاق بازاردەك قىزىپ كېتىدۇ. بۇنى كېسەلخانا دېگەندىن كۆرە مېھمانخانا ياكى ئاشپۇزۇل دېسە بولىدۇ. نېمە ئامال؟ ئىچىمگە تىنىپ ئولتۇرىمەن. ھەپتە ئىچىدە قانچىلىك سىقىلغانلىقىمنى بىر خۇدا بىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە جۇ فامىلىلىك بۇ ئايال تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— سىزنى ئوپېراتسىيە قىلدىمۇ؟

— ھەئە.

ئۇ جىمىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئارتۇق ۋايسىمايدىغان، كىرگەنلەر كۆپرەك پاراڭ قىلسا جىمىلەيدىغان بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە جۇ ئانا بىلەن چىقىشىپ كەتتىم. ئۇ بىزگە قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بېرىدىغان بولدى، پېچىنە - پىرەنىك، تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى سۇندى. بىزمۇ بالىلارنىڭ ئانىسىغا تاپىلاپ توخۇ شورپىسىنى قىلدۇرۇپ جۇ ئانىغا ئۇزاتتۇق.

«لى دوختۇر» توغرىسىدىكى مۇلاھىزە ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە كېزىپ يۈرەتتى. بۇ ئىش بىر تۈگۈن بولۇپ قالدى. مەن لى دوختۇرنى قىياس قىلىپ باقتىم، ئۇ تاڭ دوختۇردىنمۇ قابىلىيەتلىكمىدۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنىڭغا يەتمەس، بەلكىم مەن بىلمەيدىغاندۇرمەن. سوراپ نېمە قىلاي. تۇغقىنى بولسا، بولامدۇ!

كېسىلىم ياخشىلىنىپ، ئائىلەمدە دەم ئېلىش شەرتى بىلەن بالىنىستىن چىقتىم. جۇ ئانا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بەك ئىچكىپ كېتىپتىكەنمىز، خوشلاشتۇق. ئىزدىشىدىغان بولۇپ ۋەدىلەشتۇق.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جۇ ئانىنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا باردىم. بالىنىست رايونىغا ئۆتىدىغان ئوتتۇرا دەرۋازىغا كەلگەندە يان تەرەپكە ئورنىتىلغان شەرەپ تاختىسىغا كۆزۈم چۈشتى. شەرەپ تاختىسى بۇ يەردە ئۇزۇندىن بۇيان بار ئىكەن. بۇرۇن بۇ يەردىن نەچچە قېتىم ئۆتكەندىمەن. بىراق كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىغاچقا، دىققەت قىلمىغان ئوخشايمەن. مەن شەرەپ تاختىسىدىكى سۈرەت ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنى ئالدىرىماي، تەپسىلىي كۆرۈشكە باشلىدىم. رەسىملەرنىڭ ئاستىغا ئىككى يېزىقتا چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن. ئۇلار ئارىسىدا مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر، دوختۇرلار، سېستىرالار بار ئىدى. شۇنچە تەپسىلىي كۆرگەن بولساممۇ لى فامىلىلىك دوختۇرنى بۇ شەرەپ تاختىسىدىن تاپالمىدىم. ياتاققا كىرىپ، جۇ ئانىدىن ئەھۋال سورىدىم. ئېلىپ كىرگەن مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەكنى شىرە ئۈستىگە قويدۇم. مەن جۈرئەت قىلىپ جۇ ئانىدىن سورىدىم:

— سىز لى دوختۇر بىلەن تۇغقان كېلەمسىز؟

— قىزىقكەنسىز ئوكام، بىز ئىككى مىللەت بولساقمۇ تۇغقاندەك يېقىن ئەمەسمۇ؟

— سىز دېگەن لى دوختۇر خەنزۇ ئەمەسمۇ؟
— ياق، ئۇ ئۇيغۇر.
— سىز لېتىپجاننى دەۋاتامدىغانسىز؟
— دەل شۇنى دەۋاتىمەن.

— مۇنداق دەڭ، لېتىپجاننى لى دوختۇر دېسەكمۇ بولىدۇ-دە، قاراڭ مېنىڭ چولتا ئەقلىمنى. ئەسلىدە سىز ئوپېراتسىيە ئالدىدا لېتىپجاننى تەلەپ قىپتىكەنسىز-دە. مەن تېخى باشقىچە چۈشىنىپ يۈرۈپتىمەن. باشقىلارمۇ سىزنى...

— مەن ھەممىنى ئاڭلىغان. بىراق چۈشەندۈرۈشكە ماجالىم يەتمىگەن. مەن لى دوختۇرنىڭ ئوپېراتسىيىگە پىششىقلىقىنى، بولۇپمۇ ئاشقازان، ئۈچەي ئوپېراتسىيىسىگە ئۇستا ئىكەنلىكىنى تاڭ دوختۇردىن ئاڭلىغان.

كۆڭلۈمدىكى تۈگۈن يېشىلگەچكە مىكىن، خۇشال ھالدا دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتىم.

مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان ياش ئىختىساسلىقلار، سىلەرنىڭ قېرىنداش مىللەت خەلقى ئارىسىدىمۇ نامىڭلار مەشھۇركەن. لېتىپجان! لى دوختۇر! سىزگە ئەقىل - پاراسەت مەڭگۈ يار بولسۇن!

## كۆيۈك

تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ كېسەللەر ياتىقىدا تۇرسۇن ئىسىملىك بىر ياش يىگىت ھوشسىز ياتاتتى. ئۇ مەلۇم ناھىيىلىك پاختا - كەندىر شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ، دۆلەتنىڭ نەچچە مىڭ كىلوگرام پاختىسىنى قوغداپ قېلىش يولىدا كۆيۈپ يارىدار بولغانىدى.

ھاۋا ئىسسىق ئىدى، ياتاقلار دىمىق بولۇپ كەتكەنىدى. تۇرسۇننىڭ پۈتۈن بەدىنى ئاپئاق داكىدا تېڭىۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ تۇل ئانىسى يۈرەك پارىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە ئوغلىنىڭ چامى يەتمەيتتى. تۇرسۇننىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگىنىگە 6 - 7 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي كەلگەنىدى. ئەمدى، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىدى، كۆيۈپ كۆسەيدەك بولۇپ قالدى. ئانىنىڭ دەردە - ھەسرىتى چېكىگە يەتكەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلىغا كىممۇ قىزىنى بېرەركىن.

تۇرسۇنغا قاراشقا مەخسۇس بەلگىلەنگەن سېستىرا دويېمېي كىرىپ، تۇرسۇننىڭ تېڭىقىنى يەڭگۈشلەشكە تۇتۇندى. ئانا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقىپ كەتتى.

ھەر قېتىم تۇرسۇننىڭ تېڭىقى ئاجرىتىلغاندا، ئۇ كۆسەيگە ئوخشاش قاپقارا بىر نەرسىگە ئايلىناتتى، قايتا تېڭىلغاندا بەدىنىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ ئاپئاق داكىنى ئالا-بۇلىماچ قىلىۋېتەتتى. ھەر قېتىم تاڭغاندا سېستىرا دويېمېي ئۇنىڭ ئالىقانىدەك - ئالىقانىدەك

تېرىسىنى كېسىپ ئېلىۋېتەتتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى، تۇرسۇن ساقايدى، تېنىدە ھېچقانداق تاتۇق قالماي ساقايدى. ئۇ دويىمپىينىڭ ھەمراھلىقىدا دوختۇرخانا ھويلىسىدىكى كىچىك باغچە ئىچىدە سەيلە قىلىدىغان بولدى.

ھەر كۈنى بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ قولتۇقلىشىپ، كېسەلخانىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى، نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەچ باغچە تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرەتتىم. بىر كۈنى تۇرسۇندىن سورىدىم:

— تۇرسۇنجان، ساقايغاندەك تۇرىسەن - ھە؟

— ساقايدىم. دوختۇرلار چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، دەيدۇ.

— ئەمىسە قاچان چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن، ئاداش؟

— ھەي ئاداش، ساقايدىم دېگىنىم يالغان. بەدىنىم ساقايغان بىلەن ماۋۇ يەردە ئوت كۆيۈۋاتىدۇ، — ئۇ مەيدىسىنى كۆرسەتتى.

— كۆرۈڭ ماۋۇ ئىشنى، سەن ھېلىقى سېستراغا كۆيۈپسەن - دە.

ئۇ مەندىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، يانغا قارىۋالدى.

ئاھ بىچارە، سەن شەھەردە ئۆسكەن بۇ خەنزۇ قىزغا كۆيۈپسەن. قارىغاندا، ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئىھ، مۇھەببەت، سەن بىلەن ھايات قايتا ئاپىرىدە بولىدۇ. ئۆلگەن ھۈجەيرىمۇ تىرىلىدۇ. سېنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچۈڭ قېرىنداشلىق مېھرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرسۇن. سەن كۈچۈڭنى كۆرسەت! دوستلۇق رىشتىمىز مەڭگۈ ئۈزۈلمىسۇن. سېنىڭ قۇدرىتىڭدىن ئاپىرىدە بولغان ھايات سىمفونىيىسى ئەبەدىلئەبەد ياڭرىسۇن!

## خاتىمە

قەدىرلىك كىتابخان، مەن سىزگە تاڭ دوختۇر ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىنىڭ مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان بىرەر كەشپىياتىنى ياكى ئۇنىڭغا بىرەر ھوقۇقلۇق ئورگان تەرىپىدىن بېرىلگەن تەقدىرنامىنى كۆرسىتەلمەيمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنىڭ تۆھپە ۋە كەشپىياتلىرى بىر مىليون تۆت يۈز مىڭ خوتەن خەلقىنىڭ قەلب دەپتىرىگە يېزىقلىق، ئۇلارنىڭ ئەجرىگە بېرىلگەن ئالقىشنى ھەر بىر خوتەنلىكنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايسىز.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

مۇھەممەت سالىم

# پەرىشتە قانىتىدا...

مەڭگۈ ياشاش ئىزىدىدىك ئۇزاق،
ئۆز يولۇڭنى بولالماي تاللاپ.
ئۇۋچى ساڭا قۇرغانغۇ تۇزاق،
نېچۈن ئاڭا چۈشتۈڭ سەن دانلاپ؟

مانا ئەمدى ھەتتا بارىدىن
ئايرىلىشىڭ ھارپىسىدا سەن،
بولدى، بۇندىن قۇتۇلسام، قايتا،
چۈشمەيمەن، دەپ ئىچمە سەن قەسەم.

ۋاراقلىما ئاختۇرۇپ يېشىم،
قولۇڭدىكى ئىزاھسىز لۇغەت.
دان ئىزدىمە، بۇ قۇتۇلۇشىڭ
ئەڭ ئاداققى چارىسى پەقەت.

* *

ئاھاڭىغا غىڭشىپ ئەللەيىڭ،
ئۆز-ئۆزۈڭنى ئۇخلاتتىڭ بەزلەپ.
كەلگۈسىڭنى ئۇنتۇپ شۇ پەيلىڭ،
ئۆتمۈشىڭنى چۈشەكەپ، ئەسلەپ.

ئاگاھ بولغىن، پىنھان ئىچىڭگا،
ئەجەل تىلەپ يۈرەر بىر چەم يۈز.
مەۋھۇم ئەتەڭ تۇرار يېنىمدا،
دەپ: ئېنىقلىق بەرگىن يۈزدە - يۈز!

بىر چاغلاردا يىتكەن مەنتىقەڭ،
ئىزدەر سېنى تېنەپ - تەمتىرەپ.
ماھىيىتىڭ ئۆزگەرمىش بۇ دەم،
ئادەملىكىڭ قەيەردە ھەلەك؟
تېپىۋالغىن ئادەملىكىڭنى!

* *

چاچقۇن ئوي ۋە چەلەڭگۈش خىيال
بىر ئۆتەڭنى قىلغان جاي - ۋەتەن.
كۆچمەن شامال ئەپكەلگەن زاۋال
شۇ دەم ئاڭا تىكمەكتە كېپەن.

قويۇلمايدۇ شامالغا چېكىت،
خىيال ھامان ساقلايدۇ سۈكۈت.
ئۇندا چېچى ئاقارغان ئۈمىد
نېمىنىدۇ ئۇلتۇرار كۈتۈپ.

ئۇ كۈتىدۇ كىم ۋە نېمىنى؟
بۇنى ھەرگىز بولمايدۇ بىلىپ.
(ئىزدىگىنىڭ كېلەمدۇ، قېنى،
مۇبادا سەن تاپمىساڭ بېرىپ؟!)

* *

يازدا ھاۋا سۇۋۇسۇن دېدىڭ،
بوستانلاردا سالقىنداپ يېتىپ.

كۆزدە ئۇزۇق ئاۋۇسۇن دېدىڭ،
بارنى يەپ ۋە بۇزۇپ - چېچىپ.

قىشتا پۇرسەت ئۆتۈپتۇ دېگەچ،
دېرىزەمدە ياتتىڭ شۈمشىيىپ.
كۈتۈۋېدىڭ كۆكلەم كەلسۇن دەپ،
مانا ساڭا باھار ئاق قۇشقاچ،
چاڭگا تىزىپ ئالماسەن بېرىپ؟!

* *

چۈش،
قىزىغان ھاۋا تونۇردەك،
زېمىن ياتار سۇكۇتكە چۆمۈپ.
ئادەملەرمۇ تارتىشىپ خورەك،
ئۇخلىماقتا شېرىن چۈش كۆرۈپ.

تومۇزغىمۇ سايرىماس ھەتتا،
كېسىلگەنمۇ دېمى ھاياتىنىڭ؟
چىلىلىدى بىر خوراز پەقەتلا
جىمىلىقنى بۇزۇپ ئەتراپنىڭ.

ھەممە تۇزدى ئىرغىپ - ئۇندەرەپ،
چىلىلىشىدىن ئۇنىڭ بىمەھەل.
بارىكاللا خورىزىم ساڭا،
بۇ ھاياتىنىڭ ئويغاقلىقى دەل.

* *

سۆيگۈ ئەجەب قىزىق مۇئەمما،
سەن سۆيمەسەن مېنى ئەزىزىم.
پەرۋا قىلماي سۆيگۈڭگە ئەمما،
مەن يۈرىمەن ئۆزگىدە ئېسىم.

مەن سۆيگەنمۇ سۆيەر ئۆزگىنى،
ھېچقايسىمىز تاپمىدۇق مۇراد.
يەر جىمجىتتەك، ئەمما ئۈستىنى
باسقان تامام شۇنداق مۆجىزات.

* *

سۆيۈپ قالدىڭ، ئەمما سەن مېنى،
چۈشەنمەيسەن قىلچە (چىن سۆزۈم).
چۈشىنىشمۇ بولمايسەن، چۈنكى
ئۆزۈمگىمۇ مۇئەمما ئۆزۈم.

چۈشەنسەڭدى مېنى ناۋادا،
بەلكىم سېنى قالاتتىم سۆيۈپ.
تىلەكلىرىم نامەلۇم ساڭا،
شۇڭا سەندىن يۈرىمەن كۈلۈپ.

سۆزلىرىمدە قىلدىم ئىشارە،
ئاشۇنىمۇ سەزمەي يۈرەمسەن؟
مېنى سۆيۈپ بولما ئاۋارە،
ئارمانلىرىم نېمە؟ بىلەمسەن؟

* *

كۈلۈمسىرەپ دىلبىرىم ئوماق،
ناز ئىلكىدە باقسەن قىيا.
بۇلبۇل گۈلگە باغلاپ ئىشتىياق،
تاڭدا تاڭدەك باققاندەك گويا.

مۇھەببەتكە رەڭداش تۇيغۇلار
يۈرىكىڭنى قىلدىمۇ ئەسىر؟
ئويغاتتىمۇ ياكى قايغۇلار،
سەن كۆزۈمدىن ئوقۇغان نەسىر؟

سۆزسىز سەنۇ، سۆزۈڭ بار ماڭا،
قارىشىڭدىن چۈشەندىم شۇنى.
كۆزۈڭ تۆكەر بىر جاھان مەنە،
سۆيگۈ دېسەم بولامدۇ ئۇنى؟

* *

بىر بېقىپلا قاچتىڭ گۈزىلىم،
سۆيگۈ بىلەن دىلنى زەرەتلەپ.
يەلپۈندۇ يېشىل رومىلىڭ،
كەل دېگەندەك مېنى شەرەتلەپ.

كۆزلىرىڭگە مۆكۈنگەن ئالۋۇن
ئاداشتۇردى ئەقلىمدىن يىراق.
كۈيلىرىمدىن مۇڭ تارايدۇ، مۇڭ،
ئاۋۇناي دەپ دۇتار چالسام، ياق—

سەرسان روھىم كېزەر سامادا،
مىسكىن جىسمىم يەردە ئاۋارە.
تېپىۋالسام سېنى ناۋادا،
ھەي، بۇنىڭغا بارمىدۇ چارە؟!

مۇتىئەللا ئىبراھىم

# شېئىرلار

## ئەقىدە

تاغ،
ئۇلۇغ تاغ،
كېلىپ ساڭا ھەۋىسىم
ئاقتىم بويۇڭدا.
ناخشا ئېيتتىم، چاچتىم ئۈنچە،
سۆيدۈم شۇنچە،
بىلمىدىم
بارلىقنى نېمە ئويۇڭدا.
كۈتتۈم - كۈتتۈم
قىلدىڭ زامانلىق.
ئاقتىم - ئاقتىم
قىلدىڭ ماكانلىق.
سەنمۇ كەتمەي بولدۇڭ ئۆزۈمنىڭ.
ئاقماقتىمەن،

كۈتۈپ يەنە
سەندىن بىر زۇۋان
كۈتمەن چىداپ،
ئۆچۈشىدىن قورقماي كۆزۈمنىڭ.

ئاچساڭ بىر كۈن
كۆكرىكىڭنى،
تاشلانساڭ ماڭا؛
چىقسا ئۈنۈڭ قۇدرەتكە تولغان.

## چايقالسا

چايقالسا
زېمىندا ئوت،
ئاسماندا شولا،
بولۇپ ئىشقىڭ زور ۋولقان.

## جۇدالىق

تەسەللىيدۇر مەن ئۈچۈن،
مەۋجۇدلۇقىڭ سېنىڭ دۇنيادا
ھەمدە مېنىڭ ھايات تۇرغىنىم.
ئېيتقىنا،
سوۋۇتمامدۇ كۆڭلۈڭنى مەندىن،
مېنىڭ يەنىلا
ئىللىق قۇچاق ئاچالماي ساڭا
بۇ يىراقتىن پەرياد ئۇرغىنىم.

ئېيتمەن رەھمەت،
قېرىتماستىن سېنى ياش تۇتقان
ئايغا، قۇياشقا؛
لېكىن قىممەت ماڭا ھەر بىر دەم.
بولدى بەس،
پۈتەر ئەمدى جۇدالىق،
يەتكىنىمدە بۇ ياشقا
سەزمەكتىمەن ئۆزۈمنى بەردەم؛
مېنىڭ ئىشقىم،

سىنىڭ ئىشەنچىڭ
ھەر قەدەمدە ماڭا تاغدەك دەم.

## چىشلىسەڭ قاۋاپ چىشلە

ئىت،
ئىت ئىكەنسەن چىشلەيسەن؛
چىشلىمە دەپ،
ئادەم ساڭا
قىلىپ يۈرمەس ئاغزىڭ ئاۋارە.
چىشلىشىڭ
ئاتا مىراس ھۈنىرىڭ؛
ئېسىلساڭلا پاچاقفا،
بولمىغاندا،
قىلالايسەن پۇشقاقنى پارە.

چىشلىسەڭ چىشلە،
لېكىن ئىت بولساڭ،
كەينىدىن
ماراپ چىقماي ئۈن - تىنسىز،
چىق ئالدىدىن قاۋاپ ئاشكارا.
قاۋا - ھاۋشۇ
تاپقۇدەك ئارام؛
يوق بولسىمۇ قولۇڭدا دەستەك،
بارغۇ تىلىڭدا
ھاۋ - ھاۋ دېگەن
ئۆمرىڭدە پۈتمەس ئىبارە.

## يولچىغا

يوللىرىڭ بولماس ئوڭۇشلۇق ياخشى يولداش بولمىسا،
بىلگۈدەك ئوي - دۆڭنى بەلكى ياخشى يولباش بولمىسا.
مەيلى كەل غالىب، زەپەر قۇچ، مەيلى كەل پېشكەبلگە دۇچ،
ئالدى - كەينىڭدە تىلەكداش، ياخشى قولداش بولمىسا.

قىل سەۋر، يول جابدۇقۇڭ قالسا كېيىن پات بولمىسا،
يانما ھەم چىققان يولۇڭدىن بەزىلەر شاد بولمىسا.
مىن ئېشەك، ئات بولمىسا، ھەتتا ئۇلاقسىز ماڭ ياياق،
بولسا پاك بولدى ۋۇجۇدۇڭنىڭ تىغى، دات بولمىسا.

بولسا كۆز، ھېچكەپ ئەمەستۇر بىر مەھەل قاش بولمىسا،
بولسا ئاش ھېچ گەپ ئەمەستۇر بىر مەھەل داش بولمىسا،
بولسا ئەل، ھەممە بولار تەل، غورىدىن ھالۋا پىشار،
قىلما غەم نا ئەھلىدە جاپاغا بەرداش بولمىسا.
يول دېيىلمەس يول ئەگەردە تاغ - داۋانلىق بولمىسا،
قاتمۇقات جاڭگاللىرى ۋەھشىي قاۋانلىق بولمىسا.
بولماس ئەردى مەنزىلى پارلاق بۈگۈنكى يولمۇ ھەم،
كەڭ راۋان يول ئاچقۇدەك زور پەھمۋانلىق بولمىسا.

uyghurkitap.com

ئۆمەر مۇھەممەد ئىمىن

# غايىب بولغان سادالار

## سىېنى ئىزدەپ

سۇنۇپ كەتتى كېچىلىرىم
نىگاھىمنى كىيىپ بېشىغا
سېنى ئىزدەپ.

جانان چوقىلارنى يۇدۇپ بۇلاقلار
تاسقاپ ئالبومىنى قارىغايلارنىڭ
يىقىلىپ چۈشتى جىراغا
سېنى ئىزدەپ.

قان ئۇيۇغان قۇياش كۆزىدىن
تورۇكلىدى شەپەقلەر
تەلەڭگىسىگە ئارقا تاغلارنىڭ
سېنى ئىزدەپ.

جۆيلۈپ كەتتى خورازلار
كاتەكلەرگە باش تىققاندا بىر توقاچ گازىر،
تۇخۇم بېسىپ يىلىتقان شامال
كۈرۈك قىلدى يوپۇرماقلارنى
سېنى ئىزدەپ.

سېنى ئىزدەپ تەكلىماكاندا
قۇملۇقلاردىن يۈرەك سورىسام
خانتەڭرى تاشلىدى ئاپئاق ئارغامچا
قوللىرىدا تارىم دېگەن جام...

## كۆزلىرىڭدە

كۆزلىرىڭدە
دومىلايدۇ بىر پلانېتا،
پېچەتلىرى بۇزۇلمىغان ھىجران كۆزىگە
يېيىپ ئىشىكىنى تاشلار پەسلىنىڭ.
ئات قويالماس رەڭلىرىگە ئۇنىڭ ھېچ كىشى،
بەك قەدىمىي ئۇندىكى يېزىق.

كۆزلىرىڭدە
قىتئە تۇرار، ئەڭ ئاخىرقى بىر قىتئە
ئۇچرىمىغان ماگېللانغىمۇ.
چۆرىسىدە تال - تال كېچىلەر
ئىشىككە مىخلىنىپ تۇرىدۇ ئۆرە.
ئۇندىن دەم - دەم تۇغۇلۇپ ئوكيان
چاچراپ كېتەر ئالما يۈزىدە.

كۆزلىرىڭدە
بىر قىسماق بار يەمچۈكسىز،
قەپەسسىز دۇنيانىڭ پەغىزى ئۆزرە
دان ئىزدەيدۇ ئۇندىن ئۆزىگە
قەپەستە ئەي بولغان كۆڭۈل قۇشلىرى.

ھايات موخۇركىسىغا تۇتاشتۇرار ئوت،
يامغۇر تومۇرىدا ئاققان سەرەڭگە.
موھتاجلىق دەزلىرى قىشلىغان لەززەت

ئاۋارىدۇر، ھامان ئاۋارە،
ئېسەپ كۆزلىرىگە بىر پۇچۇق تەڭگە.

## ئۇچراشماستا سەن بىلەن

ئۆزۈم يالغۇزلا
ئۇۋلىغانتىم تاغدا شىرنىمۇ
ئۇچراشماستا سەن بىلەن.

مورامدىن
بۇندىن بەكرەك چىقاتتى تۈتۈن،
ئۇچىقىمدا ئۆزۈلمەيتتى چوغ
ئۇچراشماستا سەن بىلەن.

ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىلا
دەرەخكە سانجىلىپ ئوينايتتى كۈن، ئاي،
چېچەكلەيتتى ئاسمان مۇشۇ تۈندىكىدەكلا
ئۇچراشماستا سەن بىلەن.

ئىگە ئىدىم ئۆزۈملا
ئۆيۈمدىكى ئامەت قۇشىغا،
چاپلاشمىغان بۇرجىكىگە خىياللىرىمنىڭ
دۇتارىمدىن بۇقۇلدىغان مۇڭ
ئۇچراشماستا سەن بىلەن.

## خۇشال كۈنلەردە

چاۋاك كۆكلەر كىمنىڭ قولىدىن،
يۈرىكىمدەك كۈلەر قاي يۈرەك؟
ئەتراپىمدا كۆرۈنمەس ئادەم،
قەدىرلىكىم، سېنىڭدىن بۆلەك.

ماڭار كىملەر قولۇمنى تۇتۇپ،
مەن ھەققىدە بولغاندا كۆرەك؟
كوچىلاردا كۆرۈنمەس ئادەم،
قەدىرلىكىم، سېنىڭدىن بۆلەك.

جېنىمغا سۇ ئىچكۈزىدۇ كىم،
كىم كۆڭلۈمدە ئاچىدۇ پورەك؟
يەر شارىدا كۆرۈنمەس ئادەم،
قەدىرلىكىم سېنىڭدىن بۆلەك.

## يېتىپ كەلدى يەنە بىر كېچە

قۇلۇپلىدى ئىشىكنى كۈن،
خىرەلەشتى كائىنات،
قارا چۈمبەل ئىچىدە تامام
خىرەلەشكەن كەبى پەرىزات.

قونداقلارغا ئۈيمدى خوراز،
غايىب بولدى سۈرەنى ئۈنىڭ.
كۆلگە سەكرەپ ئېرىگەن جىمجىت
چۇقانىدەك شارقىراتمىنىڭ.

نىمجان ئۈمىدتەك پىلدىرلار پانۇس.
نۇرى مەستنىڭ خىيالىدەك سۇس.
سۇس كۆرۈنەر مۇز كۆتۈرگەن تاغ،
سۇس چايقىلار ئىزىم چۈشكەن يول.
ئەمما
روشەنلىشىپ بارىدۇ ماڭا
دۋەيلىشىپ تۇرۇشقان دوقمۇش.

خورەكلەرنىڭ تىلسىماتىغا
سەزگۈلەرنى مۆللاق ئاتقۇزۇپ
يېتىپ كەلدى يەنە بىر كېچە.
ئۈيقۇ - يېرىم ئۆلۈمدە ھەممە،
كۈي كۈيلەيدۇ ئويغاق دەريالار.
كۈيۈك قايسى كۈي، دېسەڭ، ئەمما
ساڭا ئېنىق بېرەلمەس ئىزاھ.

## ھال سوراش

يۆگىنىپ شۇرمەللەر كېملىرىگە،
ساق - سالامەت كەلدىڭمۇ باھار؟
تۇتۇپ مامۇق قۇلاقلىرىڭنى

سۆيۈپ قوياي سېنى، يېقىن كەل.
ماركا چاپلاپ خۇشاللىقىمغا
سېلىۋېتەي ئۆمرۈمگە بىر خەت.

ھىجرانىڭغا قوشۇپلا ئەمدى
سەدىقە قىل سەرسانلىقىڭنى
بوسۇغاڭدا ياتقان خازانغا.
پاختا ئۆرۈپ بېشىڭدىن شامال
قىسىپ قويسۇن جىگدە شېخىغا.

ياستۇقۇڭغا بېشىمنى قويۇپ،
ھەسرىتىمنى تېڭىشكەن چېغىم.
كاككۇكلارنىڭ ئۆكسۈشلىرىگە
كېتىپ قاپسەن تەنھا قالدۇرۇپ.
ئۇنتۇپ قاپسەن گۈلزارىڭنى ھەم
يېتىمسىراپ ياتقان ھۇجرامدا.

باغچىلاردا چۈشكەن سۈرىتىڭ
كۆلۈمسىرەپ كىردى دىلىمغا

ئالبومىدىن چۈشۈپ ئۈچمىنىڭ.
يۈگۈرۈشۈپ يۈردى كەينىمدىن
سېنىڭ بىلەن تونۇشماق بولۇپ
ياشلىقىنى يېگەن خىياللار.

مۆكۈشمەك ئويناپ يۇلتۇزۇم بىلەن
كوچىلاردا يۈرگەن تەلىيىم
بەگباش بولۇپ كەتتى ئەجەبمۇ.
ھەي... قويمىسام بوپتىكەن ئەسلى
ئاغىنە بولۇپ ئويناشقا ئۇنى
ئۆيىمدىن قېچىپ چىققان ياپراقلار بىلەن...

يىلتىزلارنىڭ تۆشەكلىرىدىن
ساق - سالامەت قوپتۇڭمۇ باھار؟
زىمىستاندىن ئاتلىغان چېغىڭ
كەتمىگەنسەن مۇزدا تېيىلىپ؟
سىلىۋالسۇن كۆزۈڭنى كۆزۈم،
كەتمەي تۇرغىن بىردەم يېپىلىپ.

ئەسئەت ئەمەت



# يۇلتۇز، ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر

(پوۋېست)*

5

كەچتە قوشنام سۇلتان مېنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى.

— سىزگە كىچىككىنە ھاجىتىم چۈشۈۋىدى، سىزنى ئازراق بىر ئىش قىلىپ بېرەرمىكىن دەپ كىرىشىم، — دېدى ئۇ.

— قانداق ئىشىڭىز بولسا قولۇمدىن كېلىشىچە قىلىپ بېرەي. ئەمما قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، — دېدىم مەن.

— سىزنىڭ قولىڭىزدىن چوقۇم كېلىدۇ.

— قولۇمدىن نېمە ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ باقماسىز.

— كەچتە ئايرىم پاراڭلىشايلى. مەن سەل تۇرۇپ كىرەي، — دېدى ئۇ. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ، ئۆينىڭ تورۇسىغا قاراپ ياتتىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك ماڭا قاراپ قويۇپ، بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ ئۇن چىقارمىدىم. ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەلگەندەك سۆزلەپ كەتتى:

— مېنىڭ بۇ ئىشىم ئانچە تەس ئەمەس، سىز پات - پات ئىدارىڭىزنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى يېزىپ تۇرىسىزغۇ، مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنۈپ كىرگىنىم پەقەت بىر پارچە ئاددىي ماقالە.

— نېمە تېمىدا؟

— پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى تەسىرات، — ئۇ بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ ئۆزىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خېلىغىچە گېپىنى تاپالمىغاندەك تەمتىرەپ قېلىپ ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋالدى، — مۇنداق بىر ئىش، ئەتە بىزنىڭ ئايال يىغىنىدا سۆزلىمەكچى ئىدى ...

مەن كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم. بۇ ئادەم مېنىڭ چىرايىمدا قانداق ئىپادە

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ماڭا چەكچىيىپ قارىدى. چىرايىمدا ئازراق بولسىمۇ كۈلكە ئۇچقۇنداپ قالغان بولسا كېرەك، مەن ئۇنىڭ ماڭا يۈزمۇ يۈز قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدە پەيدا بولغان مەيۈسلۈكنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم كەلدى.

— سىز بىلمىسىز، بىزنىڭ ئايال تۇغماس بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى پىلانلىق تۇغۇتقا ئەزا قىلىپ قويغان. يىلدا بىرەر قېتىم ئازراق بولسىمۇ مەنپەئەت كېلىپ تۇرىدۇ، — ئۇ ئىختىيارسىز ھىجايدى، — بىزنىڭ ئايال تۇغىدىغان بولسا پىلانلىق تۇغۇتقا ئەزا بولۇپ ئولتۇرامدۇق، — دېدى. بۇ چاغدا ئۇ خېلى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، بايىقى خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كېتىشلىرى بىر دەمدە غايىب بولغانىدى.

— ئەشقىلىپ ياخشى كۈن كۆرۈشنى بىلىش كېرەك، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بولسۇن ئۈچۈن، بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇ خېلىلا جانلىنىپ كەتتى:

— ئۇلار بىزنىڭ خوتۇننى پىلانلىق تۇغۇتتا ئۈلگىلىك شەخس قىلىپ باھالاپتۇ، ئەتە تەقدىرلىمەكچى ئىكەن. ئۇنى يىغىن ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئەھمىيىتىنى قانداق تونۇپ يەتكەنلىك ھەققىدە تەسىراتىنى سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. سىزمۇ بىلىسىز. بىزنىڭ ئايال يېزىقچىلىقتا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلاردىن. مەن يەنە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ قوياي، ئايالىمنىڭ تۇغمىغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنى قانداقتۇر تۇغۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغاچقا تۇغمىغان ئەمەس، بەلكى نوپۇسنى تىزگىنلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن پەرزەنت مېھرىدىن كېچىپ تۇغمىغان قىلىپ يېزىپ بېرىسىز. ئەمما بەك يۇقىرى سەۋىيىلىك يېزىۋەتمەڭ. چۈنكى كىشىلەر ئايالىمنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنى بىلەن ئۇنىڭ قانچىلىك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

بىز خالىيراق پاراڭلىشىش ئۈچۈن ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتۇق. ئۇ يېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر باشتىن ئېيتىپ بەردى. مەن يېزىپ بولۇپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ:

— تازا جايىدا بوپتۇ. خۇددى ئايالىم ئۆزى يازغاندەكلا، — دەپ مېنى ماختاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا:

— مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قاتماي سىزنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىڭىزنى رەتلەپ يېزىپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە سىز يازغان بولسىڭىزمۇ مۇشۇنداق يازغان بولاتتىڭىز، — دېدىم.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز. مەن ئۇنچىلىك بىر نەرسە يازالىغان كۈنى ئايالىم چوقۇم ھامىلدار بولىدۇ. مەن ئۆزۈمگە قەلەم ياراشمايدىغانلىقىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن.

ئۇ قەغەزنى رەتلىك قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ بەكمۇ مەمنۇن بولغانلىقى چىرايىدىن ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بىز بىر ھازا تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. مەن گەپ كولاپ، ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلمەكچى بولدۇم:

— سىز ھەقىقەتەن كەڭ قورساق ئادەم جۇمۇ. بولمىسا تۇغماس ئايال بىلەن كىممۇ بىرگە ئۆتۈشنى خالايدۇ.

— توغرا دەيسىز، ئايال دېگەن بالا تۇغمىسا ئۇنىڭ ئەر كىشىدىن نېمە پەرقى

بار. مېنىڭ ئايالىمنى ئەر كىشى دەپ ئويلاۋېرىڭ.

— دېمەك، سىلەر قوش جىنسىلىقلار مۇھەببەتلەشكەندەك كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپسىلەر ـ دە.

ئۇ ئەزەلدىن يىغىلىپ قالغان كۈلكىسىنى بىراقلا كۈلۈپ تۈگەتمەكچى بولغاندەك بىرھازا ئۆزىنى باسالماي كۈلدى، كېيىن:

— مەن سىزگە يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي. مېنىڭ ئايالىم بۇ دۇنيادىكى ھەقىقىي مېھرىبان ئايال. نۇرغۇن ئايالارنىڭ بالا تۇغۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلارنى ئايال دېيىش مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭ ئايالىمنى ئېلىپ ئېيتساق، بىز ئۆي تۇتقىلى ئون يىل بولغان بولسىمۇ، بىرەر قېتىم تەگىشىپ قالغان ئەمەسمىز. ھەقىقىي سادىق ئايال دېگۈچىلىكى بار. ئايال دېگەن بالا تۇغسىلا ئايال ئەمەس. بەلكى يۈزى تۆۋەن، ئېرىگە سادىق، ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ تەڭرى ئالدىدىكى بۇرچى دەپ قارايدىغان بولۇشى كېرەك. مېنىڭ ئايالىم دەل مۇشۇنداق ئايال.

— سىز ئايالىڭىزغا چوقۇنىدىكەنسىز.

ئۇ سەل تېرىكتى:

— نېمە دېسىڭىز دەيلى. ئەگەر ئايالارنىڭ خىسلىتىگە مۇكاپات بېرىش توغرا كەلسە، مەن ئۇنى نامزاتلىققا كۆرسەتكەن بولاتتىم.

— ئايالىڭىز سىزنى ئەخمەق ئادەم قىلىپ قويۇپتۇ. ئەپسۇسكى، سىز باشقا ئايالارنى كۆرۈپ باقمىغان ـ دە.

— مەن نۇرغۇن ئايالارنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ شورى قۇرۇسۇن. مەن توي قىلىشتىن بۇرۇن بەكمۇ كەپسىز ئىدىم، بىرەرى بىلەن چىقىشىپ قېلىش بىردەملىك ئىش ئىدى. لېكىن مېنىڭ ئايالىم بولسا مەن تونۇشقان ئاشۇ ئايالار ئىچىدە مەن ـ مەن دېگۈچىلىكى بار ئايال. مەن ئۇنى ئۇچراتقاندا، خۇددى مەن مۇشۇنداق بىر قىزنى ئىزدەپ يۈرگىنىمنى ھېس قىلغانىدىم.

— سىز رەنجىمەڭ، — دېدىم مەن ئەزەلدىن ئويلاپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان قىياپەتتە. ئەمەلىيەتتە بۇ پىكىر خىيالىمغا شۇ تاپتىلا كىرىپ قالغانىدى، — ئايالىڭىز ئاخىر بىر تۇغماس بولۇپ چىقىپتۇغۇ. دېمەك، بۇ ئايال دەردى بارلىقىنى بۇرۇنلا بىلىۋالغان ۋە مېھرىبان بولۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەگەر ئۇ تۇغۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولسا، ئۇنىڭ سادىق، مېھرىبان ئايال ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ كۆرەلمىگەن بولاتتىڭىز. سىز بىرەر مېھرىبان ئايالنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ھەرگىز ھەيران بولماڭ. ئايالارنىڭ مېھرىبانلىقى پەقەت ئۆز يېغىرىسى يېپىش ئۈچۈن. ئىشقىلىپ تۇرمۇشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەي دېگەن ئادەم سىزگە ئوخشاش ئاشۇنداق ئايالنى تاللىشى كېرەك.

ئۇ غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— ئايالىمنى ھاقارەتلىشىڭگە يول قويالمايمەن. بالا تاپتىم دەپ كۆرەڭلەپ كەتمە. ئۇنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى خۇدا بىلىدۇ، — ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## 6

مەن دەرۋازىدىن ئالدىراپ - تېنەپ كىرىپ كەلدىم. ئىدارە باشلىقىمىز كونىراپ كەتكەن يوقلىمىسىنى تۇتۇپ، گۈللۈكنىڭ رېشاتكىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ سائىتىگە قارىدى ھەم دەپتىرىگە نېمىلەرنىدۇر يازدى. ئۇنىڭغا ئىزاھات بەرمەكچى بولدۇم - يۇ، لېكىن گەپ قىلماي ئىشخانىمغا كىرىپ ئولتۇردۇم.

ئەتىگەن ئىدارىگە كەلگىچە مەدىكار بازىرىدا بىردەم تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپ قالغانىدىم. بىر ئادەم مەدىكاردىن ئۈچنى ياللىماقچى ئىكەن. ئەمما بۇ يەردىكى يۈزچە مەدىكار ئۇنى ئورىۋالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاۋۇل، ئىشقا ياراملىق ئىكەنلىكىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەيتتى. ئۇ كىشى تەڭلىكتە قېلىپ قايسىسىنى ياللاشنى بىلەلمەي ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قېچىپ چىقتى. مەدىكارلار يەنە ئۇنىڭغا قاراپ ئاقتى. مەن ئىشخانىمدا بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئولتۇرۇپ، يەنە شۇلارنى ئويلىدىم. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇرۇشتا تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن ئەسكەرلەردەك يولدا قالايمىقان لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. مەنمۇ مەدىكار بولۇپ قالغان بولسام قانداق بولاتتى، مەن ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. كېيىن يەنە سەن دېگەن ھوشۇقۇڭ ئۇچۇپ چۈشكەن ئادەم. سەن پەقەت كۈندە سەككىز سائەت، ھەپتىدە ئالتە كۈن، ئۆمرۈڭدە 30 نەچچە يىل مانا مۇشۇنداق زېرىكسەڭمۇ لېۋىڭنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ بەرسەڭلا ياشاشتىن ئىبارەت زىممەڭگە يۈكلەنگەن بۇ ۋەزىپەڭنى قىينالماي بىمالال ئورۇنداپ بولىسەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلىدىم. بۇ بەزلەش ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئۆزۈمنى تاغدەك يۆلەنچۈكى بار ئادەمدەك ھېس قىلىپ قالدىم.

ئىشخانىمدا مەن بىلەن ياندىش ئولتۇرغان چوكان بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇشۇلداشلىرى ئىچىمنى پۇشۇردى. قوشنا ئىشخانىدىكى بىر قىز كىرىپ ئۇنى ئويغاتتى:

— نومۇسمۇ قىلمايدىكەنسەن. ئۇيقۇلۇقتا يەلدۇ قويۇۋەتتىڭ. بوشىراقمۇ ئەمەس.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى ۋە قىزىرىپ كەتتى.

— ئادەمنى ئەخمەق قىلمىغىنا، مەن ھېچقاچان ... — دەپلا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئىشەنمىسەڭ سوراپ باق، — دېدى قوشنا ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان قىز ماڭا قاراپ كۆز قىسىپ.

چوكاننىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق بويۇنلىرىغىچە كېڭەيدى. ئۇنىڭ دوستى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى:

— ئىشخانىدا ئۇخلاش خەتەرلىك. بەختىڭگە يارىشا باشقىلارنىڭ بولمىغىنى، ئېرىڭگە ئېيتىپ قوياي، ئۇ سېنى كېچىدە ئارامىڭدا قويسۇن. كۆزلىرىڭ ئۇيقۇسىزلىقتا قىزىرىپلا كېتىپتۇ. ئۇ خېلى يارايدىغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟!

ئۇلار كۈسۈرلاپ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. مەن ئۇلارنى جىمىپ قالار دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ قويدۇم. ئۇلار ئەمدى كېيىم - كېچەكنىڭ پارىڭىغا چۈشكەنىدى.

— 70 كويلۇق بىر كۆڭلەك چىقىپتۇ. بىردىن ئالمىدۇق، — دېدى ھېلىقى قىز.

— ساڭا دەۋرەي، — دېدى چوكان بوش ئاۋازدا، ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — بۇ يازنى قورساق كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزىدىغان ئوخشايمەن. ئۇنداق كۆڭلەك ماڭا سىغماسلىقى مۇمكىن.

— مۇبارەك بولسۇن، تەبرىكلەيمەن، — قىز ئۇنىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەپ كەتتى، — سىلەرمۇ جەم ياتماپسىلەر، — ئۇ مېنى كۆرۈپ سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دېگەندەك تىلىنى چىقىرىپ قويدى.

مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىغا پەرۋا قىلماي ئولتۇراتتىم.

— ئېرىڭ بىلدىمۇ؟ توۋا، نېمىلەرنى سوراپ يۈرۈيدىغاندىمەن، ئۇ چوقۇم بىلىدى. شۇنداقمۇ؟ ئۇ بىلگەندە خۇشال بولدىمۇ، دەپ باققىنا.

چوكان بارغانسېرى سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇنىڭغا دېسەم خۇشاللىقىمدىن مېنى شۇنداق قاتتىق قۇچاقلىدىكى، نەپەس ئالالماي قالدىم.

— تۇغۇۋېتىشكە تاسلا قاپسەن - دە، بېچارە دوستۇم، سەن نېمىدېگەن بەختلىك، — قىز ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى.

— سەنمۇ بەختلىك، — دېدى چوكان ئەكس سادادەك ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ.

ئۇلار بىرلىكتە قەيەرگىدۇر چىقىپ كەتتى. مەن ۋاقىت توشقىچە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇردۇم. ئىشتىن چۈشۈشكە ئازلا قالغاندا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. بۇ قوشنام سۇلتاندىن كەلگەنىكەن.

— ئاخشامقى ئىشلارنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايلا قاپتىمەن، — دېدى ئۇ.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ئادەم.

— مەن ھەقىقەتەن خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— ھېچقىسى يوق.

— سىز راستىنلا كۆڭلىڭىزگە ئالمىدىڭىزمۇ؟

— مەن ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ئادەم دېدىمغۇ.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، جىلەمسىز، — دېدى ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ مۇھىم بىر گەپنى دېمەكچى بولغاندەك، — مەن ئاخشام ئازراق ئىچىۋالغانىدىم.

— ھازىر ئۆزىڭىزنى قانداقراق سېزىۋاتىسىز؟

— ئىنتايىن نورمال، مەن شۇ تاپتا ئاخشام دېگەن گەپلىرىڭىزنى ئويلاۋاتىمەن.

— كەچۈرۈڭ. مەن ئۇ گەپلەرنى پەقەت قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈنلا دەپ قويغان. ھازىرغىچە كاللىڭىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرگىنىڭىزگە ھەيرانمەن.

— ئۇ گەپلەر ماڭا راستتەكلا بىلىنىۋاتىدۇ. ھېچ تېگىگە يېتەلمىدىم. ئەمدى گۇماننى كاللامدىن چىقىرىۋېتىشكە ئامالىم يوق. ئەگەر ئايالىم سىز دېگەندەك بولۇپ قالسا، مەن بىر ئەخمەق بولۇپ قالىمەن. مېنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقىنىم مۇشۇ.

— كەچۈرۈڭ، ئاخشام سىزگە نېمە دېگەنلىكىم زادى ئېسىمدە يوق.

— لېكىن مېنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە.

— مەن ئۇ كەپلەرگە ئىگە بولالمايمەن. سىز ئايالىڭىز بىلەن ياخشى ئۆتتۈۋاتقان ئىكەنسىز شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

— سىز بىلەن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا پاراڭلاشسام دەيمەن. سىز ئازراق ساقلاپ تۇرۇڭ. مەن هازىرلا يېتىپ بارىمەن.

مەن ئېغىز ئاچقۇچە ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مەن ئۇنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئۇ تېزلا ئىشخانامدا پەيدا بولدى.

— مەن بەكمۇ خىجىلمەن، — دېدى ئۇ بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلاپ، — ئاخشام ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاپتىمەن.

— ئۇ كەپلەرنى بولدى قىلايلى. مەنمۇ ھەققىم باردەك ئايالىڭىزغا تىل تەگكۈزۈپ يۈرۈپتىمەن، — مەن گېپىمنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلماي ۋاتقىنىنى سېزىپ، ئاغزىمنى يۇمدۇم.

— ئەگەر زۆرۈر ئىشىڭىز بولمىسا بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلاشساق دەيمەن.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن خۇش ياقمىغاندەك.

بىز سىرتقا چىقتۇق. ئۇ مەندىن:

— قايسى ئاشخانىغا كۆڭلىڭىز تارتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قايسى بولسىمۇ بەرىبىر، — دېدىم مەن.

بىز بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. ياش تۇرۇپلا زىيادە سەمرىپ كەتكەن بىرى:

— نېمە تاماق يەيسىلەر؟ — دېدى.

— مەن چۈشلۈك تاماقنى ئىشقا چىقىشقا يېقىن يېيىشكە ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. شۇڭا سەل تۇرۇپ يەي، — دېدىم.

— مېنىڭمۇ شۇنداق بولسۇن، — دېدى قوشنام.

بىز بىردەم موخۇركا ئورىغاچ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتۇق. ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ:

— مېنى غەپلەت ئۇيقۇسى بېسىپ قېلىپتۇ، سىز سىلكىپ ئويغىتىۋەتتىڭىز، — دېدى. مەن ئۇنى چۈشەنگەۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ سۆزىنى دەرھال ئىزاھلىدى، — مەن راستىنلا بىر ئەر بىلەن ياشاپ كەپتىمەن. ئۇ بالا تۇغمىسا ھەقىقەتەن بىر ئەردىن نېمە پەرقى بار. مەن مۇشۇ كۈنۈمدىنمۇ قانائەتلىنىپ كەپتىمەن. سىز بىردىنلا كۆزۈمنى يورۇتتۇۋەتتىڭىز. مەن تۇرمۇشۇمنىڭ قانچىلىك بىمەنە ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا تونۇۋاتىمەن.

— قانداق ئويلىسىڭىزمۇ بەرىبىر، — دېدىم مەن ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن رايىم قايتىپ.

— مەن ئەتىگەندىن بېرى كۆپ ئويلىنىپ، ئۇنى قويۇۋېتىش نىيىتىگە كەلدىم. قېرى ئايال ئالساممۇ مەيلى، پەقەت ماڭا بىر بالا تۇغۇپ بەرسىلا بولدى. بىلەمسىز، مەن ئۇنى تۇنجى ئۇچراتقان چاغدا ئۇ بىر تۇرۇپ قىزغا، بىر تۇرۇپ ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان بىر ئايالغا ئوخشايتتى. مەن قايسىسىنىڭ راستلىقىنى بىلەلمەي كەلگەنىدىم.

— مېنىڭ جۆيلۈپ دەپ قويغان گېپىم ئۈچۈن ئۇنى قويۇۋەتسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى.

— بۇنداق مېھرىبان ئايالالار قۇرۇپ كەتسۇن. تۇغمىدىغان ئايالدىن بىرگە ئۆيلەنسەملا بولدى. ئۇنىڭدىن مېھرىبان بولۇشىنى كۈتمەيمەن. مىجەزى ئىتتىن بەتتەر بولسىمۇ مەيلى. پەقەت ئەر بولمىسىلا بولغىنى.

— مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغان ئىشىڭىز شۇمىتى. مېنىڭ بىر ئىشىمىز مەسلىھەتىمگە قۇلاق سالمىدىڭىز.

— كەچۈرۈڭ، بىز يەنە ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاسلا قېلىۋاتىمىز. ئەمما ئۇرۇشقىدەك ھېچ ئىش يوق.

مېنىڭ سەل كەيپىم ئۇچتى. ئاخىر نېمە بولسا بولامدۇ، قويۇۋەتسە ئۆزىنىڭكىنى قويۇۋېتىمدۇ، بۇنىڭغا مەن نېمە كۈچەپ كېتىمەن، دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئەمدى بۇ توغرىدا قىلىشىدىغان گەپ تۈگىدى دېگەندەك قىلىپ، سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئىككى تال چوكىنى پاكىز سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ مېنىڭمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

— تاماق يەيلىمۇ؟ — دېدى.

7

كەچتە ئۆيگە كەلسەم ئىشىك قۇلۇپلاقلىق تۇرۇپتۇ، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇشتىن زېرىكىپ، سىرتتا بىردەم ئايلانماقچى بولدۇم. كوچا توپا - تۇمان ئىدى. كىشىلەر ۋېلسىپىتلىرىگە مىنىشىپ ئۆيلىرىگە ئالدىراش قايتىۋاتاتتى. مەن ئايالىمدا چوقۇم بىرگەپ بار، ئەگەر ئۇ ماڭا خىيانەت قىلىپ قويسا تازىمۇ ھاقارەتلىك ئىش بولىدۇ - دە، دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ خىيال مېنى خېلىلا سەگەكلەشتۈردى. بولۇپمۇ قوشنامغا دېگەن قالايمىقان گەپلەر ئۆزۈمگىمۇ تەسىر قىلىۋاتاتتى.

مەن خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ھېلىقى تويى قىلىشنى خالىمىغان قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. مەن دەرھال ئارقامغا يانماقچى بولدۇم. لېكىن يەنە ھۇركۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى دەپ ئويلاپ، كەلگەن يولۇم بىلەن كېتىۋەردىم. كىشىلەرنىڭ شالاڭلىشىشى بىلەن توپا - تۇمانلار خېلى بېسىقىپ قالدى. ھاۋا خېلىلا سالقىن ئىدى.

— ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ — بىر قىز ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۇنى بۇنداق تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالار، دەپ ئويلىمىغانىدىم.

— سەنمۇ ياخشى تۇرغانسەن، — دېدىم مەن.

— كۈنۈم ھەر ھالدا ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ.

— ھەممە ئادەمنىڭ شۇنداق.

— مېنى يوقلاپ كەلمىگەنسەن تايىنلىق، ئايالىڭدىن قورقىسەن - دە.

— سەندىن قورققانمىدىم؟

— مېنى بوزەك قىلىۋالغان بىلەن ئۇنىڭدىن ئەلۋەتتە قورقىسەن، بولمىسا مېنى بىر يوقلاپ قويماتتىڭ.

— ھازىر كەلگىنىم ھېساب ئەمەسمۇ؟

— بېشىڭ چۆگىلەپ كېلىپ قالغانسەن تايىنلىق.

— يوقلاپ كەلگىنىمگە ئىشەنمەمسەن؟

— بۇمۇ يالغانچىلىقلىرىڭنىڭ داۋامىدۇر بەلكى، يۈر، ئۆيگە كىرەيلى.

بىز ئۆيگە كىردۇق.

— ئۆي بەكمۇ مالىماتاڭ، ئادەتتە ئۆيگە ھېچكىم كەلمىگەچكە سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇش خۇش ياقمىدى.

— بىزنىڭ ئۆيدىن رەتلىك ئىكەن.

— مۇشۇ گېپىڭنى ئايالىڭ ئاڭلاپ قالسا ياخشى كۆن يوققۇ ساڭا.

— مېنىڭ ياخشى كۆن كۆرۈشۈم ئۇنىڭغىلا باغلىقمىدى.

— ئۆزۈڭگە بەك ئىشىنىپ كەتمە. ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈۋاتقانسەن؟

— ئۇنىڭغا يات كۆرۈنەمىشمەن.

— ئىشىڭ چاتاق بوپتۇ. ئۇ سېنى يات كۆرگەن ئىكەن، چوقۇم ئۆز كۆرگىنى بار.

— ساڭمۇ يات كۆرۈنەمدىمەن؟

— كۆپرەك ئۆز، سەل - پەل يات.

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. بۇ قارىشىم بەلكى ئادەتتىن تاشقىرى بولغاندۇ. ئۇ دەرھال بېشىنى بۇرىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزى سەل پارقىراپ تۇراتتى.

— سەن ئوبدانلا سەمرىپ قاپسەن، — دېدىم مەن.

ئۇ بىردەم جىم ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن:

— سەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋالسەن. مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى.

— مەنمۇ بىرەرى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويسىكەن دەيمەن.

— شۇنىڭ بىلەنلا مەندىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈدۈڭ.

— ئاران بىر كەلسەم نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىسەن.

— مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلغۇم يوق.

— ئۇنداق بولسا گەپ قىلماي ئولتۇرايلى.

— سەندىن بىر گەپنى سوراۋالاي. سېنىڭ يوقلاپ كېلىشىڭنىڭ مەقسىتى مېنى كۆرۈشمۇ ياكى بارىدىغان يەر تاپالماي ئىچىڭ پۇشۇپ كېلىپ قالدىڭمۇ؟

مەن ئېغىز ئاچاي دېگۈچە ئۆيگە ئۇنىڭ ئانىسى كىرىپ قالدى. بۇ ئايال مېنى ناھايىتى ياخشى تونۇيتتى. ئىلگىرى مۇئامىلىسىمۇ بەك قىزغىن ئىدى. ھازىر ئۇنىڭدىن قىزغىن مۇئامىلە كۈتۈشۈم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئايال ئادەت بويىچە قىزغىن سالاملاشتى. ئۇ دەماللىققا مېنى ئىلغا قىلالمىغان بولسا كېرەك. دېگەندەك ئۇ مېنى سەل كېچىكىپرەك تونۇدى. كۈلكىسى چىرايىدا قېتىپلا قالدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى تېزلا ئوڭشىۋېلىپ زورمۇزور:

— ئىشلەۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپ قويدى. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بۇ نېمىدەپ كەلگەندۇ ئەمدى، دېگەندەك ئەجەبلىنىشنى سېزىپ ئوڭايسىزلاندىم. ئۇ قىزىنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. مەن بۇ ئۆيگە ئۇشۇپلا كىرگىنىمگە سەل ئۆكۈندۈم، ئۇ تېزلا قايتىپ كىردى. چىرايىدىن ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋاتقاندەك ھالەت چىقىپ تۇراتتى.

— كىرمىسەم بوپتىكەن، — دېدىم بوش ئاۋازدا.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن، — دېدى ئۇ.

— ئاناڭ سېنى سوتلىغاندۇ بەلكىم.

— ئۇ ھېچ ئىشتا مېنى ئەيىبلىمەيدۇ، بىلەمسەن، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئۈمىدى ئاللىقاچان ئۈزۈلگەن، سەن بۇنى باھانە قىلىپ يەنە كەلمەي قويمىغىن. ئانام تاماق ئېتىۋاتىدۇ.

— مەن كېتىۋالاي. ئاناڭغا يەنە كۆرۈنگۈم يوق.

— ھېلىقى گەپكە جاۋاب بەرگىن، مېنى كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ؟

— بۇنداق گەپنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى.

— مېنىڭ بەكمۇ بىلگۈم كېلىدۇ. زادى مېنى كۆرۈشنى خالاپ كەلدىڭمۇ؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

— نېمىدەپ كەلگىنىڭنى ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلىغىم بار. گەپنى بۇنداق ئەگىتىپ ئولتۇرماي، ئۆز يۈرىكىڭدىكى گەپنى قىلىپ باققىنا.

— كېلىش مەقسىتىم سېنى كۆرۈش ئۈچۈن.

— سېغىنمىدىغان گەپ يوق، شۇنداقمۇ؟

سېغىندىم دەپلا قويسام ئۇ ماڭا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنى پات - پات كۆرگۈم كەلگەننى ئەلۋەتتە سېغىنىش دەپ ئاتىغىلى بولمايتتى. لېكىن ئۇ مېنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىمگە خۇشتار بولۇپ قالغان بولسا دېسەممۇ دەي. بۇ گەپنى دېگەن بىلەن قورسىقىدىكى گېپىم ئازلاپ قالمايدۇ ھەم بۇ گەپنى دېگىلى بولمىغۇدەك شۇنچە قىممەتلىكمىدى.

— سېنى نېمىشقا سېغىنمايدىكەنمەن. ئەمما ئەمدى ئامال يوق.

ئۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ياخشىمۇ ئۇنىڭ ئېرى بولۇپ قالماپتىمەن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. مەن ئۇن چىقارماي ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاردى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئازاب ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىشىگە بىرەر سەۋەب تېپىپ بەرمەي دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ بېشىمنى ئۆرۈۋالدىم. ئۇ ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ:

— كۆڭلۈڭگە ئالما، باياتىن نېمىلەرنى دەۋەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— دېمەك ھەر ئىككىمىز ئوخشاش.

— ئىككىمىزنىڭ بىرگە بولۇشىغا نېمە كەملىك قىلاتتى؟

— مېنىڭ بەكمۇ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

— سەن دائىملا شۇنداق، گەپ چىڭ كەلدىمۇ، تىكىۋېتىسەن.

— مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ كېتىمەن.

مەن ئورنىمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم. ئۇ قوچىقىدىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بوينۇمدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. مەن ئۇنى ئىتتىرىۋېتەي دېدىم - يۇ، سەت بولۇشنى ئويلاپ ئۇنداق قىلمىدىم. لېكىن ئۆزۈمنى ناھايىتى سالقىن، ئۇ قۇچاقلىۋالغان ئادەم مەن ئەمەستەك پەرۋا قىلماي تۇرۇۋەردىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— تېنىڭ سوۋۇپلا كېتىپتۇ. بۇنداق بەدەندە مۇھەببەت نېمىش قىلسۇن، — دېدى.

مەن ئۇڭايسىز ھەم بىپەرۋا ھالەتتە:

www.uyghurkitap.com

— ئاناڭ كىرىپ قالسا ياخشى بولمايدۇ، — دېدىم.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك ئېسىلىپ تۇرۇۋەردى. ئۇ مېنىڭ سوغۇق كەيپىياتىم سەۋەبىدىن بەكمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش پارقىراشقا باشلىدى.

— سەن مېنى ياقتۇرماس بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ.

بىر تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئىچ ئاغرىتىشتىنمۇ ياكى كونا تۇيغۇلار ئويغىنىپ قالدىمۇ، تويۇقسىز يۈرىكىم ئېرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېلىدىن قامالاپ تۇتۇپ، ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمدەك تىنماي سۆيۈشكە باشلىدىم. ئۇ ئۆزىنى ماڭا تاپشۇرۇۋەتكەنىدى.

مەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— مېنى ئۇزىتىپ قوي، — دېدىم. ئۇ ماڭا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلدى، خۇددى قويۇۋەتسە مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك. مەن ئۇنى يەنە بىرھازا سۆيدۈم. سۆيۈپ تۇرۇپ ئايالىم بىلەن ئىككىسىنى سېلىشتۇراتتىم. بۇ سۆيۈش ماڭا خېلى يېڭىلىقتەك بىلىندى.

— ئىككىمىزنىڭ بىرگە بولۇشىمىزغا نېمە كەم؟ — دېدى ئۇ يەنە جۆيلىگەندەك.

— مېنىڭ ئايالىم بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما، — دېدىم مەن.

— ئۇ سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى قويۇۋەتسەڭ ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغان بولمايسەن. مەنچۇ، سەن ماڭا بەكمۇ ئۇۋال قىلىۋەتتىڭ، مەن يەنىلا چىداۋاتىمەن.

ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. تالاغا قارىسام قاراڭغۇ چۈشكىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ كىچىك بالىغا چۆچەك ئېيتىپ بەرگەندەك:

— بىز توي قىلغان بولساق بۇنداق ياخشى كۆرۈشلەر ئۇزۇنغا بارمايتتى. بىزنىڭ بارلىق ئازابلىرىمىز پەقەت مۇھەببىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل، — دېدىم.

ئۇ ماڭا چەكچىيىپ قاراپ:

— بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز تېخى مەۋجۇت دېمەكچىمۇسەن؟ — دېدى.

— بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

— سەن مېنى تېخىچىلا ياخشى كۆرەمسەن. خۇددى ئىلگىرىكىدەكلا؟

— بۇنىڭدا گەپ يوق، — مەن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ لېۋىگە سۆيۈپ قويدۇم. گېپىمگە ئىگە بولالماي قېلىشىمدىنمۇ ئەنسىرىمىدىم، ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— مەن سېنى بۇنداق ئىمانغا كېلەر دەپ ئويلىماپتىمەن. سېنى ئالدىقاچان يوقاتتىم دەپ ئازابلىنىپ يۈرۈپتىمەن. مەن سېنى يەنىلا ياخشى كۆرۈۋېرىمەن. ئايالىڭنىڭ بولۇشى بىلەن كارىم يوق، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلاي، ھەرگىز رەنجىمە. مەن ئايالىڭنى ئۆلۈپ كەتسىكەن دەيمەن.

— ئۇ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ساڭا پايدىسى يوق. مەن بەربىر سېنى ئالمايمەن.

— سەن بەكمۇ شەپقەتسىز...

ئۇنى ئانىسى چاقىرىپ قالدى. ئۇ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. سەل ئۆتمەي كىرىپ داستىخان سالدى. ئانىسى تاماق ئېلىپ كىردى. بىز ناھايىتى ئەدەب

بىلەن ئولتۇرۇپ غەزالاندۇق. يولدىشىدىن ياشلا تۇل قالغان بۇ ئايال قىزىدەكلا كاچ مىجەزلىك بولسا كېرەك، تا ھازىرغىچە تۇل پېتى ياشىماقتا ئىدى. مەن بۇلارغا ئىچمەدە قايىل بولدۇم. بىر تۇرۇپ، ھاياتىڭلارنى بۇنداق ئىسراپ قىلىۋەتمەڭلار، دېگۈم كەلدى. بۇ ئايال تاماق جەريانىدا مەندىن يوقلاڭ ئىشلارنى سورايتتى.

تاماقتىن كېيىن ئانىسى داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ماڭا ئۆزىنى تاشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئاپئاق، سىلىق يۈزىگە، ئىسسىق لېۋىگە سۆيۈپ كۆڭلۈم يايراپ كەتتى. ئۇنى خېلى ئۇزۇن سۆيدۈم. ئۇنىڭ تېنىمۇ شۇنچە ئىللىق، يۇمشاق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بارغانسېرى مەھلىيا بولۇپ كېتىپ باراتتىم. مەن ئۆزۈمنى باشقۇرالمىغۇدەك ھاياجانلاندىم. شۇڭىمۇ ئورنىمدىن تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ، نېرۋامنى سەگەكلەشتۈردۈم. ئاندىن:

— مەن كېتەي، كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدىم. ئۇ مېنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ھەممە ياق جىمجىت ئىدى.

— پات ـ پات كېلىپ تۇر، مېنى ئۇنتۇپ قالما! — دېدى ئۇ.

مەن كېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتتىم. مەن كوچىدا بىرھازا ئۇياقتىن ـ بۇياققا لاغايلاپ يۈردۈم. كۆڭلۈم ھېچقاچان بۇنداق ئازادە بولۇپ باقمىغانىدى. ئۆيگە دەماللىققا قايتقۇم كەلمىدى. ئۆيىنى قەتئىي كۆرگۈم يوقتەك ئىدى. ئەلۋەتتە، بايىتىنقى ئىشلار بىردەملىك ھاياجاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. تاڭ ئاتىدۇ، ھەممە ئىش يەنە ئۆز قېلىپىغا چۈشىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

ھەممە ياق زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى. مەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئايالىم تېخىچە كەلمەپتۇ. كاللامنى ھەر خىل گۇمانلار چۇلغىدى. ئەگەر ئۇ مەندىن خۇپىيانە بەزى ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن بولسا مەن بىر لاتا، ئەخمەق ئادەم بولۇپ قالىمەن. بىر ئەرگە بۇنىڭدىن ئارتۇق ھاقارەت بارمۇ. مەن توي قىلىشنى خالىمىغان قىزنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات بېرىپ تۇرۇشۇم ۋە ئايالىمنىڭ گۇمانلىق ئىشلىرىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن خالاس قىلىشىم كېرەك. بۇنداقتا مەن ئۇنىڭغا ئالدانغان بولمايمەن. ئايالىمنى ئۇنداق ئىش قىلمايدۇ دېگەن تەقدىردە مەن بىر يۈزسىز ئەر بولۇپ قالساممۇ بۇ ئەلۋەتتە لاتا، ئەخمەق بولۇپ قېلىشتىن ياخشىراق.

مەن شۇلارنى ئويلاپ، ئۆزۈمدىن قانائەت ھاسىل قىلدىم.

**8**

ئايالىم خېلىلا كەچ كەلدى، مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ تۇزۇپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. يۈزۈڭگە كىملەردۇ سۆيگەن بولسا، مەنمۇ دەل بىرىنى سۆيگەن ئېغىزىم بىلەن سېنى سۆيۈۋاتىمەن. ئالمىغان، بەرمىگەن بولدۇم. مېنىڭ بۇ سۆيۈشۈم ئۇنىڭغا بۆلەكچە تەسىر قىلغانىدەك ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى ۋە ئۆزىمۇ جۇرئەتلىنىپ يۈزىنى يۈزۈمگە ياقتى. ئۇنىڭ بەدىنى بوش تىترەيتتى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمىگەنىدەك پات ـ پات بېشىنى

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ ماڭا قارايتتى. ئۇ ئۇخلاش ئۈچۈن جاي راسلىدى. مەن بىر دەم ئاماكا چەككەچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردۇم. تۇيۇقسىز قوشنىمىزنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ئۇپ-ئۇر - تۇپۇر قىلىشقان، بىر - بىرىنى تىللاشقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىن بىر ئايال بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ ۋارقىرايتتى ئەر. ئۇ ئەڭ بولمىغۇر تىل بىلەن ئايالنى تىللاۋاتاتتى. مەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا كىردىم. قوشنام ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ھەققىي ئەر ئىكەنلىكىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى:

— سەن ئېرىڭنى ئەخمەق قىلىۋالدىم، دەپ ئويلاۋاتامسەن. ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋەرمە. ساڭا قانداق ئادەملىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام، — ئۇ ئايالغا ئېتىلدى، مەن ئۇنى قۇچاقلاپ مەھكەم تۇتۇۋالدىم. ئۇ ماڭىمۇ ھەيۋە قىلىپ، — سەن سەممىي ئادەم بولساڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشما. قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھاراقنىڭ بۇسى گۇپۇلدەپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئايالى تۇيۇقسىز جىمىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئاران تىزگىنلەپ:

— ئىشنى چىرايلىقچە بىر تەرەپ قىل. داۋراڭ سالغاننىڭ نېمە پايدىسى! — دېدىم.

— ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ. مەن بىر ماز ئەر بولۇپ قالدىم. ئۇ مېنى توپتوغرا ئون يىل كولدۇرلاتتى. مەن بىر لاتا بولمىسام ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىدا بەخىرامان ياشاۋېرەتتىمۇ؟ مەن تۈگەشتىم. ئانام مېنى بىر ئەر دەپ تۇغسۇنۇ، مەن بىر ئەرزىمەس ئايالنىڭ قولىدا لاتىلىشىپ كېتەي، — ئۇ ئاسمانغا قاراپ نالە قىلىشقا باشلىدى، — ئاھ خۇدا ئون يىل دېگەن ئاز گەپمۇ؟ ياشلىق دەۋرىمدىكى ئون يىل، ئاھ خۇدا، — ئۇ بېشىغا مۇشتلاپ ھۆركىرەپ چۇقان سېلىشقا، مۇشتلىرىنى ھەريان شىلتىشقا باشلىدى. مەن ئۇنى تۇيۇقسىز قولۇمدىن چىقىرىپ قويدۇم، ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئايالنى تېپىپ دەسسەشكە باشلىدى. ئايال ئىچىدە بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلايتتى. مەن ئۇنى يەنە تۇتۇۋالدىم. ئۇ ھەدەپ يۇلقۇناتتى. مەن ئۇنى ئۆيىگە سۆرەپ ئەكىرىپ قويۇپ، چىقىپ ئايالنى يۆلىدىم:

— بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ، مەن چاقىرمىغىچە ئىشىكنى ئاچماڭلار.

ئايال ئەستە ئورنىدىن تۇرۇپ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئايالغا سەل ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۆيگە كىرسەم سۇلتان ئالدىمغا دىۋدىيلەپ كەلدى:

— ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدەك يەنە ئۇنىڭغا بولۇشۇۋاتىسەنا، بۇ جېدەلدە سېنىڭ ھەسسەڭ بولمىسا كاشكى.

— ئايالىڭنى مەنمۇ دۇمبالىشىپ بەرگەن بولسام بوپتىكەن، ئىسىت، — دېدىم مەن زەردىم بىلەن.

— مېنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن... بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ ئالمىقىدا ئون يىل كولدۇرلىغان ئادەمگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم يوق، بىر ئالدامچىنى، ئۆز نېمۇسىگە قانائەت قىلمىغان بىر رەسۋا ئايالنى ھەممىڭ قانات ئاستىغا ئېلىش.

— ئەخمەقلىق قىلما، نېمىش قىلغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەر دېسە ئۆزۈڭ ئوسال بولۇپ قالىسەن.

— ئۇنىڭ زاكىسىدا بۇزۇلغىنىنى ماڭا خۇدا يەتكۈزدى.

— مەن خۇدا ئەمەسقۇ دەيمەن.

— مەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ مەيدەمنى كېرىپ يۈرەي، ئۇنىڭغا شۇنچە ئىشەنچ باغلاي. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ قىلچە شەپقەت قىلماي مېنى خورلىسۇن. مەن بۇ دۇنياغا كولدۇرلاش ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمۇ؟!

— ھەر كىم ھەر نېمە ئۈچۈن تۆرىلىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا ئوراپ بەردىم. ئۇنىڭ چىرايى يىرتقۇچ ھايۋانلارچە تۈسكە كىرگەنىدى. كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا خۇدىنى بىلمەيۋاتقاندۇ، ئەتە ئۆزىدىگە كېلىپ ھەممىگە پۇشايمان قىلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئەمدى خېلىلا پەسكويغا چۈشكەنىدى، مەن ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدىم، ئىشىك تاقاقلىق ئىدى، مەن ئايالىمنى چاقىردىم. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ:

— ئۇ قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيىدە قالدى. ئايالچۇ؟

— ئۆيدە يىغلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئېرىنى بىر ئېغىزمۇ تىللىمىدى. پەقەت ئۈن - تىنسىز يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.

مەن ئۆيگە كىردىم، ئۇ ئايال بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقان ياكى يىغلىمايۋاتقىنىنى بىلەلمىدىم.

— ئۇ مەست بولۇپ قاپتۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بولسۇن ئۈچۈن، — ئادەتتە ھاراق ئىچمەيدىغان ئادەم بىر ئىچىپ قويسا ئەنە شۇنداق ئوسال كەيپ بولىدۇ. ئۇ بۈگۈن بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئەتە چوقۇم قىلغانلىرى ئۈچۈن ئۆكۈنىدۇ.

ئايال تويۇقسىز ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. جېدەل چىققاندىن بۇيان ئۇ بۇنداق قاتتىق يىغلىمىغانىدى. گەپلىرىم يارىسىغا تۇز سەپكەندەك تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم مەن.

ئۇ تويۇقسىز ئىشىكتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بالا ئەمدى تېرىلىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تەڭلا يۈگۈردۇق. مەن ئايالنىڭ كەينىدىن دېگۈدەك ئۆيگە كىرىپ، داڭ قېتىپ قالدىم. ئۇ، مەستلىكتىن كۆزلىرى ئېلىشىپ كەتكەن ئېرىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتاتتى. مەست خۇدىنى بىلمەۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتتا ئىدى. ئايال ئۇنىڭ قويۇۋېتىپ، ئېرىنىڭ مەينەت بولۇپ كەتكەن ئىككى پۇتىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، پۆكلىنىپ تۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. مەست تېخىچە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىگەندەك چەكچىيىپ تۇراتتى. ئايالىم تويۇقسىز يىغلىۋەتتى. مەن بۇنداق قىلما، دېگەننى ئىپادىلەپ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ قويدۇم.

ئايالنىڭ يىغىسى يۈرەكنى ئېزەتتى. ئۇ مۇشۇ يىغىسى بىلەن ئىچىگە توشۇپ كەتكەن

دەردلىرىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك خېلى ئۇزۇن يىغلىدى. مەن ئۇ تۇغماسلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان بولسا كېرەك. نېمىلا دېگەنبىلەن تۇغۇش-تۇغماسلىقنى ئادەم ئۆزى تاللىۋالالامدۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. ئايال يەنىلا يىغلاۋاتاتتى. ئايالمۇ يىغلاۋاتاتتى. قوشنامنىڭ غەزىپى ئاللىقاچان بېسىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ تۇرسىمۇ ئايالغا بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي ئوسال بىر ھالدا تۇراتتى.

ئايالنىڭ يىغىسى پەسەيدى. ئۆينىڭ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى. ئايالنىڭ بېشى سەل كۆتۈرۈلدى:

— مېنى كەچۈرۈڭ، ياق... مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورىماقچى ئەمەس. مېنى ھەرگىز كەچۈرمەڭ. سىز ھەقلىق... — ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي يىغلاپ كەتتى، — مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. سىزنى ھامان بىر كۈنى مېنى مۇشۇنداق دۇمبالايدىغۇ دەپ بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرەتتىم. ئۆيدىن ھامان بىر كۈنى قوغلىنىدىغىنىمنى بىلەتتىم، لېكىن، ئەمدى ئىچىم بوشاپ قالدى، ئەمما ئالدىغۇچى ئالداشقا مەجبۇر بولسا ئالدانغۇچىدىنمۇ قاتتىق ئازابلىنىدىكەن. مەن سىزنى ئالداۋاتقىنىمنى ھەر ئويلىسام ئىچىم ئېچىشىدۇ. گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن سىزگە شۇنچە مېھرىبانلىق كۆرسەتتىم، — ئۇ يەنە ھۆركىرەپ يىغلىدى.

بۇ يىغا ماڭا بۇ ئايال ئېرىدىن ۋىدالىشىۋاتقاندەك بىلىندى. بىر چاغدا ئايال ئورنىدىن يۆلىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقتۇق. ئۇ قاراڭغۇلۇققا قاراپ جان-جەھلى بىلەن يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ قارىسىنى يىتتۈرمەي ئىز قوغلاپ ماڭدىم. مېنىڭ ھەممىدىن بەك ئەنسىرەۋاتقىنىم يېقىن يەردىلا بىر چوڭ ئۆستەڭ بار ئىدى. ئۇ ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ بارغىچە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالمىسام ئۇنى مەڭگۈ يوقىتىپ قوياتتۇق. ئارىلىقىمىز ئون مېتىردەكلا قالدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆستەڭنىڭ ئارىلىقىمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مەن تېخىمۇ تېزرەك يۈگۈرۈشكە تىرىشاتتىم. ئۇ تۇيۇقسىز شىپپىدە توختىدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قاماللىدىم.

ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— مېنى نېمىشقا قوغلايسىز. مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، مېنى ئۆلۈۋالىدۇ، دەپ ئويلىغان ئوخشىمامسىز، مەن ئۆلۈۋالسام بالامنى كىم باقىدۇ؟

— قايسى بالىڭىز...؟ — مەن ئۆز ئاۋازىمدىن چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ئاۋاز ماڭا ناھايىتى يات ئاڭلاندى.

— ئىلگىرىكى يولدىشىمدىن بولغان بالا. ئۇ ھازىر ئاچامنىڭ ئۆيىدە، ئېرىم بۇ ئىشنى بىلىپ قاپتۇ. مەن ئىلگىرى بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دېمىگەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغانىدىم.

ئايال شۇلارنى دەپ يەنە يۈگۈرگەندەك تېز مېڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چەكچىيىپ قارىدىم. قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى غۇۋا كۆردۈم.

## 9

— بىچارە ئايال، — دېدى ئايالىم، — نېمىدېگەن سەممىمي ئايال، — دېدى ئۇ يەنە جۆيلۈۋاتقاندەك.

— ئۇ كەتتى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئەندىشىلىرىنى تۈگەتمەك ئۈچۈن. ئۇ بىردەم ھاڭ-ۋېقىپ ئولتۇردى. كېيىن ماڭا قاراپ:

— شۇنداق قاراڭغۇدا بىر ئايالنى يالغۇز قويۇۋەتكىنىڭىزنى قاراڭ، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇۋەر.

— كېچىچە يۈرىكىم ئېغىپلا چىقتى، بىرى ھېلىلا ئىشىكنى چېكىپ ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغاندەك.

— خاتىرجەم بول، — دېدىم يەنە.

— ئەرلەردىن ھەزەر ئەيلىمىسە بولمىغۇدەك، ئېغىر-بېسىق بىر ئادەمنىڭ ئۇنداق قالايمىقانلىشىپ كېتىشى ھېچ ئەقلىمگە سىغمايۋاتىدۇ، — ئۇ ماڭا چەكچىيىپ قاردى.

— خاتىرجەم بول، — دېدىم مەن يەنە خۇش ياقماي.

ئۇ بىر چىنىگە چاي قۇيدى ۋە تاماقنى ئالدىرىماي يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سەل يۈرەكزادى بولۇپ قالغىنى قىياپىتىدىن ئېنىق بىلىنەتتى. تاماق يەۋېتىپمۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئۇ ئىشلار سىزگە تەسىر قىلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — مەن ئۇنىڭ گېپىنى دەماللىققا پەرق ئېتەلمەي ئۇنىڭغا قارىدىم، — بۇ ئىش شۇنداق بولدى. ئايالنىڭ ئۆزىدىمۇ بار. ئۇ ئايالنى قويۇۋەتمەكچى بولسا، دۇمبالاپ يۈرۈش ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىق ئىش ئىدى.

ئايالىم ماڭا چەكچىيىپ:

— ئۇ ئۇنى قويۇۋەتسە ھەرگىز ئۇنداق ئايالغا ئۆيلىنەلمەيدۇ، — دېدى.

— ئۇ ئۆيلەنگەن ئايال ياخشى چىقىشىمۇ، ناچار چىقىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن مەسىلىنىڭ مۇھىم تەرىپى بۇ ئەمەس.

— ئەجەبا بىگۇناھ بىر ئايال شۇنچە خورلانسا...

مەن ئۈن چىقارمىدىم.

— بۇ بىر زوراۋانلىق. بىچارە ئايال ئاخىرىدا ھەتتا ئۇنىڭغا يېلىنىپ كەتتى. ئىشىنىمەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى، نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلەلمىدى. ئېرى مېنى ئالدىدىڭ، دەۋەرگەچكە، ئۇ ئېرىنى ئالدىغاندەك ئەپۇ سوراپ كەتتى.

مەن چىنىنى داستىخانغا قويۇپ، بىر تال تاماكا ئورىدىم. ئۇنى چەككەچ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك ئولتۇردۇم.

— بۇ ئادەم سىزگە بىرەر گەپ دەپ بەرمىدىمۇ؟ بىرەر پىتنە-پاسات ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك.

مەن بېشىمنى چايقاپ قويدۇم.

ئۇ چىنىلەرنى دەستىلەپ، يۇيۇشقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوشنامنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم، ئىشىكلەر تونۇگۈنكى پېتى يېرىم ئوچۇق، ھويلا ئوخشاشلا قالايمىقانىدى. مەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتىم، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. مەن ئىشىكنى قاتتىقراق ئۇردۇم، ئىشىك مۇشتۇمنىڭ زەربىسىدە قىيا ئېچىلىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى، مەن سەرەڭگە يېقىپ ئۆيگە كىردىم. بۇلۇڭدا بىر جۈپ كۆز ماڭا چەكچىيىپ قاراۋاتاتتى. پۈلتىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بىر جۈپ كۆز قوشنامنىڭ كۆزلىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. مەن چىراغنىڭ يىپىنى تارتتىم. ئۆينىڭ ئىچى لاپپىدە يورۇپ كۆزۈم چاقناپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى بىر كۈندىلا شۇنچە ئۆسۈپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ بەكمۇ مەيۈس كۆرۈندى. مەن نېمىدەپ ئېغىز ئېچىش توغرىسىدا بىر ئاز دىلىغۇل بولدۇم.

مەن سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا ئورىغاچ:

— تاماكا چېكەمسىز؟ — دېدىم.

ئۇ ماڭا قاراپ ئۈن-تىنسىز يېتىۋەردى. مەن ئۇڭايسىزلاندىم ھەم تاماكىنى چېكىپ بولۇپ چىقىپ كەتسەم بولغۇدەك، دەپ ئويلىدىم.

تاماكىنىڭ قالدۇقىنى تاشلىۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا بولۇڭدىن:

— تاماكىڭىز بارمۇ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئوراپ بېرەيمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئاۋارىچىلىق ھېس قىلمىسىڭىز... — دېدى ئۇ مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ. مەن تاماكا ئوراشقا كىرىشتىم، ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قولۇمغا قاراپ ئولتۇراتتى. مەن ئوراپ بولغان تاماكىنى ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇپ بەردىم، ئۇ تاماكىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن شوراپ بىرھازا چەكتى، ئاندىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ:

— ئايالىم نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— سىز تۈنۈگۈن مەستىمىدىڭىز.

— ئازراق ئىچكەن، ھەممە ئىش ئېنىق ئېسىمدە بار. مېنىڭ سوراۋاتقىنىم ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى، يەنى ئۇ... ئۇ... مەن سەل ئەنسىرەۋاتىمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

— سىز ئاپىرىپ قويدىڭىزمۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا يېرىم يولدا يېتىشىۋالدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم قىلىپ بەردى.

— كېيىمگە ئىشىنىپ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتىڭىز؟

مەن گەپ قىلمىدىم. ئۇ سۈرۈلۈپ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ زەئىپ كۆرۈنەتتى.

— مەن زادىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. ئۇ بەلكى سىزنى كۆزۈمگە كىرىۋالمىسۇن دەپ قەسەم قىلغاندۇ.

— مەن ئۇنىڭ كۆرۈكتىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردۈم. ئۇ قېرى ئاتا-ئانامنى،

ئىنىمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، دېدى.

ئۇ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك، قولۇمنى مەھكەم سىقىپ «دوستۇم، ھەي دوستۇم» دەپ، ئۆكۈنۈش ئارىلاش پىچىرلىدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ ھەر بىر قېتىم دوستۇم دېگەندە قولۇمنى تېخىمۇ مەھكەم سىقىپ قوياتتى. ئۇ ماڭا نېمىدۇر دېگۈسى بولسىمۇ، دېيەلمەيۋاتقاندەك بىلىنىدى. بىز يەنە بىر تالدىن تاماكا ئوراپ چەكتۇق. ئۇ ھازىر بايىقىدىن خېلى خاتىرجەم كۆرۈنەتتى.

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟ — دېدىم بۇ ئىش تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىپ.

ئۇ مۈردىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئۈن چىقارمىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيگە يېنىپ كىردىم. ئايالىم بىكارچىلىقتا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— تاماق بارمۇ؟

— بار، — دېدى ئۇ تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

ئېكراندا بىر ئايالنىڭ فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى بېرىلىۋاتاتتى.

— تاماقنى ماڭا ئۇسۇپ بەر.

ئۇ ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ يەنە ئولتۇرۇۋەردى. ئېكراندا كۆرۈنۈش ئالماشقاندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇردى:

— يېمەيمەن دېگەنتىڭىزغۇ؟ ھەممىنى ئۇسۇپ بېرەمدىمەن؟ — ئۇ چوڭ قاچىغا لىق ئاش ئېلىپ كىردى، — داستىخان سېلىپ بېرەيمۇ؟

— ياق، — دېدىم مەن. ئۇ تېلېۋىزور كۆرگىلى كىرىپ كەتتى. مەن تاماقنى ئېلىپ قوشنامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۇ تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايلا تاماق يېيىشكە باشلىدى. مەن بىردەم تاماكا چېكىپ ئولتۇردۇم. ئۇ تاماق يەپ بولۇپ:

— سىرتقا چىقىپ تاماق يېمىش پەقەت خۇش ياقمىدى. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا تۇردۇم. بىرى ھازىرلا كۆڭۈلسىز بىر خەۋەر ئېلىپ كىرىدىغاندەك، — ئۇ قاچىنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ قويدى. ئاندىن، — مەن تونۇگۈن بەك ئاشۇرۇۋەتمىگەنىدىمەن؟ — دېدى.

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ.

— مەن سىزنىڭ تونۇگۈنكى گېپىڭىزگە قاراپ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئوخشايمەن دەپ ئويلاپتىمەن.

— دۇمبالاپ نېمىگە ئېرىشەلەيسىز؟ ئۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن دۇمبا يەپ خېلىلا يېنىكلەپ قالىدۇ. سىز بولسىڭىز ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىز.

— مەن ئىشلارنى داۋاملىق مۇشۇنداق ئۇدۇل ئويلايمەن.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇلۇڭدىكى چېلەكتىن بىر ساپلىق سۇ ئېلىپ ئىچتى.

— سىزگە ھەيرانمەن، — دېدى ئۇ سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، — ئۇ گۇناھىنى ئاخىر بويىنىغا ئالدى. مەن گەرچە ئۇنى ئۇرسامدۇ ئىشلارنىڭ سىز دېگەندەك چىقىشىغا ئىشەنمەيتتىم.

ئۇ، ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغراسلىقىنى بۇرۇنلا بىلىۋالغان دېگەن گەپكە ئەمدى

ھەقىقىي ئىشەنگەنىدى.

— ئەمدى ئىشەنگەنسىز، — دېدىم مەن نېمە دېيىشنى بىلمەي.

— ئۇ ھەممىنى بوينىغا ئالدى. سىزگە ھەيرانمەن، — ئۇ قولۇمنى يەنە سىقتى، — ئۇ، ئۇن يىل مېنى ئالدىدى. سىز مېنى ئويغىتىپ قويمىغان بولسىڭىز ئەسلا بىلمەي قالاركەنمەن. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق. لېكىن سىزگە ئېيتاي. ئۇ تېنىۋالغان بولسا بىز ئاساس تاپالمايتتۇق. ئۇ ئىقرار قىلىپ ئۆز گۇناھىنى يۇدى.

— نېمە دېمەكچىسىز؟ — دېدىم مەن چۈشەنمەي.

ئۇ ھىجايدى.

— ئالدىغۇچى ئالداشقا مەجبۇر بولسا ئالدانغۇچىدىنمۇ قاتتىق ئازابلىنىدىكەن. بۇ سۆز ئەتىگەن تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى، قارىماسىز. ئۇ ئىقرار قىلغاندىن كېيىن كېچىچە قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدىم. ئەتىگەن ئۇنىڭ گېپى ئېسىمگە كېلىپ، ئۇ نېمىشقا مېنى ئالداشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندۇ، دەپ ھېچ ئويلاپ يېتەلمىدىم.

— دوستۇم، سەگەكرەك بولۇڭ. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باققىڭىز كېلىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ قويدۇممىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— سىز قىزىق ئويلايدىكەنسىز.

— مەن كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆزۈم زىيان تارتساممۇ باشقىلار زىيان تارتمىسىكەن دەپ ئويلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئۆچ ئالمەن، مېنى ئالدىدى دەيسىز.

— ئۇنىڭ مىسكىن ھالىتى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. ئۇ ھازىرمۇ ماڭا «كەچۈرۈڭ» دەپ نالە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

— بۈرۈنغۇ بىلمەي ئەخمەق بولۇڭ، ئەمدى ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن كولدۇرلاڭ، — مەن ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كەلدى، — ئەگەر سىزنى ئەر دەپ ئويلىمىغان بولسام بۇ گەپلەرنى دېيىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

— ئەلۋەتتە سىزمۇ ھەقلىق، — دېدى ئۇ.

— سىز پەرزەنت يۈزى كۆرۈش نىيىتىڭىزدىن ياندىڭىزمۇ. ئۇنىڭ ھازىر سىزنى تەسىرلەندۈرۈۋاتقان گېپى كىم بىلىدۇ يەنە بىر نەيرەڭمۇ؟

مەن ئۇنىڭ تۈگىشىپ كېتىشىنى خالىمايتتىم. ئۇ بالىلىق بولالمىسىمۇ ئۆزدىنى ئالدىمىخان بىرى بىلەن بىرگە ئۆتسە يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى.

مەن ئۇنى دوستۇم دەپ قارىمايتتىم. پەقەت قوشنا بولغىنى ئۈچۈنلا ئۆلپەتلىشىپ قوياتتىم. مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ دەرىجىدە چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىنى خالىمايتتىم. ئۇ جىم ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنىمۇ قىلمىدى. گېپىمگە پوزىتسىيىسىنىمۇ بىلدۈرمەدى. مەن ئۇنىڭ دەماللىققا بىر نەرسە دېيىش تەس كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. مەن ئۇنىڭغا بىر سىقىم تاماكا بېرىپ:

— مەن چىقاي، — دېدىم، ئۇ ماڭا سوغۇقلا باش لىڭشىتىپ قويدى.

سىرتتا ھاۋا خېلىلا سالقىن ئىدى. ھەتتا بەدەننى سەل قورۇيتتى. مەن ئىشىك ئالدىدا بىر تال تاماكا چېكىۋېلىپ ئاندىن ئۆيگە كىردىم. ئايالىم ئۆيدە بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. كىرىشىمگە ماڭا چەكچىيىپ قارىدى. مەن قاچىنى ئۈستەلگە قويدۇم.

— نەگە باردىڭىز؟ — دېدى ئۇ.

— سۇلتاننىڭ ئۆيىگە، — دېدىم مەن.

— تاماقنى شۇنىڭغا بەردىڭىزمۇ؟

— شۇنداق بولىدۇ - دە.

— ئايالنى قوغلىۋەتكەننىڭ دەردىنى تارتسا بولاتتى. سىز نېمىشقا تاماق ئەپچىقىپ بېرىسىز؟

— ھەي مۇسۇلمان. بىر قاچا سۇيۇقئاشقا قورسىقىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھاياجىنى ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى.

— مەن بىر قوشۇق سۇمۇ بەرمەيتتىم. بىچارە دوستۇم ئۇسال ئايال بولىدىغان بولسا، ئۆزىنى بۇنداق بوزەك قىلدۇرماس ئىدى.

— بۇ گەپلىرىڭ نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى.

— سىز مېنىڭ ۋىجدانىم بىلەن ئوينىشىۋاتىسىز. سىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەتلىشىپ كىردىڭىزمۇ؟

— ئۇ يېقىندا بىرى بىلەن توي قىلماقچى.

— ئەرلەر مانا شۇنداق يۈزسىز كېلىدىكەن، — دېدى ئۇ ۋايساپ، — ئۇ تېخى ئۆيلىنەرمىش، سىز نېمىشقا ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەيسىز.

— ئۆيلىنەمدۇ - ئۆيلەنمەمدۇ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم.

— سىزمۇ شۇنداق دەڭ، مەن سىزنىڭ قانداق ئادەملىكىڭىزنى بىلمەيلا قېلىۋاتىمەن.

— بىلسەڭمۇ ئەمدى كېچىكتىڭ.

— سىز ئۇنىڭ قالايمىقان گەپلىرىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا يان بېسىڭ. كىمگە ئۆيلىنىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ كىردىم دەڭا. مەن ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ كىرىمەن.

ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە ئېچىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ:

— بۇنچە ھاياجانلىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ.

— مېنى قويۇۋېتىڭ. مەن دوستۇم ئۈچۈن بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىۋالمىسام بولمايدۇ. سىز دوستلۇق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيسىز. سىز ھەتتا بۇ نومۇسسىز ئادەمنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىمۇ چۈشەنمەيسىز. مېنى قويۇۋېتىڭ.

مەن ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋەردىم.

— سىز ئەمدى ماڭا ئۇۋال قىلىڭ. مەن گېپىڭىزنى ئاڭلىمايمەن. مېنى سىز ئەزەلدىن تەتۈر قىيناپ كەلدىڭىز. مەن ئەمدى يەنە چىداۋېرەلمەيمەن. سىز خېتىمنى بېرىۋېتىڭ. مېنى بۇنداق قىينىماي قويۇپلىۋېتىڭ، خۇدايىم سىزگە بوزەك بولىدىغاندىن

يەنە بىرنى بېرىپ قالار.

— سەن بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپسەن. ئۆزۈڭنى بېسىۋال! — دېدىم ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي.

— ھاياجانلىنىۋاتقىنىم يوق. بۇ ئۆيدە چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. سىز مېنىڭ ۋىجدانىم بىلەن ئوينىشىۋاتىسىز. نېمىلا بولسا سىزنىڭ ھېساب بولامدۇ. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە لايىق قەلبىم بارغۇ؟!

— يۈر، كىرىپ كېتەيلى. دوستۇڭ سەن شۇنچە تەرىپىنى قىلىپ كەتكۈدەك گۇناھسىز بولسىغۇ مەيلى.

— گەپنى دېيىشىپ بولدۇق. ئەمدى مېنى تىزگىنلەيمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. مەن ئۇنىڭغا دەيدىغىنىمنى دەۋالمىسام ھېساب ئەمەس، مېنى قويۇۋېتىڭ.

مەن ئۇنى دوستى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قېلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىساممۇ ئۇنىڭ بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىنى چۈشەنمەيتتىم. مەن ئۇنى ئالدىمغا تارتىپ كۆزىگە قارىدىم:

— ساڭا ئېسىلىۋالغىنىم يوققۇ. گېپىڭنى يەنە بىر دېگىنە، راست - يالغانلىقىنى ئايرىيالمايۋاتىمەن.

ئۇ گەپ قىلماي ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىردىم. ئۇ سەل پەسكويغا چۈشكەندى.

— ئەرلەرنىڭ نومۇسسىزلىقىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويايمۇ. راستىنلا چىدىغۇچىلىكىڭ قالمىدىمۇ؟

— سىز مېنى بەكلا قىيناۋاتىسىز، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ.

— ئەگەر راستىنلا ئاجرىشىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولساڭ، مەندىن ئايرىلساڭ كۆڭلۈڭ راستىنلا ئارام تاپىدىغان بولسا مەن سېنىڭ بەختىڭگە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ يۈرمەي.

ئۇ بىرھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. مېنىڭ بەكمۇ ئىچىم پۇشتى. شۇڭا سىرتقا چىقىپ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئاسمان بۇلۇتلۇق بولۇپ، بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپ بويۇنۇممۇ تېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەۋرى - تاقىتى قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ بۇ چاغقىچە يىغلاپ ئولتۇرالمايتتى. مەن ئۆيگە كىردىم. ئۇ ئۇخلاشقا جاي راسلاپ قويغانىكەن.

10

— ئاناڭ بارمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇ ھاممامنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

— كىرسەم بولامدۇ؟

— بۈگۈن بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى.

مەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىردىم. ئۇ ئىشىكنى تاقىۋېتىپ مېنى قولتۇقلىۋالدى.

— مۇشۇنداقمۇ يوق بولۇپ كېتەمسەن، مەن ئالدىڭغا بارغىلى تاسلا قالدىم. مېنى سۆيۈپ قوي.

ئۇ ماڭا يېپىشىۋالدى.

— يەنە بىر-ئەچچە كۈن كەلمىگەن بولساڭ ئۆيۈڭگە باراتتىم، ئايالىڭ سىز كىم بولىسىز، دەپ سورىسا مەن ئۇنىڭ سۆيگىنى، سىزچۇ دەيتتىم.

— ئۇ بوش ئايالاردىن ئەمەس. بېرىپ قالساڭ چېچىڭنى يۇلىدۇ.

— مېنىڭكىنى يۇلسىغۇ مەيلى، لېكىن سېنىڭ چېچىڭمۇ ئامان قالمايدۇ.

— سەن سەل نومۇسسىز بولۇپ قالدىڭمۇ قانداق.

— شۇنداق، مەن بىر نومۇسسىز ئايال، ئەمدى ساڭا ئۇيياتچان كۆرۈنۈشىمنىڭ هاجى-تى يوق. مەن قانچىلىك چوڭ گۇناهلارنى قىلىۋاتقان بولساممۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش بۇ گۇناهلارنىڭ تۇنجى قەدىمى بولدى.

— توي قىلماي مۇشۇنداقلا ئۆتەرسەنمۇ؟

— سەن ئالمىغاندىكىن ئەمدى هېچ كىمگە تەگمەيمەن. مېنى ئونتۇپ قالمىساڭلا بولدى.

— مېنىڭ سەن بىلەن توي قىلىشنى خالىمىغىنىم سېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ مېنى هەددىدىن تاشقىرى ياخشى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا، — دې-دىم مەن تولا دېگەن گېپىمنى قايتا تەكرارلاپ.

— سېنى ياخشى كۆرۈش ياكى كۆرمەسلىك مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس. مەن شۇ تاپتا سېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسام، يۈزۈمگە ئىككىنچى قارىيالماس قىلىۋەتسەم دەيمەن. لېكىن كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.

مەن ئۇنىڭ بارغانسېرى تولۇپ ۋايىغا يېتىۋاتقىنىنى هەم ئارىمىزدا ئاجايىپ بىر يېقىنچىلىق بارلىقىنى هېس قىلدىم. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساڭ بولمايدۇ، دېگەن سادا كېزىپ يۈرەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭسىز هاياتىم بەكمۇ چۆلدەرەپ قالاتتى.

بىز ئۆيگە كىردۇق. ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئەلۋەتتە ساڭا ئىپپەتلىك كۆرۈنۈشۈمنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، — دېدى ئۇ بۇ گېپىنى يەنە تەكرارلاپ، — سەن نامەردنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىم ئۆمرۈمدە بەك چوڭ خاتالىق بولغانىكەن. مېنى دوستلىرىمنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا هەۋەس قىلمايدۇ دەمسەن. مەنمۇ شۇلاردەك ئانا بولسام، ياخشى كۆرۈش دېگەنلەرنىڭ دەردىنى تارتمىسام دەيمەن. سەن مېنى تۇغۇلغىنىمغىمۇ تويغۇزۇۋەتتىڭ. مەن نورمال ياشاش ئىقتىدارىم-نىمۇ يوقاتتىم.

— كۆزۈڭنى يۇمۇپلا بىرى بىلەن توي قىلساڭ بۇرۇنقى ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈنلە-رىڭگە ئۆكۈنەتتىڭ.

— باشقىلارغا 50 يىل خوتۇن بولغاندىن سېنىڭ بىر نەچچىنى سۆيۈپ قويغىنىڭ ئەۋزەل ماڭا. مەن ھەممە ئىشنى پايدا - زىيان بىلەن ئۆلچەيدىغان ئۇنداق كىشىلەرگە ئوخشىمايمەن.

ئۇ كۆزۈمگە بەكمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئىچ - ئىچىمدىن ھاياجانلىنىپ ئۇنى بىر نەچچىنى سۆيدۈم. مەن بۇ سۆيۈشتە ئادەتتىكى ئاشىقلار مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان بىر لەززەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنى سۆيگەنچە يەنە سۆيگۈم كەلدى. ئەمما بەك لاۋزىلىشىپ كەتمەي، دەپ ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

— مەن شۇنچە قىلىپمۇ سېنى تەسىرلەندۈرەلمىدىم. ساڭا بۇنچە بېرىلىپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيمەن. ئىككى ئادەم بولۇپ قالغان بولساڭمۇ بوپتىكەن.

— ئون ئادەم بولغان بولسامۇ ساڭا بىرەرى تەگمەيتتى. ئادەم ئازاب ئىچىدىمۇ خاتىرجەملىك تاپالايدىغان بولۇشى كېرەك.

— سېنىڭ يېنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق. تاماق ئېتىپ بەرمىدى دەپ رەنجىمە، ئۆيۈڭگە بارساڭ تاماقىڭ تەييار. شۇڭا سەن بىلەن بىرگە بولۇش ۋاقتىمنى قىسقارتقىم يوق.

—سېنىڭ بارلىق ئازابلىرىڭ پەقەت مۇھەببەت ئۈچۈن ئېرىشكەن بىراك مالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— مەن يەنە نۇرغۇن بىراك مالغا ئېرىشىشكە رازىمەن. ھاياتىمنى ئۆزى خالىمىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئادەمگە بەك ئېغىر كېلىدىكەن.

— سەن مېنى يەۋەتسەڭمۇ دەردىڭ چىقمايدىغۇ دەيمەن.

— ئىش قىلىپ، ئويلىغانسېرى سەن بىر ئالدامچىدەك تۇيۇلىسەن. سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ قانداقتۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس. نېمە ئۈچۈنلىكىنى بەلكىم ئۆزۈڭمۇ بىلمەيسەن.

— سەن مېنى يەنە كەلسۇن دېسەڭ بۇ گەپلىرىڭنى قىلىۋەرمە.

— مېنىڭ ئەمدى سېنى تەسىرلەندۈرگۈم يوق قەدىرلىكىم. سەن ئاللىقاچان بىزار بولغان. يەنە بىزار بولۇشۇڭ ماڭا بەرىبىر.

— شۇ تاپتا سېنى بىر سۆيۈپ قويغۇم بار ئىدى. مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن ۋاز كەچتىم.

— سەن مېنى ئىزدىمىسەڭ مەنمۇ ۋاي دەپ كەتمەيمەن. سەن مېنى ئەخمەق قىلىپلا كەلدىڭ.

— مەسئۇلىيەت مەندىلا ئەمەس.

— خۇپسەنلىك قىلما. سەن بارلىق قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈن مېنى پات - پات يوقلاپ گۇناھىڭنى يۇيۇشۇڭ كېرەك.

ئۇ ماڭا يۈزىنى تەگلىدى. مېنىڭ شۇنداق قىزغىنلىقىم بولسىمۇ، ئەتەي بىزار بولغان قىياپەتتە بىرنى سۆيدۈم.

— سەن مېنى يەنە ئەخمەق قىلىۋاتىسەن، — دېدى ئۇ ماڭا تەتۈر قاراپ.

— سېنى سۆيۈش ۋەزىپەم يوق. چۈنكى سەن مېنىڭ ئايالىم ئەمەس، — دېدىم مەن.

— ئەمىسە بۇ يەرگە كېلىشىمۇ ساڭا ۋەزىپە ئەمەستىغۇ.

مەن ئۇنى قىزغىن سۆيۈپ:

— سېنىڭ توغرا. سەن بەكمۇ ئەقىللىق بوپكېتىپسەن، — دېدىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى يەنە يوقلاپ كەلدىم.

— بۇندىن كېيىن سېنىڭ كېلىشىڭگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ئادەم ئەمەسمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ.

— كەلمىسەڭمۇ ئوخشاش.

— بۇندىن كېيىن سەن رازى بولمىساڭمۇ بىز دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىمىز.

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

— سەن بەك ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىپسەن. ئەلۋەتتە بۇ غايەڭ بىلەن ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ بىرنەچچە يىل ياشىيالايسەن.

— ھامان كۆرۈپ قالىدىغاندەك قىلىسەن. لېكىن خاتىرجەم بول. ئايالىڭنى ئورتۇۋەتمەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن تېخى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز.

— سەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ ئۆيگە كەلمەكچىمۇ؟

— ئىشقىلىپ مەن سېنى ئىككىگە پارچىلايمەن. بۇنى كېيىن كۆرىسەن.

— بۇنچە قۇۋلۇق قىلىشىڭ نېمە پايدىسى. مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. شۇنداق ئىكەن، سەن كەلمە دېسەڭمۇ بەرىبىر كەلمەي ئامال يوق.

— مېنىڭ شۇنچە ئەخمەق بولغىنىمدۇ يېتەر.

— نېمە دەپ ئويلىساڭ مەيلى، مەن بەرىبىر كېلىۋېرىمەن.

— ئەقىللىق دوستۇم، ئۆمرۈم سېنىڭ ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىم يوقلاپ قويۇشىڭنى كۈتۈش بىلەن ئۆتۈپ كەتسە سەنچە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىش بولىدىغۇ دەيسەن. يەنە كېلىپ بۇ يەرگە قانداقتۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئايالىڭدىن دەشنام يېگەنلىكىڭ ئۈچۈن كېلىسەن. ئەگەر دەشنام يېمىسەڭچۇ، سېنى، ئەلۋەتتە سېنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. مەن يەنە داۋاملىق دەشنامىڭنىڭ مېۋىسىنى كۈتۈپ ئولتۇرايمۇ؟

— سەن مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈمگە ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ تەدبىرىم بىز ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق ئەمەسمۇ.

— ماڭا دەپ بەرمەمسەن.

— دېدىمغۇ، بۇ سىر.

مەن پىيالىدىكى چاينى بىر ئوتلاپ ئىچىۋەتتىم. ئۇ يەنە قۇيدى.

— كۈتۈش ھەقىقەتەن ئادەمگە ئېغىر كېلىدىكەن. ھاياتىنى ئۆزى خالىمىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىشتىنمۇ بەك ئېغىر كېلىدىكەن. مەن ئىشىكىڭنىڭ چېكىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراي. سەن پەقەت خۇشۇڭ تۇتقاندا كېلىسەن.

— سەن توي قىلساڭ بولاتتى. مەن يەنىلا سېنى ئۇنتۇپ قالالايتتىم. ئازابىڭ

توي بىلەن چوقۇم يېنىكلەپ قالاتتى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ.

— مەنمۇ شۇنداق قىلسام بولاتتى دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئۇ ئازابلىق كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشى ماڭا ئۇنىڭ يىغلىغىنىدىن بەكرەك دەردلىك بىلىنىپ كەتتى. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

— ماڭا ئىشەنگىن. سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن، — دېدىم پەس ئاۋازدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ. ئۇ ماڭا ئېسىلىپ تويۇقسىز يىغلىۋەتتى.

## 11

— سىز بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىز؟ — دەپ سورىدى قوشنام. ئۇنىڭ كۆزىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ رايىغا بېقىش بولسا مەن ئۆمرۈمدە قىلىشنى خالىمايدىغان بىردىنبىر ئىش ئىدى.

— سىز بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىسىز. سىز تۇرۇپ باشقا ئادەمنى تەكلىپ قىلغۇم يوق.

مەن ئۇنىڭدىن تاماكا سورىدىم. ئۇ تاماكا قۇتىسىنى تەڭلەپ:

— بۇ ئىشنىڭ سىزنى بۇنچە پەرىشان قىلغۇدەك نېمىسى بار. مەن بىر دوستۇمغا يىگىت قولدىشى بولغىنىمدىن ھازىرغىچە پەخىرلىنىمەن، — دېدى.

مەن ئۈن چىقارماي تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇۋەردىم. بۇ تېتىقسىز قوشنامدىن رايىم يېنىپ كەتكەنىدى.

— بولمايدىغان يېرىنى چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىزچۇ كاشكى، مەن سىزنى بۇنچە ئاۋارە قىلماس ئىدىم.

— مەن سىزگە مۇۋاپىق بىرىنى تېپىپ بېرەي ھەم بۇ ئۇنچە ئىنچىكىلەپ كەتكىدەك ئىشمۇ ئەمەس، پەقەت بىرى بولسىلا بولىدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تولا زورلاشلىرىدىن ئىچىم پۇشۇپ.

— مەن سىزگىلا موھتاج. بۇ بىر ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈز خاتىرىسى.

بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بۇ قوشنامنىڭ مەن توي قىلىشنى خالىمىغان قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكىنى ئايالىم ئىككىمىزنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ئۇ قىز مۇشۇنىڭغا ياتلىق بولامدىكەن؟ — ئايالىم قاتتىق جىلى بولاتتى، — مەن ئۇنى تېپىپ، بۇ لۈكچەكنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىنى مەن بىر كۆرەي.

— بىز تويىنى ئوڭشىغلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزۇۋېتىش كېرەك، — دېدىم مەن ئايالىمغا كۆپرەك يەل بەرسەم ئۇ چوقۇم ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئاياللار بىرەر ئىشنى ئوڭشاشقا قارىغاندا، بۇزۇشقا ئەرلەردىن قابىلراق، دېگەن خىيال كاللامغا كېلىپ.

— بىر قىز ئەمەس، ھەرقانداق ئادەم بۇنىڭغا ئۇشۇق كېتىدۇ، — دېدىم يەنە.

— مەن ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ بارىمەن، — ئايالىم دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە ھەمدەم بولغىنىنى كۆرۈپ ھەم تەسىرلەنگەن، ھەم غەيرەتكە

كەلگەندى، — ئۇ قەيەردە ئىشلەيدىكەن؟

مەن باشقىلاردىن ئاڭلىغان، دەپ ئۇنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ چىقىپ كەتتى. مەندە بۇ ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەسلا ئۈمىد يوق ئىدى. لېكىن ئايالىمنىڭ ئولتۇرۇپ بېقىشىنى ئوشۇقچە دېگىلى بولمايتتى. ئايالىمنى ساقلاپ ئولتۇرغان چاغدىكى كەيپىياتىم مەلۇم دەرىجىدە ئۈمىد كۆتۈشكىمۇ ئوخشاپ كەتتى. ئۇ خېلى ئۇزۇندا ئۆيدە پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ ئوسال كەيپىگە قاراپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندىم.

— هېچ بىلمىدىم، — دېدى ئۇ، — شۇنداق ئوبدان، چىرايلىق بىر قىز تۇرۇپ قانداقچە ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالغاندۇ. مەن ئۇنى زادى رايىدىن ياندۇرالمىدىم. ئۇمۇ بۇ هاماقەتنىڭ سۆلىتىگە هەۋەس قىلغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شۇنچە يىگىتلەردىن هالقىپ بۇنى تاپقىنىغا هەيرانمەن.

مەن خېلىلا بوشىشىپ كەتتىم.

— شۇنداق چىرايلىق بىر قىز، توۋا، — دەيتتى ئايالىم پەرىشانلىقتا گېپىنى تالىپاي، — ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق. مەن ئۇنىڭغا توي قىلماسلىققا دەۋەت قىلىۋېرىشكە خىجىل بولدۇم. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كېلىشكەن يىگىتلەرنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا ۋەدە قىلسامىمۇ، ئۇ رەھمەت دەپ كۈلۈپلا قويدى. سىز بىلەن قوشنا ئولتۇرسام تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، دەيدۇ. بۇنى ياقتۇرۇپ قالغىنى نېمىسى.

— قىزلار 25 ياشتىن ئاشقاندا يېشى چوڭ ئەرلەرنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالارمىش، پسىخولوگىيىدە شۇنداق دېيىلگەنمىش، — دېدىم مەن.

— بۇ لوكچەك ئۇ قىزنىڭدۇ قەدرىگە يەتمەيدۇ.

— ئەمما بۇ كېيىنكى ئىش.

— ئۇ بەردىبىر ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.

— ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن كىشىلەرگە باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئاخىرقى هېسابتا ئۆز - ئۆزىنى ئەخمەق قىلىش بولۇپ قالىدىكەن، — دېدىم مەن بۇ ئىشتىن مۇھىم ساۋاق ئالغان ئادەمدەك.

مەن كەچتە ئۆيدىن چىقىپ بىردەم كوچا ئايلاندىم. «دوزاخ قاۋاقخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر سوغۇق ئىچىملىكلەر ماگىزىنىغا كىرىپ، ئىككى رومكا هاراق ئىچتىم. قاۋاقخانا بەكمۇ قايناام - تاشقىنلىق ئىدى. بۇ كىچىك كىنە شەھەردە بۇ يەرگە كىرمەيدىغان ئەرلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ يەردىن چىقىپ يەنە كوچا ئايلاندىم. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، يەنىلا شۇ مەن توي قىلىشنى خالىمىغان قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قالدىم. خېلىلا كەچ كىرگەنىدى. مەن ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم.

— كىم؟ — دېدى بىرى. بۇ ئۇنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— مەن كەلدىم.

— سەن نېمە دەپ كەلدىڭ. سەن بىلەن هازىر كۆرۈشكۈم يوق. ئايالىڭدىن شۇنداق بىزار بولدۇمكى، ئۇنى ئاران يولغا سالدىم.

— ئىشىكنى ئاچ، — دېدىم مەن.

www.uyghurkitap.com



— مېنى تەگلىكتە قويماي كەتكىن! — دېدى ئۇ.

— ئاپالىمنى قويۇۋېتىپ سېنى ئالسامۇ مەيلى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىما، — دەۋەتتىم مەن. بۇ گەپنى دېگىچە بۇ گەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدىمەن، دەپمۇ ئويلىدىم. ئۇنىڭ بوش كۆلكىسى ئاڭلاندى.

— بۇ چۆچىكىڭنى بالاڭغا ئېيتىپ بەر. بەك قىزىقارلىق ئىكەن.

— ئىشىكنى ئاچ. مەن راست دەۋاتىمەن.

— مېنى قىينىماي كەتكىن.

ئۇنىڭ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ ئەزەلدىن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايتتى. شۇڭىمۇ بۈگۈن سەل ئاچچىقىم كەلدى. ئاپالىمنى قويۇۋېتىپ سېنى ئالاي دېگەن ئاغزىمدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. قىزىق، بۇ مۇمكىنمۇ؟ دەپ ئويلىدىم مەن. ئەلۋەتتە ھەر قانداق پېشكەللىك ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشتىن ياخشىراق. مېنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن مېڭەمدىنمۇ ھەزەر ئەيلەپ قالدىم. مەن ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تاماكا چېكىپ ئۆزۈنىغىچە ئولتۇردۇم. تۇيۇقسىز ئۇ چىقىپ قالسا مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ بېچارە، دەپ ئويلاپ قالامدۇ...دېگەنلەرنى ئويلاپ دەرھال ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ھاماقەتلىكىمگە يەنە ئاچچىقىم كەلدى. مەن قايتىپ ئۇدۇل قوشنامنىڭ ئۆيىگە كىردىم.

— توي قاچان بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— مۇمكىنقەدەر تېز قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — بويتاقلىقتىن تازا زېرىكتىم.

— سىز سالغىنىراق ئويلىنىپ كۆرۈڭ. بىر قىز، يەنە كېلىپ ھېچقانداق ئەۋەن يوق چىرايلىقلا بىر قىز قانداقلارچە سىزدەك 30 ياشتىن ئاشقان، 10 يىل جاھان تۇتقان بىر ئادەمگە ياتلىق بولۇشقا ئۇنايدۇ. ئۇ قىزدا چوقۇم مەسىلە بار. مەن بۇ گۇمانىمنى مۇتلەق ئاساسقا ئىگە دېيەلەيمەن. تېگىمەن دېسە ھەرقانداق ئادەمگە تېگەلىگۈچىلىكى بار بىر قىزنىڭ سىزگە ئۇناپ قالغىنىغا مەن راستتىنلا ھەيران، — دېدىم مەن.

— دوستۇم، — دېدى ئۇ قولۇمنى سىقىپ، — بۇ ئىشتىن چاتاق چىقمايدۇ. دۇنيادا مۇھەببەتنىڭ بارلىقىغا، مۇھەببەتنىڭ نى مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز بۇ ئىشنىڭ ئانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوقلۇقىنى ھېس قىلىسىز. سىزنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز تەبىئىي. دوستلار ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشى كېرەك، رەھمەت، مەن سىزدىن ئىنتايىن رازى.

— بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، — دېدىم مەن، — ئىش قىلىپ نورماللىقتىن ھالقىغان ئىشقا ئەستايىدىل قارىغان ياخشى. مەنمۇ سىزنىڭ پۇختا ئويلىنىشىڭىزغا ئىشىنىمەن.

— ئادەم كۆڭلىنى قانداق ئۆتكۈزىمەن دېسە شۇنداق ئۆتىدىكەن. سىزنىڭ ماڭا ياردىمىڭىز ناھايىتى زور بولدى. ئادەم ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلىشى كېرەك ئىكەن، قارىمامسىز.

ئۇنىڭ كەيپى خۇش خۇي ئىدى.

— مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن. خۇدانىڭمۇ كۆزى بار ئىكەن.

بۇ كېچىمنى ئايالىم ئاڭلىسا قانچىلىك چۇقان كۆتۈرەر، دەپ ئويلىدىم.

— رەھمەت دوستۇم! — دېدى ئۇ.

ئۇ «دوستۇم، رەھمەت» دېگەن سۆزلەرنى مەندىن زادى ئايىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ماڭا تاماكا سۇندى.

— دوستۇم، ئازراق ئىچكەچ پاراڭلىشايلى. ئىچمىگىلىمۇ خېلى بولۇپ قالغان.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىردىكى ئۆيگە ماڭدى.

— ئايالىمنىڭ مىجەزى يوق ئىدى، — دېدىم مەن تۈزۈك باھانە تاپالماي، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئولپەتلەشكىم يوق ئىدى.

— ئايالالارنىڭ مىجەزىنىڭ ئەزەلدىن تايىنى يوق. بۈگۈنچە بولسىمۇ ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇڭ.

بىز يېرىم كېچىگىچە ئىچىشتۇق.

تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى، دېگەن سۆز بىرنەچچە قېتىم ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ «بۇ نېمە دېگىنىڭىز» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاغزىمنىڭ ماڭا بويسۇنمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم.

— ئاغزىڭىزغا سېرتما بېكىتىۋېلىڭ! — دېدى كۈلۈپ.

بۇ ئەرزىمەس گەپ ئۈچۈن بىرھازا كۈلۈشتۇق. ئارقىدىن مەن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىۋاتامدىمەن نېمە، دەپ ئويلاپ قالدىم ھەم تېزلا ئورنىمدىن تۇردۇم.

بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، بۈگۈن سۇلتاننىڭ مېنى يىگىت قولدىشى بولۇشقا تەكلىپ قىلىشى ھەققىدە ماڭا ئېغىز كەلدى. ماڭا ئۇ بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندەك بىلىندى. مەن بۇ ئىشلارنى ئاشۇ قىز ئورۇنلاشتۇرۇۋاتامدۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۇ گېپىدە تۇرۇۋالدى. مېنىڭمۇ جاھىللىقىم تۇتتى. ئۇ تولا دەپ كەتكەن گەپلىرىنى يەنە تەكرارلايتتى.

— سىز مېنى يات كۆرمەيۋاتقانسىز. مېنىڭ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇۋاتىدۇ. ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك. بۇ دوستلۇق ئۈچۈن.

ئۇ ماڭا ماي تارتىپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئىشەنچىمدىن ۋاز كەچمەيۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭدىن زېرىككەنىدىم. لېكىن يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياشقا توغرا كەلدى.

— مېنى تار يەردە قىستىدىڭ. مەن بەزى ئىشلارغا سەۋەبسىز بېرىلىمەن، بەزى ئىشلاردىن سەۋەبسىز باش تارتىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى مانا شۇ.

— ياق، دوستۇم. گەپ سىزنىڭ تۇيۇقسىز مېنى يات كۆرۈپ قالغىنىڭىزدا. بىز كېلىشەلمىگۈدەك ئىش بولماسلىقى كېرەك ئىدى، — ئۇ قولۇمغا مەھكەم ئېسىلدى، — مۇشۇنداق باش تارتىۋەرسىڭىز مېنىڭ نېرۋامنى راستتىنلا قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىسىز. ئارىمىزدا بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— بۇ نېمە گەپ؟ — دېدىم مەن زەردەم قايناپ.

— بۇنى ئۆزىڭىز پەيدا قىلىۋاتىسىز، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، بۇ قانچىلىك ئىشتى، — دېدىم تىرىكەشكىنىدەك قانچىلىك كۆڭۈلسىز ئىشتى بۇ، دەپ ئويلاپ.

ئۇ ئاغزىدىن «بولدى» دېگەن سۆزنى ئېلىۋالغىنى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

— رەھمەت دوستۇم، — دېدى ئۇ قولۇمنى تېخىمۇ سىقىپ.

مەن ئۇنىڭ ھاياجانلىرىغا پەرۋاسىز قاراپ تۇردۇم.

## 12

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، مۇبارەك قەدىمىڭلار ئۈچۈن ساھىبخانىغا ۋەكالىتەن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن، سىلەرنىڭ ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ خاسىيەتلىك بىر كۈنىگە ئېتىبار بىلەن قارىغىنىڭلار كىشىنى شادلاندۇرىدۇ. بىز مۇھەببەتكە باي خەلقمىز. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇ جەھەتتە ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز بۇنى قەدىرلىشىمىز، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا بىز ئۇلارغا يۈز كېلەلەيمىز...

قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان بۇ زىيالىي سۈپەت ئادەم كىشىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ گېپى ئۇزارغانسېرى كەيپىم سۇسلاشتى. ئۇ ئۇزۇن سۆزلىمەكچى بولسا كېرەك، گېپىنى ھېچ يىغىشتۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ سالماقلىق بىلەن تارىختىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىرمۇ بىر ساناپ ئۆتتى. شۇ قاتاردا بۈگۈن توي قىلغان بىر جۈپ ياشنىڭ شۇلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالالىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئاخىرىدا:

— قېنى مېھمانلار، بەزمىنى باشلايلى! — دەپ سۈرەن سالدى. كىشىلەر بىرھازا ئالقىش ياڭراتتى. ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئېلېكترونلۇق چالغۇ ۋە جاز دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. ياشلار جۈپ ـ جۈپ بولۇپ تانسىغا چۈشتى. ھەر خىل رەڭلىك چىراغلارنىڭ ئاستىدا پىرقىراپ تانسا ئويناۋاتقانلار ماڭا ھەقىقەتەن تارىخنىڭ بىر ئۇچى بولۇپ كۆرۈندى. قىز قولدىشى بىلەن مەن (يىگىت قولدىشى) يېڭى توي قىلغان بۇ ئىككىيلەننى ئارىمىزغا ئېلىپ ئولتۇراتتۇق. قىزنىڭ يۈزىگە چۈمپەردە تارتىقلىق ئىدى.

— نېمىدېگەن تەسىرلىك گەپلەر، — دېدى بىرى بايىقى سۆزمەننىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ. سۇلتان بولغۇسى ئايالىغا قارىدى. ئۇنىڭ نەزەرى چۈمپەردىنى تېشىپ ئۆتۈپ قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەندەك ئىدى.

— ئۇنىڭ گەپلىرى سىزگە ياقتىمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

چۈمپەردىلىك باش ماقۇللىغاندەك بوش چايقالدى.

مېنىڭ ئىچىم پۇشۇشقا باشلىدى. مەن ئىككى رومكىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدۇم. بىرىنى ئۆزۈم ئېلىپ، بىرىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم.

— ئېتىپ باقامسىز؟

— مېنىڭ راسا ئىچكۈم بار. ئۆلگۈدەك ئىچكۈم بار.

— خوش، — دېدىم رومكىنى ٴۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ. ٴۇنىڭ كېيپسى ٴاۋۇپ كەتمىسۇن دەپ ٴۆزۈمدىكىنى دەرھال ٴىچىۋەتتىم.

مېنىڭ ھېچقانداق پاراڭغا ٴارىلاشقىم يوق ٴىدى.

— خوش، — دېدىم مەن ٴارقىدىنلا يەنە بىرنى قۇيۇپ.

مەن ٴۇنى ھاراق ٴىچىشكە زورلىسام ٴۇنىڭدىن مۇھەببەت ھەققىدىكى تەسىراتلارنى ٴاڭلاشقا مەجبۇر بولۇشۇم بۇرنۇمغا پۇراپلا تۇراتتى.

— بۇنى نېمىدەپ ٴىچىمىز؟ — سورىدى ٴۇ.

— نېمىدەپ ٴىچىسەكمىز ٴۆزىڭىزنىڭ ٴىشى، — دېدىم مەن.

— بۇنى دوستلۇق ٴۇچۇن ٴىچەيلى، — دېدى ٴۇ. مەن:

— دوستلۇق ٴۇچۇن، — دەپ ٴىچىۋەتتىم.

بىرىنچى مەيدان تانسا تۈگىدى. ھېلىقى زىيالىي سۈپەت ٴادەم يەنە ٴوتتۇرىدا پەيدا بولدى. مەن ٴۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىدىم.

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، يىگىت بىلەن قىز بىرگە ۋالس ٴوينىماپ بەرسە قانداق، قارشى ٴالايلى! — دېدى ٴۇ.

مەن سۇلتانغا قارىدىم. ٴۇ ٴورنىدىن تۇرۇپ گالستۇكىنى تۈزىدى. سورۇندىكىلەرنىڭ نەزەرى ٴۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى. ٴۇ ٴەزەلدىن ٴىپادىلەپ باقمىغان بىر دادىللىق بىلەن:

— يۈزىنى ٴېچىۋەتمىسەڭلار ٴۇ ماڭا قانداق ماسلىشىپ بېرىدۇ، — دېدى.

بۇ سۆز سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى. سۇلتاننىڭ قېرى ٴانىسى — سەھرالىق ساددا ٴايال تارتىنغان ھالدا يېنىمىزغا كېلىپ، بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. قىز ٴورنىدىن تۇرۇپ سەل ٴېگەشتى. ٴايال تېزلا ٴۆزىنى ٴوڭشاپ، ٴەيمەنگەن ھالدا قىزنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيدى. قىزنىڭ يۈزى ٴاناردەك قىزىرىپ كەتتى. سەھرالىق ٴايال قىزدىنمۇ بەكرەك قىزاردى.

جاز دۇمبىقى بىلەن ٴېلېكتروندۇق چالغۇنىڭ ٴاۋازى ياڭراش بىلەن سورۇن جىمجىتلىققا چۆمدى. سۇلتان ٴايالنى تارتىپ ۋالىسقا چۈشتى. چاچلىرىنى بۇدۇر قىلدۇرغان ٴورۇق، ٴېگىز بىر ياش مىكرافوننى قولىغا ٴېلىپ ناخشا ٴېيتىشقا باشلىدى. ناخشىنىڭ ھەربىر بۆلىكى تۈگىگەندە ٴۇ ٴالىچەكلاپ بىر ٴالدىغا، بىر كەينىگە مېڭىپ، بېشىنى سىلكىپ-سىلكىپ قوياتتى. ياشلار ھەر تەرەپتىن بىر-بىرىنى يېتەكلەپ تانسىغا چۈشتى. تانسا ٴوينىمىغانلارنىڭ رومكىلىرى بىر-بىرىگە ٴۇرۇلۇپ تۇراتتى. «ناتىق» كېلىپ مېنى قىز قولدىشى بىلەن تانسىغا چۈشۈشكە دەۋەت قىلدى. مەن تاماكا چېكىپ ٴولتۇرۇۋەردىم. خاتىرجەم ٴولتۇرغىنىمنىڭ ٴۆزى ماڭا غەنىمەت بىلىندى. بۇ خىيال تانسىغا چۈشمەسلىكىمگە باھانە بولۇپ بەردى.

ناخشىنىڭ كەيپى مۇڭلۇق ٴىدى. ٴېكىن ناخشىچى زوق-شوخ بىلەن ٴېيتاتتى. ناخشا ٴاخىرلاشقانسېرى ناخشىچى ھەريان ٴالىچەكلاپ، پۇت-قوللىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكىدەك بولدى. ٴۇ بۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن كىچىك سەھنىگە پاتمىغىلى ٴازلا قېلىۋاتاتتى. بەٴەينى قەپەسكە ھېلىلا بەنت قىلىنغان قۇشتەك ٴۆزىنى ھەريان ٴاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ناخشا ئاخىرلاشتى. مۇزىكىمۇ پەسىيىپ، ئاستا - ئاستا جىمىقتى. ناخشىچى خۇش كەيپ هالدا مىكرافوننى جاز دۇمباقچىسىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ سەھنىدىن سەكرەپ چۈشتى. تانسا ئويناۋاتقانلار ئورۇنلىرىغا بېرىپ بولغانىدى. قوشنام زالنىڭ ئۇ بېشىدىن كېلىۋاتاتتى. قىز ئازراق ئارىلىق قويۇپ يېنىدا ماڭاتتى. مەن ئۇ قىزغا ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىم بىلەن چەكچىيىپ قارىدىم. ئۇ تولىمۇ ياش، گۈزەل، سولغۇن كۆرۈنەتتى. سۇلتان مەغرۇر ئىدى. ئۇلار ئارقامدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇردى. قىزنىڭ قولى دۈمبەمگە سەل تېگىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم لەسسىدە بولۇپ، بەكمۇ بىئارام بولدۇم. ئۇلار تانسىنى ياخشى ئويىنغانىدى.

— تانسىنى بەلەن ئوينايدىكەنسىز، — دېدى قىز قولدىشى.

— ماڭا ماسلىشىپ بېرىدىغان ئادەم بولسا تانسىغا مەندىن ئۈستۈنىسى يوق، — دېدى ئۇ بۇ گەپنى دەل جايىغا كەلتۈرۈپ ئېيتالىغىنى ئۈچۈن مەمنۇن بولۇپ، — مەن ئالىي مەكتەپتىكى چېغىمدا دەرستە قەدىر ئەھۋال بولسامۇ، تانسىدا ئانچە ئۇتتۇرۇۋەتمەيتتىم. لېكىن ھەمرىيىڭىز ياخشى ماسلىشىپ بېرەلمىسە قانداقمۇ تانسا ئويىنغىلى بولسۇن.

ئۇ ئايالىغا، ئاندىن قىز قولدىشىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن گېپىم ئۇلارغا قانداق تەسىر قىلغاندۇ، دېگەندەك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ لاۋزىلىقى باشلىنىپ كەتمىسۇن دەپ، ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيدۇم. ئۇنىڭ ئاغزىنى جىمىقتۇرۇپ تۇرۇش ئۇنىڭ ئىناۋىتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىدى.

— خوشە، — دېدىم رومكىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

ئۇ رومكىنى ئېلىپ خوشە، دېدى. بىز رومكىنى سوقۇشتۇرۇپ كۆتۈردۇق.

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، — سۆزمەن يەنە ئوتتۇرىدا پەيدا بولغانىدى، — بارلىق قىزغىنلىقلىرىمىز، تىرىشچانلىقىمىز بىلەن بۇ سورۇننى ئۇنتۇلماس بىر خاتىرە كۈنگە ئايلاندۇرايلى! — ئۇ قولىغا بىر رومكا ئېلىۋالغانىدى، — قېنى، ئىززەتلىك مېھمانلار، بىر جۈپ ياشنىڭ ئەتىسىگە پارلاق ئىستىقبال تىلەپ ئورتاق قەدەھ كۆتۈرەيلى.

سورۇندىكىلەر قوللىرىغا رومكا، ئىستاكانلارنى ئېلىپ ئۆرە تۇراتتى.

— قېنى كۆتۈرەيلى! — دېدى ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ ۋە ھەر بىرىمىز بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ قوشنامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — سىلەر كېچىكىپ ئۇچراشتىڭلار، ئەمما بەخت سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن، — دېدى ئاندىن تېز ئارقىسىغا يېنىپ، — دوستلار، كۆتۈرەيلى! — دېدى.

ھاراق ۋە باشقا ئىچىملىكلەر تەڭلا كۆتۈرۈلدى. ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ ئورۇن ئالغان چاغدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئاڭلاندى. سۆزمەن تېخىچە ئوتتۇرىدا تۇراتتى. كىشىلەر ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ سەھنىگە قاراپ:

— سورۇنىمىزنىڭ بۇ باسقۇچىدا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينايلى، قېنى ياشلار... — دېدى.

مۇزىكا ساللىي ئاھاڭىدا ياڭرىدى. چېچىنى پاك - پاكىز قىرىدۇرۇۋەتكەچكە بېشى پارقىراپ كەتكەن بىر ياش لەرزان دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

— بايمقى رىياسەتچىنى تونۇمسەن، — دېدى قوشنام ئۆزىچە مېنى «سەن» لەپ.

— تونۇمايدىكەنمەن.

— ئۇ داڭلىق يازغۇچى. ئۇ دەم ئېلىشقا كەلگەنىكەن. بىزنىڭ كونا تونۇشلۇقىمىز بار ئىدى. تەكلىپ قىلدۇقۇم قوبۇل قىلىپ قالدى. ھەقىقىي زىيالىي دېگۈچىلىكى بار. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر.

— مەنمۇ ئۇنى بىرەر ئەدىب بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان، — دېدىم مەن.

— ئوقۇپ يۈرگەن چاغلاردا مەنمۇ بىر نەرسىلەرنى يازغان، ئۇ كۆرۈپ بېرەتتى. ئۇ ماڭا خېلى ئۈمىد بىلەن قارايتتى. لېكىن مەن چېچەكنى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ مېۋە بېرەلمىگەن دەرەختەك ئوخشاپ قالدىم. تۇرمۇش مېنى يەپ كەتتى. مەن ھازىر ئادەتتىكى نەرسىلەرنىمۇ قاملاشتۇرالماس بولۇپ قالدىم.

— خوشە، باشقىلارنىڭ ئۈمىدى ئۈچۈن، — دېدىم مەن ھاراق رومكىسىنى ئۇنىڭغا ئۇتقۇزۇپ. ئۇ ھاراققا ئەلەڭلەپ قاراپ قويدى. ئۇ بۇنى ياندۇرۇۋەتمەكچى بولاتتى - يۇ، ماڭا يۈز كېلەلمەسلىكتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ كۆزى خېلىدىن بېرى قىزىرىشقا باشلىغانىدى.

— دوستۇم، مەن بۇنى ئىچمىسەم بولارمىكىن، — دېدى ئۇ.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى. بىز ئۈن چىقارماي ئولتۇرىمىز. كىم گەپ قىلىپ سالسا ھاراقنى شۇ ئىچىدۇ، — دېدىم مەن.

— بۈگۈن مېنىڭ بەكمۇ كۆپ گەپ قىلغۇم بار. ئاغزىم بېسىقماي سۆزلىگۈم بار. بولدىلا ئىچسەم ئىچەي.

ئۇ رومكىنى ئېلىپ مېنىڭ رومكامغا سوقۇشتۇردى. بىز تەڭلا ئىچىۋەتتۇق. ئۇ سورۇندا تانسا ئوينىغاۋاتقانلارغا ئۇزۇنغىچە قاراپ ئولتۇردى. ئاغزى خېلى ۋاقىت جىم بولدى.

— قىزىق، تانسا دېگەنمۇ قىزىق - تە، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز.

مەن تاماكا قالدۇقىنى تاشلىۋېتىپ يەنە بىرنى تۇتاشتۇردۇم.

— كۈنلەرمۇ ئۆتۈپتىكەن، — دەيتتى ئۇ جوزىغا قويۇۋالغان قولىغا ئېڭەكىنى تىرەپ. ئۇنىڭ ئايالى بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. قىز قولدىشى تانسىغا تارتقانلارنىڭ بىرىنىمۇ نائۈمىد قويماي سورۇندا تىنماي پىرقىرايتتى، كۈلەتتى. مېنىڭ ئىچىم سىقىلاتتى. قىز بىلەن قوشنامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئولتۇراتتۇق. مەن ئۆزۈممۇ بىلمەي ئۇنىڭغا قاراپ سالدىم. بىزنىڭ كۆزىمىز تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلدى، مېنىڭ تېنىم تىكەنلىشىپ كەتتى.

— تانسا، — دېدى قوشنام يەنە جۆيلۈگەندەك، — تانسىمۇ قىزىق ئىكەن، — ئۇ جوزىغا بىر مۇشت قويدى. رىياسەتچى بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇ مېنى چاقىرىپ:

— سىز نېمىشقا ئۇنى ھاراق ئىچىشتىن توسۇمايسىز. سىزمۇ تەڭشىلىۋاپسىز. ئۇ تۈنجى كۈنى ئۆيگە غەرق مەست كىرسە بولمايدۇ - دە، — دېدى.

— مەن سىزنىڭ داڭقىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، كەچۈرۈڭ. مەن سىزدەك ئادەمنىڭ

تەنقىدىگە ئۇچراشتەك پېشكەللىككە ئۇچرارمەن، دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. سىز مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى رەنجىتىش مېنىڭ ھەددىمەمۇ. مېنى كەچۈرۈڭ. بۇ دوستۇمنىڭ بەختىنى تەبرىكلەپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. يەڭگىلتەكلىكىمنى كەچۈرۈڭ.

مەن مەست سىياقىدا «كەچۈرۈڭ» نى ياغدۇرۇۋەتتىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ ماڭا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنى بىلەلمەي. ئۇ سۇلتاننىڭ يېنىغا بېرىپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. سۇلتان مەيدىسىنى كېرىپ ئولتۇردى. كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇراتتى. رىياسەتچى سەھنىگە قاراپ ماڭدى. سورۇننى مەستلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. ئومۇمىي كەيپىيات بۇزۇلدى. ھەرخىل ۋارقىراشلار پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رىياسەتچى ناخشا ئېيتىشقا تەمشىلىۋاتقان بىر مەستنىڭ قولىدىن مىكرافوننى ئېلىپ:

— قەدىرلىك مېھمانلار. مۇبارەك قەدىمىڭلارغا مىڭ رەھمەت. سورۇنىمىز مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى، — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ مىكرافوننى قويۇپ ئالدىمىزغا كەلدى. قىز قولىدىكى قەيەرگىدۇر يوقالغانىدى. سۇلتان مەيدىسىنى كېرىپ ئولتۇرسىمۇ بويىنى قىيسىيىپ قالغانىدى. بىز ئۇلارنى يۆلەشتۈرۈپ پىكاپقا چىقاردۇق. مەست شوپۇر ھەيدىگەن پىكاپ قاراڭغۇلۇققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن پىكاپنىڭ كەينىدىن سەل ئېچىم قايناپ قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

## 13

مەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ يەنىلا ئۈچ يىل بۇرۇنقى خەتنىڭ ئۆز ئەينى.

«ئوغلۇم، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، بىزگىمۇ قىلدىڭ، سەن بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى مۇشۇنداق ئاقلىماقچىمۇ، بوپتۇ. ئاقلاپ كۆرۈپ باق. ئايالىڭ قاچان يەڭگىيدۇ؟»

## 14

— مەن ئانامنى يوقلاپ كېلەي، كەچ قالسام ئەتە كېلىمەن، — دېدى ئايالىم. مەن سۇلتاننىڭ توييەدا يىگىت قولدىشى بولغاندىن بۇيان ئۇنىڭ مەندىن ئۈمىدى تامامەن ئۈزۈلگەندەك قىلاتتى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكىتى مەن ئۈچۈن گۇمانلىق بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۇنىڭ راست ياكى يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم - يۇ، تۇيۇقسىز بۇ ئەخمەقلەرچە خىيالدىن كۆڭلۈم كەلدى.

— بارساڭ بارمامسەن، — دېدىم پەرۋاسىزلا.

ئۇ بىرھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى.

— يوقلىمىغىلى ئۇزۇن بولدى، — دېدى ئۇ يەنە.

— بېرىۋەر، — دېدىم مەن.

ئۇ خۇدۇكسىرىگەن هالدا چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ماڭا ئۆرۈلۈپ قاراپ قويدى. بۇ قاراش ماڭا ئۇ ئارقامدىن پايلامدۇ-يوق، دېگەندەك بىلىندى. بۇ دۇنيادا سېنىڭ كەينىڭدىن پايلايدىغان هالغىمۇ چۈشۈپ قالارمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئاستا-ئاستا گۇگۇم چۈشتى. مەن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. يانچۇقۇمنى قېقىشتۇرۇپ بىر ئورامغا يەتكۇدەك تاماكا تاپتىم. تاماكا بەكمۇ ئۇۋاق ئىدى. مەن ئۇنى چېكىش بىلەن بىردەم ئىچ پۇشۇقىمنى باستىم. تاماكىنىڭ ئامالىنى قىلىۋالمىسام بولمايتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوشنامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. بۇ ئۆي ئىلگىركى ئايالى بار ۋاقىتتىكىدىن بىرئاز قالايمىقان كۆرۈنەتتى.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟ — دېدىم مەن بۇلۇڭدا چاپىنىنى سېلىۋاتقان سۇلتانغا قاراپ.

بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق.

— تاماكا تۈگەپ قېلىپ تاماكا سوراپ كىردىم.

— ئولتۇرغىن، تاماق يېدىڭمۇ؟

— تاماكاڭ بولسا بەر.

ئۇ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر سىقىم تاماكا ئېلىپ يانچۇقۇمغا قويۇپ بەردى.

— ياخشى تاماكا، خېلى ياخشى تىڭشەلگەن.

— مەن چىقاي، — دېدىم مەن.

— تاماق يەپ چىقمامسەن. ئايالىڭ تاماق ئېتىۋاتامدۇ يا.

— ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

— ئالدىراش ئىشىڭ بولمىسا بىردەم ئولتۇر. بىزنىڭ ئايال ئەتكەن تاماقنىمۇ يەپ باق.

مەن زورلىغىنىغا ئۇنىماي يېنىپ چىقتىم. سەل ئۆتمەي قوشنامنىڭ ئايالى ئۆيگە تاماق كۆتۈرۈپ كىردى.

— بۇنى ئۇ كىرگۈزدى، — دېدى ئۇ.

— ئۇ دېگەن كىم؟

— تېلا سوراۋەرمەي تاماق يېيىشىڭنى بىل.

— ئۇ دېگەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەپ بەرمىسەڭ تامىقىڭنى يېمەيمەن.

— ئۇ دېگەن مېنىڭ يولدۇشۇم.

— تاماق ئېتىشنى بىلەمتىڭ؟

— تاماق ئېتىشنى بىلمەيدىغان قىز بالىنى سەن نەدە كۆرگەن. بۇ سېنىڭ مەن ئەتكەن تاماقنى تۇنجى يېيىشىڭمۇ دەيمەن.

— بەلكىم بۇندىن كېيىن يەنە يەپ قالمىسام بولاتتى دەيمەن.

— ئەلۋەتتە بۇمۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى، بىز بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىدىغان بولدۇق.

— ئىشەنمەيمەن.

— ئىشەنمىسەڭ مەيلى.

— سەن ئۇنىدىڭمۇ؟

— مەن ئۆزۈم تەلەپ قىلغان، سەن بىلەن قوشنا ئولتۇرۇش مېنى سارا سىمىگە سېلىپ قويۇۋاتىدۇ.

— سەن مېنى دەپ ئۇنىڭغا تەگكەنمۇ؟

ئۇ گەپ قىلماي مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— كەتمىسەڭ زادى بولمامدۇ؟

— ئىش قىلىپ سېنىڭسىزمۇ كۈنلىرىمنىڭ ئۆتۈۋېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل بولۇپ قالدى.

— ئەگەر تېگىپلا مېنى بىراك مال ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىپسەن - دە.

ئۇ بېشىنى چايقىدى:

— ئۇنداق دېمە.

— سەن گېپىڭنى ياندۇرۇۋال.

— بۇ ئىشقا مېنى مەجبۇر قىلغان مېنىڭ ئانام. ئۇ تويدىن بۇيان دائىم شۇ گەپنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ تويغا رازى ئەمەس ئىدى. ئەمدى ئۇ بىزنىڭ سېنىڭ يېنىڭدىن كۆچۈپ كېتىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ماڭىمۇ شۇنداق قىلمىسام بولمايدىغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ.

مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم. ئۇ بۇنى كۈتمىگەندەك چۆچۈپ كەتتى. مەن ئۇنى قۇچىقىمغا تارتتىم.

— مەن سەن بولمىغان تۇرمۇشقا ئەمدىلا ئادەتلەندىم. كونا ئازابىمنى قوزغىما. ياشىشىمنىڭ تەسلىشىپ كېتىشىدىن قورقىمەن.

مەن ئۇنىڭ قاتتىق ئىككىلىنىۋاتقىنىنى سەزدىم.

— مەن سېنى كۈتىمەن، تاڭ ئاتقۇچە كۈتىمەن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى، مەن ئۇنىڭ ماقۇل كەلگەن - كەلمىگىنىنى بىلەلمىدىم.

— مەن سېنى كۈتىمەن، — دېدىم يەنە، — ماڭا يولۇقماي كېتىپ قالساڭ بەرىبىر سېنى ئاۋارە قىلىمەن.

ئۇ چىقىپ كەتتى. مەن بەكمۇ بىئارام بولدۇم. ئۇمۇ ئازابىنى تەستە يوشۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىدى. ئۇ بەختلىكمۇ، كىم بىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن بىردەم تېلېۋىزور كۆردۈم. بىردەم رادىئو ئاڭلىدىم. كۈننى كەچ قىلىشىمۇ تەسكە چۈشتى. مەن سىرتقا چىقىپ، قۇرۇقدىلىپ قالغان كوچىدا بىردەم ئايلاندىم. تۇرغۇدەك ھالىم قالمىغاندا ئاندىن قايتىپ كىردىم. ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىشەنچ قىلالمىسامۇ ئىشىكنى تاقىمىدىم. ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتەتتى. مەن يانپاشلاپ يېتىپ خېلىغىچە تاماكا چەكتىم. كېيىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندىم. تاڭ ئاتقانىدى. مەن ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ئايالغا چەكچىيىپ قارىدىم. كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە قارىدىم. كالتە چېچى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بۇ ئايال مېنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتتى. بۇ مېنىڭ ئايالىم ئىدى.

ئۇ كۆزۈمگە شۇنداق سەت كۆرۈنۈپ كەتتىكى، مەن ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق كۆرۈنەر دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئۇ يالىڭاچلىنىپ قالغان ئايالدەك ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەمترەپ تۇرۇپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ماموت زايىت

# سوبھىدىكى خىياللار

## كافۇر نۇر، ئاق ۋۇ چېچەك

كۆمۈش نۇر ئۆلكىدە كائىنات ھەم يەر،
سېزىدۇ گۈزەللىك ئۆزىدە چولپان.
ئاق مەرمەر پۈركۆيدۇ بولۇت قېقىپ پەر،
ياپراقسىز دەرەخلەر چېچەكلىك بوستان.

ئەرشتىكى بەزمىدە شاراب ئىچكەندەك،
يۇلتۇزلار كۆزلىرى خۇمارلىق، چاقناق.
مىڭلىغان ئاق قۇلار كۆكتىن چۈشكەندەك،
قار ياغار لەپىلدەپ بىغۇبار، ئاپئاق.
تېپىشىپ زېمىنى — ئۆز يارى بىلەن،
سۆيۈپ، قار كۆيلەيدۇ ئىشقىي قەسىدە.
يەر كۆيلەر ئاۋازسىز قەلب تارى بىلەن،
ئاقىدۇ قوشۇلۇپ سۆيگۈ - نەغمىدە.

قار ياغار، نۇر ياغار، كۆلكىدە زىلناق،
ئۆيىنى كۆي، يوللارنى چۇقان باسىدۇ.
تەبىئەت ئاق كىيىم قىز كەبى ئۇماق،
بويىنغا بىللۇردىن مارجان ئاسىدۇ.

چۈشمەكتە نۇر ۋە قار سېلىنىشىپ گىرە،
داللار، قومۇلۇقلار كىيگەن ئاق لىباس.
زېمىندا ئۆزگىچە گۈزەل مەنزىرە،
ئېي، بۇ قىش سوبھىسى باھارغا قىياس.

قار — سوبھى، سوبھى — قار، سەزگۈسى ئورتاق،
ئۈن - تىنسىز قىلمىشار سىرىنى ئىزھار.
يوق كىرسىز كۆڭلىدە ھەسرەتتىن قاداق،
زېمىننىڭ ۋەسلىنى كۆيلەيدۇ زىنھار.

قار بىلەن سوبھىنىڭ يەرگە كۆيۈشى
ئەيلىدى قەلبىمنى مەپتۇنىيا، سېھىر.
ئىكەنغۇ ئۇلارنىڭ يەرنى سۆيۈشى
تۆكمەستىن داد - پەرياد، تۆكمەكلىك مېھىر.

ئۇنىڭدىن بەررىمەن شۇ تاپتا باغلار،
ئۈستىدە مەرمەر تاج، چۈشىدە زەر تاج.
ئۇنىڭدىن بەررىمەن مۇقەددەس تاغلار،
ئۇيىدا دولقۇنلار ئاتىدۇ غۇلاچ.

قار - نۇردىن قىزلارنىڭ قەلبىدە ئاتەش،
خەزىردەك بوۋايلار چېھرىدە كۈلكە.
ئېزگۈلۈك ئىستىكى دىللاردا ئۆركەش،
قۇت پەيكىرى ئۆلكىدە بىپايان ئۆلكە.

ياغماقتا كافۇردەك نۇر، ئاق ۋۇ چېچەك،
بىر گەۋدە شۇ تاپتا يەر بىلەن ئاسمان.
ئۇيلايمەن، كۆڭلۈمدە پەقەت بىر ئىستەك:
قار بىلەن سوبھىدەك ياشىسا ئىنسان...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئەڭ ئاخىرقى بېكەت

چاچرىدى ئۇپۇقتا شەپەقنىڭ رەڭگى،
يالقۇندەك تۇس ئالدى يەر - ئاسمان ئوخشاش.
زۇلمەتنى نەيزىلەپ ھاياتلىق تىڭى،
چاقناتتى سۇبھىنىڭ كۆكسىدە قۇياش.
ئالدىمدا ئاخىرقى بېكەت — قەبرىستان،
مۇزلىتار تېنىمنى سوققىنىدەك جۇت.
قارايمەن ئەتراپقا ھەسرەتلىنىپ، ئويچان،
قەلبىمدە ھۆكۈمران ئېچىنىش، سۈكۈت.

تۇردۇ بىگانە گۈمبەز چۆلسىرەپ،
يوق ئاياغ ئىزلىرى، يا گۈلچەمبىرەك.
ئاقمىغان بۇ يەردە پەرداز، يالغان گەپ،
قىلالماي پۇل، مەنسەپ تەنتەنە - كۆرەك.

گۈمبەزدە ياتقىنى بىر تونۇش ئادەم،
ياخشىمۇ، يامانمۇ، بەرمەيمەن باھا.
قىلماپتۇ ئۇنىڭغا گۈمبەزمۇ ياردەم،
ھازىرقى بايلىقى نەچچە گەز ماتا.

ئۇ تىرىك ۋاقتىدا سۈرلۈك ۋە مەغرۇر،
چۈشمىگەن ھېچكىمگە ئاپتاپ - شولىسى،
خىيانەت - پارىدا سۈرەتتى ھۇزۇر،
بار ئىدى بەش جايدا باغ - ئۆي — ھويلىسى.

ھومايسا، پۇقرانى باساتتى تىترەك،
ئادىللىق، شەپقەتتىن پەقەت مۇستەسنا.
سۆڭەكسىز مەھرەملەر ئاڭا پايپېتەك،
ئۇ ئويلاپ كۆرمىگەن ئۆلۈمنى ئەسلا.

قارايمەن، چوقچىيىپ تۇرار گۈمبىزى،
تەنھالىق، غېرىبلىق، سۈكۈت ئىلكىدە.
چۈشەندىم...ئاھ، ئۆچكەن ئۇنىڭ نام - ئىزى،
بولمىغاچ گۈمبىزى خەلق قەلبىدە...

## خەلق سىيماسى

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا —

قولۇمدا كىتابىڭ، ئويلايمەن شائىر،
چۈش كەبى گادىرماش خىيال - تەپەككۇر.
قىسمەتلەر، تۆھپىلەر بولدۇ زاھىر،
دىلدا گاھ خۇرسىنىش، گاھى تەشەككۇر.

سەن ئالماس قىلىچنىڭ بىسىدەك ئىنسان،
جەۋھىرى پۇقرالار ئەقىل - ھوشىنىڭ.
چاقمىقىڭ زەربىدىن تۈننىڭ كۆكسى قان،
ئاۋازىڭ ساداسى بورانقۇشىنىڭ.

ساڭا يات ئىبلىسقا قۇچاقنى ئاچماق،
دار، جاللاد ئالدىدا يۈكۈنۈش، قورقۇش.
ياڭراتقان چېغىڭدا جەڭ ئۈچۈن دۇمباق،
تىترىدى، پىتىرىدى جىن - شەيتان، ھۇقۇش.

قايتامدۇ ئارسلان باسقان ئىزىدىن،
سېنى، بۇ ھېكمەتنى چۈشەنمەس ئەبلەخ.
ۋادەرىخ، قان تامدى قۇياش كۆزىدىن،
بىۋاقىت يىقىلدىڭ ئەي گېگانت دەرەخ.

ئوغرىغا، قۇزغۇنغا قالدى بىر مەھەل،
باغۋەنسىز، بۇلبۇلسىز قەدىمىي گۈلشەن.
ئەۋج ئالدى غاپىللىق، بەردۇق جىق بەدەل،
سانالدى خىسراۋ ئۆز،
پەرھادلار دۈشمەن.

بار لېكىن ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى،
ئەمەستۇر خەلق ئەسلا مىدىرلىماس بۇت.
تۇرمايدۇ زۇلمەتمۇ مەڭگۈ ئۆز پېتى،
بولدۇ ئۇنىڭدىن سۇبھى تەۋەللۇت.

تۆكۈلدى تالاي قان، كۆمۈلدى تەنلەر،
ئاقىندى جەڭگاھتا نىقاب ۋە كىرىم.
بەردى سوت ئالدىدا ھېساب شۇمپەيلەر،
ئەل — ئادىل قىساسكار، تارىخ بى رەھىم.

ئىز باستى ئەلەمدار، قەلەمدار نەۋرەڭ،
ساقلىدى نەزمەڭنى يۇقىرا ئېلىپ ياد.
ياسالدى خەلقىنىڭ قەلبىگە قەبرەڭ،
تاپتى جان-روھىڭنى شېئىرىڭدىن ئەۋلاد.
ياشىدى جىسمىڭ ئاز، نام-تۆھپەڭ ئۇزاق،
ئۆتكەچكە تەر تۆكۈپ، ئەلگە ئېچىكىپ.
مۆگىدەپ قالغاچقا ئەقلىمىز بىراق،
تىكلەندى ئابىدەڭ بەكمۇ كېچىكىپ.

قولۇمدا كىتابىڭ، قەلبىمدە غۇرۇر،
تەڭرىتاغ دۇئادا، ئاسمان سۈپسۈزۈك.
خەلقىمنىڭ سىيماسى ئەي شائىر ئۇيغۇر،
ئاددىي سەن، ئۇلۇغسەن، شاھلاردىن بۈيۈك.

## قۇياش ۋە قەبرە

1

شىشىدەك سۈزۈك تاڭ ئىچتى گۈلگۈن مەي،
ئۇنىڭ لەۋ ئۇپۇقى رەڭ ئالدى ئوتقاش.
يۇلتۇزلار خوشلاشتى تاڭدىن كۆز ئۈزمەي،
پەلەكنىڭ سەتھىگە ئۆرلىدى قۇياش.

قايرىدى قىپقىزىل روماللىنى ئۇ،
تويدىكى ئۇياتچان كېلىنچەك كەبى.
كۆرسەتكەچ نۇرانە جامالىنى ئۇ،
كۈلدى كۆك، كۈلدى يەر،
كۈلدى چال - سەبىي.

كۈلدى شاد، يەردىكى بارچە مەۋجۇدات،
ئاھ...غەمكىن، ھەسرەتلىك ۋە لېكىن قۇياش.

يىغلىدى يۈرىكىم، كۆتۈردۈم پەرياد:
نېمىشقا ئۇنىڭ كۆز چانىقىدا ياش؟

ھاياتلىق، گۈزەللىك تەڭرىسى تۇرۇپ،
نېمىشقا تىكىلەر زېمىنغا دەردتە؟
مەخلۇقات، يەر شارى ئاڭا باش ئۇرۇپ،
مەرھابا! دەپ ئۇنى قۇتلىغان
پەيتتە؟!
قارىدىم، قۇياشنىڭ ئاتەش نىگاھى
بىر توپا قەبرىدە، بىر چوڭ گۈمبەزدە!
چۈشەندىم ھەممىنى، ئەي نۇر ئىلاھى،
ۋىجدانىم تىترىلار كۆكرەك قەپەستە.

2

جەڭگاھتا ئارغىماق چاپار تاراسلاپ،
تۈيىقى چاچراتقان يۇلتۇزلار چاقناق.
توپ ياغار، ئوق ياغار گۈمبۈر - قاراسلاپ،
باھادىر كۆزىدە ئۆچ - غەزەپ چاقماق.

ئىستېلا قوشۇنى پۈركۈيدۇ ئەجەل،
ئەل - يۇرتنىڭ بېشىدا ھايات ۋە مامات.
خائىنلار تىلىدا قولچىلىق غەزەل،
باھادىر جەڭ قىلىپ، چاپتۇرماقتا ئات.

ياۋنى داد! دېگۈزدى بۇ پەھلىۋان ياش،
ئاھ... ئۇنى يىقىتتى دۈشمەننىڭ ئوقى.
نۇر بىلەن ئىپتىخار - شان تۆكتى قۇياش،
تۇرسىمۇ ماتەملىك كۆزى ياش يۇقى.

جەڭ تۈگەپ، مەككارلار سىلىشتى داۋراڭ،
نادانلىق مەردلىكنى چەيلەپ قورۇتتى.
يىللارنىڭ بورىنى توزۇتتى توزان،
كىشىلەر بۇ نامسىز قەبرىنى ئۇنۇتتى.

هەر تاڭدا تۇنجى رەت تېكىلەر قۇياش،
ئۇنتۇلغان شۇ ئاددىي تۇپا قەبرىگە.
نۇر تۆكەر، دەرد تۆكەر، كۆزلىرىدە ياش،
ۋىجدانى ئۆلمىگەن ئەۋلاد - نەۋرىگە.

3

ئالدىمدا ھەيۋەتلىك شاھانە گۈمبەز،
قۇببىسى گوياكى ئەرش ئۈستىدە.
خەلمۇخەل ئۆي بىلەن قىلىمەن پەرەز:
كۆمۈلگەن قانداق زات ئاڭا ئەسلىدە؟

تىكىلدىم ئۈپۈقنىڭ گىرۋىكىگە، ئاھ،
ۋۇجۇدۇم شىددەتتە كەلدى لەرزىگە:
ئايلاندى قۇياشنىڭ نۇرى بىردىن، ۋاھ،
نۇر ئەمەس، مىڭلىغان ئالماس نەيزىگە.

نەيزىلەر گۈمبەزگە سانجىلدى دەھشەت،
قارىدى يەر ئاڭا تەشەككۇر بىلەن.
ئالدىمدا ئاق نۇردا جۇلالاندى خەت،
ئوقۇدۇم كۆز ئەمەس تەپەككۇر بىلەن:

ئىلاھى رەڭ - بوياق بېرىپ ھۆسنىگە،
بىر مەلئۇن تاج كىيدى، ئەل چەكتى كۆلپەت.
ئۆلدى ئۇ...قان - سۆڭەك، قۇللۇق ئۈستىگە،
شۇ گۈمبەز تىكلەندى كاتتا ۋە ھەيۋەت.

ئېخ، بىلدىم ھەممىنى... قەلبىم لەرزىدە،
ئالدىمدا يەر - ئاسمان بولدى بىر تۇتاش.
ئوڭۇمدا، چۈشۈمدە مۇشۇ مەنزىرە،
ئويغاتتى غەپلەتتىن روھىمنى قۇياش.

## غەلىتە قىسمەت

ئالىمدۇر، ئەدىبتۇر جاپاكەش ئادەم،
ھاياتى ئۆتتىدۇ ئىجاد مېھنەتتە.
ئۆمرىدە تارتىدۇ سانسىز دەرد - ئەلەم،
قالىدۇ گاھىدا ھۇجۇم، غۇربەتتە.

ئالسا شاھ ئەسىرى خەلقتىن چاۋاك
ۋە ياكى چىقسا بىر توپلام - كىتابى.
زۇغۇيلار ئۇرۇنار تېپىشقا كاۋاك،
باشلىنار ھەسەت ۋە بۆھتان قورشاۋى.

باشلىققا ئەرز قىلىپ، چېقىشار ھەتتا،
ئەيىبلىسە قامچىلاپ قالدۇق ئىللەتنى.
كېيگۈزمەك بولىدۇ قالپاقنى كەتتا،
پاش قىلدى، سۆكتى دەپ دەۋر، مىللەتنى.

ياشايدۇ گاھى ئۇ ناھەق يەكلىنىپ،
دەرد - ئازاب نەشتىرى تىلىپ قەلبىنى.
قالسىمۇ بىر مەھەل ئەركى چەكلىنىپ،
ئۇنۇتماس ھەرگىزمۇ مىللەت - خەلقىنى.

تۆھمەتخور زۇغۇيلار ئالدۇ ھۇزۇر،
بىباھا تۆھپىنى قىلىپ بىر تىيىن.
ھەيرانمەن، كۆپ ھالدا ھەقىقىي ئوبزور
يېزىلار تۆھپىكار ئۆلگەندىن كېيىن.

يىغلايدۇ يۈرىكىم، نېمىشقا زادى
ئالىمغا، ئەدىبكە ئورتاق بۇ قىسمەت؟
گۈللەيتتى، ياشنايتتى ئۇلار ئىجادى،
تىرىكلىك ۋاقتىدا كۆرسەتسەڭ ئىززەت.

ئادالەت ئابدۇرېيىم

## رەسسام

گۈگۈم چۈشۈش بىلەنلا كۆك يۇلتۇزلىرى يەر يۇلتۇزلىرىدىن ھەسەت ئوتلىرىنى تېرىشۆپلىپ ئۆزىنى پەردازلايدۇ.

تۇم قاراڭغۇ تۈن يېپىلغاندا
رەسسام يەردىن ئالدۇ ئەندار.
تاشقىن نۇرنىڭ ئەلەڭگىسىدە
سۈرىتىگە بېرىدۇ پەرداز.

جىلۋە قىلار زەڭگەر سۈزۈك رەخت
زەر - كۈمۈشتىن ئاسقاندەك قاداق.

ئاينىڭ ئۆزى رەسسام قەلبى نەخ
چاچقۇلارغا بولدۇ ساداق.

زەڭگەر رەختكە ئۆرنەك دېڭىزلار
يەنە ئۇنى سىزدۇ بىر رەت.
ئۆز تېنىگە بۇ ماھىر رەسسام
ئۆز تېنىدىن ئاسىدۇ سۈرەت.

جېلىل خېلىل

## ئۆزۈمگە قايتىش

### بىر تامچە كۆز ياشتا تۇرىمەن تەمكىن

1

ئۆزىسىمۇ دەردلىك تۇيغۇلۇن،
تەسەللىسى باردۇر ئەتىنىڭ.
سەزمەكتىمەن ھارارىتىنى
رېئاللىقتىن سوزغان قولۇڭنىڭ.

ئۇنتۇپ كەتكەن شېرىن چۈش كەبى
ئەسلەپ قالدىم سېنى ناتونۇش.
كۆرۈشمىگەن ئەزەلدىن، لېكىن
كەچۈرگەنمۇ بىز بىرگە تۇرمۇش.

ئارىلىقدا ياش ۋە كۆلكىنىڭ
سەپىرىمىز قىلىدۇ داۋام.
ئوخشىماسمىز بىر - بىرىمىزگە
ئوخشىشىپلا كەتكەندەك تامام.

2

كەلدۇقۇ كەلمىگەندەك يىراق كۆكتىن
شەرت قىلىپ ياشاشنى بىر - بىرىمىزگە.
ئاشىمىدى دەردلىرىمىز ئۆزىمىزدىن
شادلىقمۇ بېرەلمىدۇق يۈرەكلەرگە.

3

بىر تامچە كۆز ياشتا تۇرىمەن تەمكىن،
ئۇچرىغان كىشىدىن كۆلكىنى سوراپ.
ئىشىكىڭگە بېرىپ شۇ تەرق
تۇردۇممەن نائۇمىد ئۇزاق تېڭىرقاپ.

ئاھ، بىلدىم بەكمۇ زور ئادىشىپتىمەن،
يۈرىكىم قولۇڭدا تۇرۇپتۇ پارلاپ.
ۋە سەنمۇ بىلمەپسەن تەگرىلىكىڭنى
قۇرىسىمۇ روھلىرىڭ روھىمدا ياشناپ.

4

ساقلاقلىق كۆڭلۈمنىڭ تىمەن تەكتىدە
ئاھ سېنىڭ مىليون يىل يەتمەك بولغىنىڭ.
ساقلاقلىق شۇنداقلا كۆڭلۈڭدىمۇ ھەم
بورانلار ئۇچۇرغان شورلۇق تەقدىرىم.
ياشايسەن قەلبىمنىڭ چىمەنلىرىدە،
قېنىمىز ئۇيۇقتا ئېچىلغان چېچەك.
چاقنىتىپ يۇلتۇزدا بىر - بىرىمىزنى
كۈلكە ۋە كۆز ياشىنىڭ ئاراشلىرىدىن
ناتونۇش دوستلار بوپ كېلىمىز دېمەك!

## سېنتەبىر قايغۇسى

كىرىپ كەلدى ئاستا تۇيدۇرماي
سېرىق چاچلىق غەمكىن سېنتەبىر.
كىرىپ كەلدى سېرىق ئەسلىمە،
سېرىق چۈشلەر توزۇتۇپ بىر - بىر.

يۇلتۇز كەبى يورغىلايدۇ ياش
شەبنەملەرنىڭ ئۈستىدىن پارلاپ.
ئۇ، ساپسېرىق سېنتەبىر كۈنى
كەتتى نېچۈن سۆيگۈمىز مۇزلاپ؟

كەلگىن ئۇچۇپ خۇشال كۈنلىرىم،
كۆڭلۈم بولۇپ قالدى بىرقىسما.
ساپسېرىق بىر سەرگەردان ياپراق
كەلمەكتىدۇر قالدى ئارقامدىن.
قۇشلار مەيۇس ئاۋازى بىلەن
دورىماقتا يىغامنى ھەتتا.

ئېسىڭدىمۇ دەردلىك كۈنلىرىم
بىر يىل بۇرۇن مۇشۇ سېنتەبىر،
قوپال يوغان قوللىرى بىلەن
دىلىمىزنى مۇجۇغان مەككەم.
يېشىل كۆركەم ياپراقلار ئىدۇق،
خازان بولۇپ تۆكۈلدۇق يەرگە،
شامال سېنى كەتتى ئۇچۇرۇپ،
شامال مېنى كەتتى ئۇچۇرۇپ،
ئەسلەپ قالدۇق بىر - بىرىمىزنى
جىمجىت غەمكىن كۆز يېشى بىلەن.

ئېھ، سەن پەسىل يىلنىڭ زىننىتى
بېرەلمەسەن تۇرقۇمنى سىزىپ.
ئەگەر سىزساڭ چېكسىز ئورمانغا
ئوخشىتىپلا قويامسەن جىجىپ.
بىلىپ قالغىن ئېھ، يېشىل باھار
مەن يىل بويى كەلدىم گۈللىنىپ.
قۇرغاق شامال قاقشال روھىمنى
چېلىپ كەلدى ساز قىلىپ بەتتەر.

ئېھ، سەن ۋاقىت يىلنىڭ قانىتى
بېرەلمەسەن تۇرقۇمنى سىزىپ.
ئەگەر سىزساڭ سىم - سىم يامغۇرغا
ئوخشىتىپلا قويامسەن جىجىپ.
بىلىپ قالغىن ئېھ، زەڭگەر ئاسمان
مەن يىل بويى تامچىدىم بىر رەت.
چاقماقلارنىڭ بۇلۇتلىرىمنى
پارە - پارە ئەيلىدى چەيلەپ.

ئاۋازلىرىڭ پۇرايدۇ چۈچۈك،
ئېھ، سېنتەبىر سېرىق چاچلىق قىز.
سېنىڭ مۇڭلۇق ھېسسىياتلىرىڭ
ئۈزۈپ يۈرەر كۆزۈمدە سەرسان.
يەلكىمنى يېيىپ كېلەگسىز،
سىقماقتىمەن ناتونۇش قولنى،
قادىر كىملەر تېپىشقا ۋىسال؟
قالدى نەدە يارنىڭ ماكانى؟
قالدى نەدە دىللار ئارمانى؟
يەنە كىملەر بولدۇ مالال؟

لېيلىگەنچە يەڭگىل تۇمانداك
ئارىلاپ چىقتىم چەكسىز ئورمانىنى.
ئۆزۈلمەيدۇ سېرى پەچىرلاش
سېنتەبىرنىڭ ئاچچىق يىغىسى
تىرىلدۈردى سېنى ھەم مېنى.

ئايرىلىشقا قىيمايدۇ ھېچكىم
بولمىسىمۇ ۋىسالغا ئۈمىد.
ئۆتسىمۇ گەر يەنە بىر ئەسىر
سېنتەبىرنىڭ قايغۇسى كەبى،
نېمىگىدۇر جىمجىت سېغىنىپ
ئېھ، ساقلىشىم مۇمكىندۇر كۈتۈپ.

## تۇماندىكى يول

سەن بىلەن مەن ئەمەسمەن تونۇش،
چوڭقۇر تونۇش بولساقمۇ دەسلەپ.
سەن بىلەن مەن ئەمەستۇق تونۇش،
چوڭقۇر تونۇش چىقتۇق ئاقىۋەت.

ئولتۇرغانچە جىمجىت دېڭىزدەك،
خىيال سۈرۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق
سېنى ئۈنسىز كۆرىمەن تىتىپ.
ئېيتقىن ئۆزۈڭ قانداق ئادەمسەن،
ئېيتاي ئۆزۈم قانداق ئادەممەن،
قانداق بولۇپ قالمىز ئاخىر؟
يىغلانغان چوڭقۇر بىر يىغا
روھىمىزدا كەلمەكتە يېنىپ.

ئايان ئىدى ئۆزۈمگە چوڭقۇر
ھېسسىياتچان، ئاق كۆڭۈللۈكۈم.
ئەمدى بولۇپ قالدىم قۇۋ - مەككار،
(بىكۆيۈم ھەم قەھرىتان قىشتەك)
مېنى نېمە ئۆزگەرتتى شۇنداق،
بولالمىسەن ئېھ، بەختسىزلىك
قانىتىڭنى يېيىپ مەدەتكار.

ئۆتۈپ قالسا ئالدىمدىن گۆدەك
تونۇش بولسۇن ياكى ناتونۇش،
جىمجىت ئۈنسىز نەزىرىم بىلەن
باش كۆزىنى قوياتتىم سىيلاپ.
ئەمدى نېچۈن ئاچكۆز قۇرتتەك
كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە ئۇلار،

ئۆتنە ئالغان ئازلا بەختنى
كېتىدىغان كەبى ئوغرىلاپ.

يەلتىزلىك بار ئىدى مېنىڭدە،
يەلتىزىم بار ئىدى سېنىڭدە،
تاشلىدىڭ سەن نېچۈن قومۇرۇپ؟
شۇنچە دىلبەر ئىدى بۇ ھايات،
بولغان چاغدا يارامىلىق ئەۋلاد،
ئۈستىكىمىز كەتتىمۇ توزۇپ؟

ساپ سەمىمىي يۈرىكىم بىلەن
باشلىغاندا مەن ساڭا يولنى
كونىقاپتىن چىققانتىڭ ئامان.
چۈشىنىسەن مەسخىرەڭ بىلەن
ساپ سەمىمىي تۇيغۇمنى ئەمدى،
سېتالارمەن مەن كىمگە ئەرزان.

ھەر تەرەپتىن سانچىلىپ تىكەن،
تىكەن سانچىپ مەندۇ ئەتراپقا،
ئولتۇرغاندا رەنجىپ، تاتىرىپ،
رىشالمىقتىن قولۇمنى ئۈزۈپ.
كىم ئۇ ئۈنسىز چېكىپ تېنىمنى
كىرىپ كەلگەن ئىچىمگە كۈلۈپ؟

بىلىپ قالدىم ئاداشقىنىمنى،
ياشاش كېرەك ئۈمىدلىك ھەرئان
ھەر بىر ئادەم ئۆز قەلبىدىكى
ياخشى ياشاش يولىنى تېپىپ،
سۆيۈش كېرەك بولغاننى سۆيۈپ.

ئولتۇرغانچە جىمجىت دېڭىزدەك
خىيال سۈرۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
سېنى ھەر خىل جىمجىپ بوشلۇققا
دۇدۇقلىدىم كىچىك بالىدەك.
كىملەر مېنى كېتىدۇ ئېلىپ،
كىملەر يولغا قويىدۇ سېلىپ،
يا قالامدىم چوڭ يول بويىغا
تاشلاپ قويغان بىر دەستە گۈلدەك.

سەن بىلەن مەن ئەمەسمەن تونۇش،
چوڭقۇر تونۇش بولساقمۇ دەسلەپ.
سەن بىلەن مەن ئەمەستۇق تونۇش،
چوڭقۇر تونۇش چىقتۇق ئاقىۋەت!

www.uyghurkitap.com



قۇربان بارات

## «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» — رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى

مەن يېقىندا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 5 - سانىدا ئەخمەتجان ئوسمانىنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ھەققىدە تەھلىل» ناملىق ماقالىسىنى ئۇچراتتىم. بۇ ژۇرنالنىڭ «ئىزدىنىش، سىناق، يېڭىلىق» سەھىپىسىدىكى ئەسەرلەر، «كۆكتىكى شېئىرلار»، «يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتى»، «يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھادىسىسى» توغرىسىدىكى ماقالىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ ماقالىمۇ مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. مەن بۇ «يېڭىلىق» لارنىڭ ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق ئەمەسلىكىنى، «ئىزدىنىش» لەرنىڭ دورامچىلىق، «سىناق» لارنىڭ مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بۇ يەردە غەرب مودېرنىزمىدىن ئالغان نەرسىلەرنى، مەنبەنى يوشۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتەك غەلىتە ئىش يۈز بەرگەن. ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى بويىچە نەزەرىيىۋى سېلىشتۇرما تەھلىل ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتا مېنىڭدە ھېچقانداق بىر شۈبھە قالمىدى. ئەخمەتجان ئوسمان «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرىغا قارىتا غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىياتىدا سەل كېيىنرەك پەيدا بولغان بىر كىچىككىنە ئېقىمنىڭ — قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمىنىڭ شەكىل تەھلىلى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ لىرىكىغا مودېرنىزملىق ئۆلچەملەر بويىچە قۇرۇلمىچىلىق تەنقىدى ئېلىپ بارغان. ئەخمەتجان ئوسمانىنىڭ بۇ شېئىرغا يۈكلىمەكچى بولغان ئەيىبلىرى «تۈگىمەس ناخشا» غا يۈكلەشكە ئۇرۇنغان ئەيىبلىرىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ تۇنجى شېئىرى 1961 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئەدەبىيات قوشۇنىغا كىرىپ كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1963 - يىلى 12 - ئايدا بۇ لىرىكىسىنى ئېلان قىلدى. مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، شائىرنىڭ نامىنى كەڭ جامائەتچىلىككە بىراقلا تونۇتقان ئەسەر مۇشۇ لىرىكا بولغانىدى، بۇ لىرىكا بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇغۇچى شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ داڭقى چىققان، كىشىلەر يېڭى بايقالغان بۇ ياش قەلەم ئىگىسىگە زور قىزىقىش ۋە ئۈمىد بىلەن قاراشقانىدى. ئوسمانجانمۇ دېگەندەك كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى، ئۇنىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتى

ئۆزىگە خاس يول بىلەن ساپ لىرىزىملىق تۈس ئېلىپ راۋاجلاندى ۋە ئۇ كۆپلىگەن ياخشى شېئىرلارنى يازدى.

ئۇنىڭ بۇ لىرىكىسى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان ۋە نېمىشقا ھازىرغىچە ئوسمانجان ساۋۇت دېگەن نام بىلەن بىللە ياشاپ كەلدى؟ بۇ سوئالغا شېئىرنىڭ ئۆزىدىن ۋە شېئىر يېزىلغان چاغدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدىن جاۋاب چىقىدۇ.

شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ،
ئېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ.
قىل سىغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن
كىشىلەر قەلبىگە ئورنىغان سۆز بۇ.
ۋە لېكىن ۋەتىنىم سەن باشقا دۇنيا،
مېھرىڭدىن تاشقىنمۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ.
مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ، ئورناتتىڭ ئۆزۈڭ
ئالمىدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ.

شائىر بۇ شېئىرىدا، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، قەدەھكىمۇ ئۆزىگە لايىق شاراب سىغىدۇ، دەريادا ئاققان سۇ ئېرىقتا پاتمايدۇ، لېكىن ۋەتەن مېنىڭ ئالمىچىلىكلا كېلىدىغان يۈرىكىمگە ئالەمچە بىر سۆيگۈنى سىغدۇرۇپ قويدى، دېگەن شېئىرىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شېئىرىي پىكىرنىڭ جەۋھىرى «ئالمىدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن ئاخىرقى مىسرادا، ئالدىنقى مىسرالارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن سېلىشتۇرما بايان تەرىقىسىدە رول ئوينايدۇ. پىكىر ھەم ئىجادىي، ھەم يېپ-يېڭى بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ناھايىتى زور دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ شېئىر ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلەنمىگەن، پەقەت دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىلى ئارقىلىقلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان يەنە بىر ياندىشىپ تولۇقلىغۇچى شېئىرىي پىكىرمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، «سەن ھەرقانچە نامرات بولساڭمۇ، ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە قاتمۇقات مۇشكۇلاتلار ئىسكەنجىسىدە ئازاب چېكىۋاتقان، بىزگە تويغۇدەك تاماق، ئۈچىمىز ئىللىغۇدەك كىيىم بېرەلمەيۋاتقان بولساڭمۇ، سەن يەنىلا بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىز ئۈچۈن سۆيۈملۈك، ئالمىدەك يۈرەكلىرىمىزدە ئالەمچە مېھرىڭ بار، بىز سەندىن ۋاز كەچمەيمىز». بىز بۇ پىكىردىن توپتوغرا تۆت يىلغا سوزۇلغان قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىش مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان بۇ شېئىرنىڭ قانداق مەقسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋە نېمە ئۈچۈن يېزىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى رېئالىزملىق ئۇسۇلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، تارىخىي شارائىت، يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيەت مۇددىئاسىدىن ئايرىپ تاشلاپ، يەككە ھالدا تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com


ئەمدى ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ شېئىر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن قۇرۇلمىچىلىق تەھلىلىنى كۆرۈپ باقايلى:

1. ئەخمەتجان ئوسمان «تۆگىمەس ناخشا» غا ئىشلەتكەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ، شېئىرنى مۇنداق بايانغا ئىخچاملايدۇ: «مېھرىدىن تاشقىنمۇ سەزگۈ بەرگەن ۋەتەن مېنىڭ يۈرىكىمگە سۆيگۈ ئورناتتى.» بۇ يەردە ئەخمەتجان ئوسمانغا مۇنداق سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ: خوش، ئالمىدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ ئورناتتى، دېگەن شېئىرىي پىكىرنى شەكىللەندۈرگۈچى «ئالمىدەك»، «ئالەمچە» دېگەن سۆزلەرنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ تاشلىدىڭىز؟ بۇ پىكىرنىڭ ئالدىدىكى سېلىشتۇرما بايانغا تەۋە مىسرالاردىكى مەزمۇنلار قېنى؟ بىراۋنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسىگە مۇشۇنداق خىيانەت قىلسا بولامدۇ؟

بۇنداق ئىخچاملاش نەتىجىسىدە ناھايىتى زور دەرىجىدە قىرقىپ تاشلانغان مەزمۇننى ئەخمەتجان ئوسمان «ئاددىي بىر بايانىدىن ئىبارەت» دەيدۇ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ پىكرىچە، بۇ شېئىرنى كىشىلەرنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېرىك ئەسەر» دەپ تونۇپ قېلىشى خاتا بولغان، ئۇلارنى بۇ خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغىنى شېئىردىكى «ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر» ئىمىش.

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ غەرەزلىك ئىخچاملىشىدىن كېيىن، ئەلۋەتتە مەزمۇن «ئاددىي بىر بايان» بولۇپ قالغان، بۇ ئاددىي بايان ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۆزىنىڭ بايانى. شېئىرنىڭ ئەسلى بايانى ئاددىي بايان ئەمەس، بەلكى شېئىرىي بايان — لىرىك بايان. ئۇنىڭ لىرىك تەركىبىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بىرىنچىدىن، ئۇ ئاددىي بايانغا ئۆزگەردۇ، ئىككىنچىدىن، بۇ ئۆزگەرتىشنى ئوسمانجان ساۋۇت قىلمىغان بولغاچقا، بۇ ئاددىي بايانغا ئايلاندۇرۇلغان مەزمۇن ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئەمگىكى بولمايدۇ. ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر نىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ئەخمەتجان ئوسمانغا تەۋە سەپسەتە، كىشىلەرنىڭ گۇناھى ئەمەس. ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر — شېئىرىي تىلنىڭ ئاساسلىق قورالى، شېئىرىي تىل بۇ ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شېئىرىي ئوبراز يارىتىدۇ، شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق شېئىرىي پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شېئىردا ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر كەم بولسا بولمايدۇ، بەلكى ھەر بىر شائىر ئاشۇ ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنى تەتقىق قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئۆز ئىجادىيلىقىنى ۋە ئۆز خاسلىقىنى يارىتىدۇ. ئىجادىيلىق ۋە خاسلىق شائىرنى شائىر قىلىدىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەردۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئوسمانجان ساۋۇت بۇ شېئىرىدا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سۈپەتلەش، سۈرەتلەش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنى قوللانغان. ئۇ خاتا قىلغان ئەمەس، بەلكى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلغان، شۇڭلاشقا بۇ شېئىر دۇنياغا كەلگەن. كىشىلەرنىڭ بۇ ۋاسىتىلەرنىڭ ئىجادىي تەدبىق قىلىنىشىغا قاراپ، ئۇنى ياخشى شېئىر دەپ تونۇپ قېلىشىمۇ خاتا بولغان ئەمەس، چۈنكى كىشىلەر شېئىرنىڭ ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرسىز دۇنياغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرغا ۋە ئۇنى «خاتا تونۇپ قالغان» كىشىلەرگە،

ئارتماقچى بولغان بىرىنچى ئەيىبى. بۇنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆردۇق.

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرنىڭ بىرىنچى كۆپلېتىنى ئۇنىڭ «فىزىئولوگىيىلىك (؟) قۇرۇلمىسىدىكى ئارتۇقچە ئورگان» دەپ ئەيىبلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ شېئىرغا ئارتماقچى بولغان ئىككىنچى ئەيىبى. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ پىكرىچە، بىرىنچى كۆپلېت تېكىستتە ھېچقانداق رول ئوينىمايدىكەن، «مەنتىقىلىق يەكۈن» ئىكەن، «قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدىغانلىقى»، «ئېرىقتا دەريا كەبى سۇنىڭ ئاقالمايدىغانلىقى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ‹ئەھمىيەتسىز ھەقىقەت›» ئىكەن، «ۋە لېكىن» دېگەن سۆزلەرمۇ «زورمۇ-زور قۇرۇق ۋاستە» ئىكەن. ھەممە ئادەم بىلىدىغان، ئەمما ئادەتتە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان دېتاللاردىن پايدىلىنىپ شېئىر ئىجاد قىلىش، ھەممە ئادەم بىلىدىغان دېتاللار بىلەن ئۇلار تېخى بىلمەيدىغان دېتاللاردىن بىرلىكتە پايدىلىنىپ شېئىر ئىجاد قىلىش شائىردا بولۇشقا تېگىشلىك بەدىئىي دىت، شائىرانە قابىلىيەت، ئۇنىڭ كۆزىتىش كۈچى ۋە دېتال تاللاش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجادىيەت جەريانى. ئوسمانجان ساۋۇت يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، كىشىلەر تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن ئالەمدەك چوڭلۇقتىكى يۈرەككە ئالەم چوڭلۇقىدىكى سۆيگۈنىڭ سىغىدىغانلىقى توغرىسىدىكى شېئىرىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۇنى كۈچەيتىش، تەكىتلەش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنچى كۆپلېتتىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان دېتاللارنى سېلىشتۇرما قىلغان. مۇنداق سېلىشتۇرما بايان ئۇسۇلىنى بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تارىخىي يوسۇندا باغلىنىپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىن، جۈملىدىن ناھايىتى باي ۋە رەڭدار بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ناھايىتى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. ئەخمەتجان ئوسمانغا ئارتۇق كۆرۈنگەن نەرسە بىزگە ئارتۇق كۆرۈنمەيدۇ، بىرىنچى كۆپلېت شېئىر ئۈچۈن لازىم تەركىب. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك رولى بولغاچقا، «ۋە لېكىن» مۇ زورمۇ-زور قۇرۇق ۋاستە ئەمەس.

ئەخمەتجان ئوسمان ماقالىسىدە: «تېكىستنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئومۇمەن ئىستىلىستىكا ئىگىلىگەن» دەپ يېزىپتۇ. ئىستىلىستىكا ناھايىتى چوڭ بىر پەننىڭ نامى. پۈتۈن بىر ئىستىلىستىكا ئىلمى بۇ كىچىككىنە لىرىكىغا سىغمايدۇ، ئالدىنقىسى بىر پۈتۈن نەزەرىيە سىستېمىسى، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى لوگىكىلىق بولىدۇ، كېيىنكىسى شېئىر، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوبرازلىق بولىدۇ، ئەخمەتجان ئوسمان ئىستىلىستىك ۋاستىلەر دېمەكچى بولغان بولسا كېرەك، لېكىن ئىستىلىستىكا دېگەن سۆز بېرىدىغان ئۇقۇم بىلەن ئىستىلىستىك ۋاستە دېگەن سۆز بېرىدىغان ئۇقۇم ئوخشىمايدۇ.

ئەخمەتجان ئوسمان بۇ شېئىردا ئىپادىلىگەن ۋەتەن سۆيگۈسىنى «كىشىلىك مۇھەببەت، شائىر بىلەن مەھبۇبە مۇناسىۋىتى» دەپ خاتا چۈشىنىدۇرۇپتۇ. بۇ يەردە ماقالىنىڭ ئاپتورى سۆيگۈ — مۇھەببەتنىڭ مەھبۇبەگە بولغان تۈرىدىن باشقا، ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان مۇھەببەت، ئاتا - ئانىغا بولغان مۇھەببەت، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرگە بولغان مۇھەببەت، بالىلار - پەرزەنتلەرگە بولغان مۇھەببەت، تەبىئەت ۋە سەنئەتكە بولغان مۇھەببەت، ھەر خىل كەسىپ ۋە مەشغۇلاتلارغا بولغان مۇھەببەت دېگەندەك كۆپلىگەن تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۇ شېئىردا ئىپادىلىگىنى مەھبۇبەگە بولغان مۇھەببەت ئەمەس، چۈنكى ۋەتەن ئۇنىڭ مەھبۇبىسى ئەمەس، بەلكى ئانىسى ۋە ئەجداد ماكانى. مەن ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ شېئىردا ئەكس ئەتكەن سۆيگۈنىڭ خاراكتېرىنىمۇ توغرا پەرق قىلالمىغانلىقىدىن كۆپ ئەپسۇسلاندىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ تەھلىلدە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرىغا «پەلسەپىۋى تەپەككۇر»، «شائىرنىڭ ھېسسىياتى شەيئىلەرنىڭ پوستى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە شۇڭغۇپ كىرەلمىگەن»، چۈنكى «شائىر ئۈچۈن ۋەتەنلا ئەمەس، تەبىئەتتىكى ھەر شەيئى باشقا دۇنيا» ئىدى، دەپ ئەيىب ئارتماقچى بولغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. «پەلسەپىۋى تەپەككۇر» دېگىنىدە، ئەخمەتجان ئوسمان خاتا قىلغان، شېئىردا ئايان بولغىنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئەمەس. بەلكى ئوبرازلىق تەپەككۇر، كونكرېتراق ئېيتقاندا، شېئىرىي تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شېئىرلاشتۇرۇلغان، ئوبرازلاشتۇرۇلغان پەلسەپىۋى پىكىر. ئەمدى «ئىچكى ماھىيەت» ۋە تەبىئەتتىكى ھەر شەيئىنىڭ شائىر ئۈچۈن باشقا دۇنيا ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ چۈشەنچىلەردە ئەخمەتجان ئوسمان بىلەن بىزنىڭ ئۇسۇل جەھەتتىكى ئۆلچەم ئاساسىمىز ئوخشىمايدۇ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ ئىككى مەسىلىدە بىزگە تەڭلەۋاتقىنى مودېرنىزىملىق كۆچۈرۈلمە ئۆلچەم، مودېرنىزىمچىلارنىڭ دۇنيانى، شېئىرنى، شائىرنى، ئىچكى ماھىيەتنى ئۆزىچە چۈشەندۈرۈشى. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۇ شېئىرنى يېزىشتا ئاساسلانغىنى رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى، رېئالىزىملىق ئۇسۇلنىڭ دۇنيا بىلەن شائىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشى مودېرنىزىمچىلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

مودېرنىزىمچىلار ئەدىبلەرنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: «سەنئەتكارلار ماددىي دۇنيا ئالدىدا كۆزىنى يۇمۇۋېلىشى، نەزەرىنى ئۆز روھىدىكى سۇبيېكتىپ كۆرۈنۈشلەرگە تىكىشى كېرەك... سەنئەت كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى تەسۋىرلەش ئەمەس، بەلكى كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىش. بۇ كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر — ئۇلارنىڭ ئۆز سەزگۈسى (بۇ سەزگۈ خاتا سەزگۈلەرنى ۋە خام خىيالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئەسلىمىلىرى، چۈشى (بۇنىڭ ئىچىدە قارا بېسىشمۇ بار) ۋە تەسەۋۋۇرى قاتارلىقلار. بۇلاردا ھېچقانداق ماددىي ئەمەلىيلىك بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭ ۋە

يوشۇرۇن ئاڭ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ.»① «ئۇلار تارىخنىڭ تۈزگۈچىلىرى ئەمەس، دەۋرنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزى - ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى. ئۇلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى يەر تەۋرەشنى خاتىرىلەيدىغان ئەسۋابقا ئوخشايدۇ، تەۋرەش، يۆتكىلىش، تىترىتىشلەرنى خاتىرىلەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلمايدۇ. ئۇرۇش، ئىنقىلاب، بوھران، ۋولقانلارنىڭ پارتلىشى ۋە يەر تەۋرەشلەرنىڭ ھەممىسى مودېرنىزمچىلارغا نىسبەتەن بىر خىل پاجىئە — شەخسنىڭ پاجىئەسى، روھنىڭ پاجىئەسى. ئۇلارنىڭ روھى بىر چوڭ رويالغا ئوخشايدۇ. ئوچۇقچىلىققا قويۇپ قويۇلغان بۇ روياлنىڭ قاپقىقى ئېچىپ قويۇلغان. شامال، يامغۇر، قار ئۇچقۇنلىرى، كۈزدە دەرەخلەردىن چۈشكەن خازانلار، كىچىك بالىلار ۋە يولدىن ئۆتكەن مەستلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تىللىرىغا تېگىپ ئۆتىدۇ. رويال ئېچىنارلىق ۋە يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان قوپال ھەم بوغۇق ئاۋاز بىلەن يىغلاپ، ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇ پەقەت سادالا يارىتىدۇ، ئۇ، دۇنيادىكى ھەر خىل، ھەر تۈردىكى سادالارنى جەملەپ، ئۇلارنى نوقۇل بىر ئاۋازغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان مۇتلەق سۇبيېكتىپ ئىنكاس...»② «مودېرنىزمچىلار دۇنياغا باقمايدۇ. چۈنكى دۇنيا — ئۇلارنىڭ ئۆزى.»③

مېنىڭچە، بۇ ئۆلچەم ئوسمانجان ساۋۇتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇ شائىر تەرىقىسىدە دۇنيا بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى كۆزەتكىنىدە، بىرىنچىدىن، تەپەككۇردىكى ئەقلىيلىكتىن، يەنى دۇنياغا ئەقىل - ئىدراك بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشنى، يەنى خەلقنى، مىللەتنى ئاكتىپ يوسۇندا تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى قىلغان مەسئۇلىيەتچان بىر شائىر بولۇپ، بۇ نۇقتىدا ئۇ رېئالىزملىق ئۇسلۇبقا تەۋە قەلەم ئىگىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى دۇنيا دەۋالىدىغان غەرب مودېرنىزمچىلىرىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا ياكى مودېرنىزمنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا پەيدا قىلىۋاتقان كۆلەڭگۈلىرىگە تەۋە شائىر ئەمەس. مىللىي مۇھىتتىن ئالغاندىمۇ، ئۇ خىرىستىئانلار مۇھىتىدا پەيدا بولغان، ھەر تەرەپتىن تويۇق يولغا كىرىپ قالغان، شەخسىيەتچىلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك، نېگىلىزم ۋە شەكىلۋازلىقنى ئالاھىدىلىك قىلغان بىر ئۇسلۇبقا تەۋە بولالمايدۇ. ئۇنىڭ مىللىي، دىنىي مۇھىتى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا، ئۇيغۇرلار زېمىنىدا. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ شېئىرىنى مودېرنىزملىق ئۆلچەملەر بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆرمەكچى بولۇشنىڭ ئۆزىدە ناھايىتى چوڭ بىمەنىلىك بار. مانا مۇشۇ نۇقتىلاردا مەن ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ھەققىدىكى تەھلىللىرىنى تولۇق رەت قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

①②③ «غەربنىڭ مودېرنىزملىق ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى»، دەۋر نەشرىياتى نەشرى. خەنزۇچە 28 - 29 - بەتلەر.

ئابلەمەت ئىسمائىل

# «ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا»دىكى نۇقسانلار

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 11-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. يازغۇچى بۇ ھېكايىنى نېمە مۇددىئادا يازغاندۇ؟

ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەندە، بۇ ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىخچام، گەپ-سۆزلىرى راۋان؛ لىرىكىلىق تۈسىمۇ خېلى قويۇق، ئەمما ئۇنىڭدىكى ۋەقە، پېرسوناژ، مۇھىت قاتارلىقلار زورمۇزور توقۇپ چىقىرىلغان بولغاچقا، ئاشۇ چىن بولمىغان نەرسىلەر ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن ئەخلاقىي خاھىش چاكىنا، بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالغان. بۇ كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

بىر ھېكايىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى ۋەقە، پېرسوناژ، مۇھىت تەسۋىرى — ھادىسە، ئۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى خاھىش (ئەخلاقىي خاھىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ماھىيەتتۇر. ئۇنداقتا، مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بۇ ھېكايىدە قانداق ئەخلاقىي خاھىش ئىپادىلەنگەن؟

بىز ئەڭ ئاۋۋال گەپنى قاسىمجان بىلەن گۈلسىنەمنىڭ 1955-يىلىدىكى ئۇچرىشىشىدىن باشلايلى: ئۇ چاغدا ئۇلار مۇھەببەت تەشنالىقى بىلەن ئۆزلىرىگە جەددىي جورا ئىزدەپ يۈرگەن ياشلار ئەمەس، بەلكى توي قىلىپ، مۇستەقىل ئائىلە تۇرمۇشىنى باشلاپ بولغان شەخسلەر بولۇپ، «قاسىمجان ئۈرۈمچىدە ئىشلەيتتى، ئايالى ۋە بىر ياشلىق ئوغلى بار ئىدى». گۈلسىنەم بولسا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «بىر يىلنىڭ ئالدىدا ياتلىق بولغان» ئارتىسى ئىدى. ئەمما ئۇلار بىر قېتىملىق ناخشا-ئۇسسۇل كېچىلىكىدىن كېيىن ئۇچرىشىپلا «خۇددى بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپتۇ» دېگەندەك بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدۇ. قاسىمجاننى مەھلىيا قىلغىنى گۈلسىنەمنىڭ «كېلىشكەن بوي-تۇرقى، جان ئالغۇچى سېھىرلىك كۆزلىرى، قىرىق كۇكۇلىلىق چاچلىرى، يېقىملىق ئاۋازى، ناخشا ئېيتقان چاغدىكى ناز-كەرەشمىلىرى». گۈلسىنەمنى مەھلىيا قىلغىنىمۇ دەل قاسىمجاننىڭ «ئەجەب قاملاشقان نېمىكەن»لىكى، شۇنداقلا «يېنىغا كەلسىڭىز گۆدەك قىزلارنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ»غان ئېرىنىڭ ئۇنىڭ «ئارزۇ-ھەۋەسلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ»غان، «بەئەينى ياغاچ ئادەمنىڭ ئۆزى» ئىكەنلىكى. بىر-بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان بۇ ئىككىيلەن ئاشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى تېزلا ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ كېتىدۇ-دە، «مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن قاسىمجان خوتۇنىنى قويۇۋەتمەكچى، گۈلسىنەم ئېرىدىن ئاجراشماقچى»، «ئىككىسى توي قىلىپ، قاسىمجان گۈلسىنەمنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتمەكچى» بولۇپ كېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «بىرى ئېرىنى، يەنە بىرى خوتۇنىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ،

ۋاقتىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ». بۇ ئەھۋال تاكى قاسىمجان «بىر مۇزىكىلىق دراما»دا گۈلسەنەمنىڭ «تۇرمىدىن چىققان ئاشىقى مالاي يىگىتكە ئۆزىنى ئاتقان» ۋە «يىگىت ئۇنى باغرىغا بېسىپ بېشىنى سىيلىغان»لىقىنى كۆرۈپ، «پۈتۈن بەدىنىدە شۇئان كۈنچىلىك ئوتلىرى» يېنىپ، گۈلسەنەمنى «سىزنى كۆرگەنلا يىگىتلەر قۇچاقلاپ مىجىقلايدىكەن» دەپ تاشلاپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئەسلىدە ھېچقانداق پاك ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئاساسى بولمىغان بۇ ساختا تۇرمۇش كومېدىيىسى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىشى كېرەك ئىدى، بىراق «ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ تاشكەنت شەھىرىدە تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندا»، ئۇلارنىڭ «قايتا يانغان ياشلىق ئوتلىرى يالقۇنجاپ»، «ئۆزلىرىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا كېتىپ بارغان ئادەملەرمۇ كۆزلىرىگە كۆرۈنمەي» «ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشۈپ» قۇچاقلىشىدۇ. ھەتتا خىلۋەت مېھمانخانىدا ئىككى سائەت بىللە بولۇپ، ۋۇجۇدى لەززەتتىن يايراپ كېتىدۇ... ھېكايىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھەرقانچە سەۋرلىك كىتابخانمۇ يازغۇچىدىن سىز شۇنچە ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلىگەن بۇ ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت «ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشنى شەرت قىلغان» مۇھەببەتمۇ، دەپ سورىماي تۇرالمايدۇ.

يازغۇچىنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، قاسىمجان بىلەن گۈلسەنەمنىڭ بىر قېتىم ئۇچرىشىپلا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساس ھەر ئىككىسىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەن تۇرمۇش قۇرغانلىقىدەك ئوخشاشلىق ئىكەن. ئۇلار بۇ «ئوخشاشلىق ئىككىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ» دەپ قاراپ، ئاشۇ باھانە بىلەن بىر-بىرىنى «ئىندەككە» كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا بىرى ئايالىغا «كۆڭلۈم يوق، قاتتىق پۇشايماندىمەن» دېسە، يەنە بىرىمۇ دەررۇلا «كۆڭۈل خالىمىغان تۇرمۇش تېتىمايدىكەن، بارغانسېرى شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىدۇ» دەپ ماسلىشىدۇ. ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ تاشكەنت شەھىرىدە تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسا، بىرى ئايالنىڭ تولغان كۆكسى ۋە يېرىم ئۇچۇق تۇرغان ئاپئاق مەيدىسىگە يەۋەتكۈدەك قاراپ تۇرۇپ، «سەككىز بالام بار، ئانىسىنى كۆرسىڭىز بەئەينى موماي، موماي بولغاندىمۇ، كۆشەشىمۇ خۇش ياقماس بولۇپ قالغان سىمىرنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالدى» دەپ يۈزسىزلىك بىلەن ھەسرەت چەكسە، يەنە بىرى، ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ، «ئېرىم...مەزگىلسىز قېرىپ كەتتى... ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ. كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدۇ... ئالدىرايدىغىنى ئوقۇش، يېزىشلا. تۇرمۇشتا كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىشلار خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ» دەپ زارلىنىپ، «ياشلىقىمنىڭ ئۇنىڭدىن زارىقىپ كۈتكەن تەلەپلىرى»نى قاندۇرۇشقا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ شۇنچە يىللار بىر-بىرىگە ئىش-پەش تارتىشىپ، قەيەردە ئۇچراشسا شۇ يەردە ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈشىدىكى مۇددىئاسى تولۇق ئاشكارىلانغان. بۇنى گۈلسەنەمنىڭ «خىلۋەت مېھمانخانىدا قاسىمجان بىلەن ئىككى سائەت بىللە بولۇپ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا» ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدىكى شادلىق بىلەن ئۆكۈنۈش ئارىلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلىك ھېسسىياتىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: «ئادەمنىڭ قېن-قېنىغا پاتماي قالىدىغان چاغلىرى، پۈتۈن بەدەننى لەززەتلىك

ئېقىم قاپلاپ كەتكەن مەزگىللىرى نېمىشقا قىسقا بولىدىغاندۇ، ئادەم بىر ئۆمۈر مۇشۇن-
داق تۇيغۇدا ئۆتسە، دۇنيانىڭ راھىتىنى تەلتۆكۈس كۆرگەن بولمامدۇ، ئارمانسىز
ياشىمامدۇ؟!»

ناھايىتى روشەنكى، قاسىمجان بىلەن گۈلسىنەمنىڭ مۇناسىۋىتى ئەقىل - ئىدراك، ساغلام ھېسسىيات ۋە مۇستەھكەم غايىۋى بىرلىكنى روھىي تۈۋرۈك قىلغان مۇھەببەت ئەمەس. ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي ھېسسىي پائالىيىتى بولغان مۇھەببەت پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ئەقىدە - ئېتىقادىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلغاندىلا، ئاندىن ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغان ئالىيجاناب ئەخلاقىي خىسلەتنى نامايان قىلالايدۇ. ئەمما بۇ ھېكايىدىكى شەخسلەر (گۈلسىنەمنىڭ ئېرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا) مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇنى چىن كۆڭلىدىن قەدىرلەشنىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىمىگەن، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىلىرىگە تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكى ۋە ئازاب - خورلۇقلىرى بەدىلىگە راھەتكە ئېرىشىشنى كۆزلەيدىغان ئادەملەر بولۇپ، ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئەخلاقسىز «ئۈچىنچى شەخس»لەردۇر. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە «مۇھەببەت» تاجىنى كىيدۈرۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتىدىن «مۇھەببەت» دېگەننى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ، «تۇرمۇشتا كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىشلار» بىلەن كۆڭلىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان شەھۋانىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، يازغۇچى بۇ شەخسلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا قاتتىق تەنقىد قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولماستىن، ئەكسىچە قوللاش ھەم ھېمداشلىق قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇ «خىلۋەت مېھمانخانىدا قاسىمجان بىلەن ئىككى سائەت بىللە بولۇپ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئۆيىگە يانغان» گۈلسىنەمنىڭ روھىي ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەززەتتىن يايراپ، پۈتۈن تۇرقىدىن—زىناقىلىق مەگزىلىرىدىن، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرى، چىرايلىق كۆزلىرىدىن، قاپقارا چاچلىرى، قويۇق كىرپىكلىرىدىن زوق، ئىپتىخار، شادلىق يېغىپ تۇراتتى». بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتىنىڭ نەقەدەر روشەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. ئېھتىمال بەزىلەر گۈلسىنەم قىزنىڭ «يول چېتىدە دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا بىر يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرغان» لىقىنى كۆرگەندە، تاپىنىدىن تارتىپ تا بېشىغىچە ئېچىنىش، خورلۇق تۇيغۇلىرى يېنىپ، ئۆزىنى نومۇس، ۋىجدان، ئىنساپقا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، قاسىمجاننىڭ «تۇرمۇشىمىزنى قايتىدىن باشلىساق، قالغان ئۆمرىمىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەك» دېگەن تەلىپىنى رەت قىلىپ، «سىزدىكى ھازىرقى ھېسسىيات مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى شەھۋانە ھەۋەس!... مەن سىزدىن يىرگىنىدىم!...» دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالىدىغۇ، دېيىشى مۇمكىن. راست، ئۇ شۇنداق قىلدى. ئەمما بۇ «بۇرۇلۇش» گۈلسىنەم خاراكتېرىنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتى ئەمەس. بەلكى قايسىبىر چۆچەكتىكى «شېيخى يوق دەرەختىن، پۈتمىگەن چوماقنى ئېلىپ بىر ئۇرسام، ئۆنمىگەن چىغ تۈۋىدىن، تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى» دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ، ئادەمنى ھەرگىزمۇ ئىشەندۈ-

رەلمەيدۇ. چۈنكى گۈلسىنەم سەۋەنلىكلىرىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئۆزىنى قەدىرلىگەننى قەدىرلەپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى تىنچ، ئىناق ئۆتكۈزۈش ئىشەنچىسىدىن ئاللىقاچان مەھرۇم بولغان ۋە ئادەمگە خاس ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ھەممىسىنى «شەھۋانە ھەۋەس» ئازگىلىغا كۆمۈۋەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭدا ئۆنچىلىك جۈرئەت نېمىش قىلسۇن؟!

ھېكايىدا ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك يەنە مۇنداق ئىككى مەسىلە بار: بىرى، پېرسوناژلار خاراكتېرىدە ئوخشاشلىقلا بولۇپ، خاسلىقىنىڭ بولمىغانلىقى، يەنە بىرى ئورۇمچىدە ئىشلەيدىغان قاسىمجاننىڭ بىردىنلا ئالمۇتىنىڭ «كەچكۈزدە ئېچىلغان ئالما چېچىكى»گە ۋە ئاقسۇلۇق قىز گۈلسىنەمنىڭ «ئەمدىلا ئېچىلغان تاشكەنت گۈلى»گە ئايلىنىپ قېلىشى، گەرچە بۇلار ھېكايىدا ئىپادىلەنگەن غەيرىي نورمال خاھىشچانلىق بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشى بولمىغان مەسىلىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تولىمۇ يۈزە، تومتاق يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىدە بەزى گۇمانىي سوئاللارنى پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

ھېكايىدىن بىزگە شۇ نەرسە ئايانكى، قاسىمجان «بىرنەچچە توپلىمى چىققان» شائىر. گۈلسىنەم بولسا، رادىئودا «ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ»، ئۆزىنى «تېلېۋىزوردىمۇ كۆرۈپ» تونۇغىلى بولىدىغان ئارتىس. دېمەك، ئۇلار مەلۇم ئىقتىدارغا ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە «سەنئەتكارلار» ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئۇلار ھېسسىيات جەھەتتە «شەھۋانە ھەۋەس» كە قۇل بولۇشتەك ئورتاقلىقتا ئىگە بولغاندىن باشقا، مىجەز-خۇلقى، سۆز-ھەرىكىتى ھەم كەسپىي ئالاھىدىلىكى جەھەتلەردە ھېچقانداق خاراكتېر خاسلىقىغا ئىگە ئەمەس. قاسىمجاننى «شائىر» دېمەي، شوپۇر ياكى سودىگەر دېسىمۇ بولىۋەرگەندەك، گۈلسىنەمنى «ئارتىس» دېمەي، پىرىكازچىك ياكى مېھمانخانا كۈتكۈچىسى دېسىمۇ قىلچە غەيرىي تۇيۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككىيلەن «سەنئەتكار» ھېسابلانغىنى بىلەن، ئۇلاردا مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقۇچىلارغا خاس پەزىلەت يوق، مەنىۋى مەدەنىيەتكە تەئەللۇق روھىي پاكلىقتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئەمدى قاسىمجان بىلەن گۈلسىنەمنىڭ چەت ئەلدە ئوتتۇراقلىشىپ قالغانلىقىغا كەلسەك، بۇمۇ خېلىلا نازۇك مەسىلە. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسكەن ھەمدە شىنجاڭدا ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشقان. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قېلىشقان ۋە كېيىن ھېلىقى دراما سەۋەبىدىن ئارازلىشىپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشكەنلىكىمۇ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئىش. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنى «ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ تۇيۇقسىز تاشكەنت شەھىرىدە ئۇچرىشىپ قالغان» قىلىپ يېزىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئەدەبىي ئەسەردىكى ھەر بىر ۋەقە، تەپسىلاتنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە بويسۇنۇشى كېرەك. بۇ ئىككى شەخسنىڭ تەقدىرىدە چەت ئەلگە چىقىپ كەتمىسە بولمايدىغان مۇقەررەرلىك يوق. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە ئۇچراشسىمۇ بولۋېرەتتى. ئەمما يازغۇچى ئۇلارنى زورمۇزور دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىتىۋەتكەن. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

www.uyghurkitap.com



قاسىمجاننىڭ «ئۇ چاغلاردىكى كولخوزلار بىزنىڭ كۆكشىدىنمۇ رودۇ، كۆتۈرەم بولغان كالىنىڭ ئۆزى ئىكەن» دېگەن گېپىدىن قارىغاندا، ئۇلارنى چەت ئەلگە 60-يىللارنىڭ بېشىدا چىقىپ كەتكەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، بىراق ئۇ چاغلاردا ئىككى دۆلەتنىڭ بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولۇپ، ئالمۇتا بىلەن تاشكەنتكە قانۇنى يول بىلەن چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا ئۇلار قاچاقلار بولۇپ قالامدۇ؟ ھېكايىدا ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھات بېرىلمىگەن. نەتىجىدە تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالى بويىچە ئويدۇرۇپ چىقىلغان بۇ ساختا تەپسىلات ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ چىنلىقىغا بولغان گۇماننى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنى «ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان» تۈسىگە كىرگۈزۈپ قويغان. بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ، يازغۇچىلارنىڭ جەمئىيەت ئەخلاقىنى تۈزەش ۋە كىشىلەر قەلبىنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، جىددىي ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى مۇھەببەت كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر مەزمۇنى ئەمەس. ئادەم مۇھەببەت تۇرمۇشنى دۆلەت ھەم خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، رېئاللىقتىكى نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى توغرا ئۇسۇل قوللىنىپ ھەل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغاندىلا، ئاندىن ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مۇھەببەت تېمىسى دەل مۇشۇ روھ بويىچە يورۇتۇپ بېرىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچىلار ھەممىدىن ئاۋۋال ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، تۇرمۇشنى پىششىق بىلىشى، تۇرمۇشنى توغرا تونۇشى ھەم توغرا ئىگىلىشى زۆرۈر. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، سۇبيېكتىپ خىيالغا تايانغاندا، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ھەتتا رېئال تۇرمۇش بۇرمىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى قانداقتۇر ۋىسال شادلىقى بىلەن ھىجران قايغۇسى گىرەلىشىپ كەتكەن قىزىقارلىق ۋەقەلەر، شەھۋانە ھەۋەس ھەم «ياشلىقتىكى مۇھەببەت قېرىلىقنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ» دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدىغان خىيالىي تەسۋىرلەردە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئادەمنىڭ چىن، تەسىرلىك ھېسسىياتىنى، ساغلام روھىيىتى ۋە ئادەملىك قىممىتىنى ئىپادىلەشتە نامايان بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا»نى يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى بىر مەغلۇبىيەت دېيىشكە مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى يازغۇچى تۇرمۇشقا قىزغىن، ئۈمىدۋار پوزىتسىيە بىلەن جىددىي قارىمىغان

ئادەم ھېسسىياتىنىڭ نازۇكلۇقى ۋە مەنىۋى قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ھەققىدىمۇ
ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولمىغان. ئۇ پەقەت «ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى-
دىكى مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەش» قىزغىنلىقى بىلەن «ئاجايىپ - غارايىپ بولۇش»قا
بېرىلىپ كېتىپ، پېرسوناژلارنى «ئۆزى قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ئۆزى ئېيت-
ئالمايدىغان گەپ - سۆزلەرنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلغان» (م. گوركى «ئەدەبىيات توغ-
رىسىدا» خەنزۇچە نەشرى 262 - بەت)، نەتىجىدە تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ئورنى-
غا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ قىياسىنى دەسسىتىپ قويۇش سەۋەنلىكىنى سادىر قىلىپ، سوت-
سىيالىزم شارائىتىدىكى مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان
دەۋر ئېڭى ھەم خەلقنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقىنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. شۇڭا
كىتابخانلار بۇ ئەسەردىن كىشىلەرنى گۈزەللىكتىن زوقلاندۇرىدىغان، چىن، ئىناق مۇھەب-
بەتلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلدۇرىدىغان، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ئەخ-
لاقىي پەزىلەت نۇرلىرىنى كۆرەلمەيدۇ.
ئابدۇراخمان قاھار «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ھايات سىرى» ناملىق رومانلىرى ۋە
«ئادەملەر، ماڭا رەھىم قىلماڭلار»، «كەچۈر مېنى، نازاكەت!»، «تۇغلۇق - چوغلۇق»،
«ۋاپا» قاتارلىق پوۋېست، ھېكايىلىرى بىلەن جەمئىيەتتە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغى-
غان پېشقەدەم يازغۇچى. بىز ئۇنىڭ «ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا» ناملىق ھېكايىسىدىكى
مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئۆزىگە پىششىق تونۇش بولغان تۇرمۇشنى مەنبە قى-
لىپ، چىن، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلىرى ئارقىلىق كىتابخانلاردا ئورتاق ھېسسىي
سادا قوزغايدىغان، ئۇلارنى رەڭگارەڭ تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلىمە بىلىش ۋە چۈشىنىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



فاڭ لى

## ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىدە سەرخىل مەھسۇلات ئېڭى بولۇشى كېرەك

كەسىپداشلىرىمنىڭ ماڭا دېيىشىچە، يېقىندا ئاشلىق پونكىتىغا كىچىك قىلىپ ئورالغان، «يۇمىسىمۇ بولىدىغان گۈرۈچ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەلا سۈپەتلىك گۈرۈچ كىرگۈزۈلۈپتۇ، ئۇنىڭ باھاسى ئادەتتىكى گۈرۈچتىن يۇقىرى بولسىمۇ، سۈپىتى ياخشىكەن، يەنە كېلىپ يۇمىسىمۇ بولىدىكەن، شۇڭا خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ. ھازىر كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرار جاي ۋە يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، كىيىم - كېچەكنىڭ پاسونىغا، ئۆينىڭ زىننەتلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئۈچ - تۆت يۈز يۈەن چىقىم قىلىپ داڭلىق ئاياغ كىيىمدىن بىر جۈپ سېتىۋالىدىغان، بىر - ئىككى تۈمەن پۇل خەجلەپ، ئۆيىنى زىننەتلەيدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن «سەرخىل مەھسۇلات» دېگەن سۆز كىشىلەرنىڭ ئادەتتە ئىشلىتىدىغان سۆزىگە ئايلاندى. مۇنداق ھادىسىنىڭ قىزىپ كېتىشكە كىرىدىغان - كىرمەيدىغانلىقىنى، تىرىشچان - ئىقتىسادچان بولۇشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاققا زىت كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى قوغلىشىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان سەرخىل مەھسۇلات ئېڭىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈش جەريانى پەلسەپە كاتېگورىيىسىدىكى سەكرەشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭمۇ مۇقەررەر يۆنىلىشى.

بۇنىڭدىن بىزنىڭ مەنىۋى ئوزۇقىمىز يادىمىغا كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدىمۇ ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىر تەرەققىيات جەريانى بارغۇ؟ ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ ئوخشاشلا «سەرخىل مەھسۇلات»لارغا موھتاجغۇ؟

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىت-ژۇرناللىرى ۋە ئەدەبىي كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇن يىللىق مالىمانچىلىق پەيدا قىلغان مەنىۋى تەشنالىقىمىزنى قاندۇردى، ئەمما ھازىر بىرمۇنچىلىغان كىتابخانىلارنىڭ ئوقۇرى ئېگىزلەپ كەتتى، ئۇلار قاتتىق - قۇرۇق ۋە ناچار مەنىۋى ئوزۇقلاردىن ئاللىقاچان زېرىكىپ، تېخىمۇ كۆپ سەرخىل ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىنتىزار بولماقتا. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز نېمىگە تايىنىپ

جاھانـدارچـىلىـق قىلىدۇ؟ ئۇلار يەنىلا سەرخىل ئەسەرلەرگە — خەلق ئاممىسىنىڭ دىتىغا ياقىدىغان، دەۋر ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سەرخىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە تايىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شائىر ۋاڭ جىژخۇەنىنىڭ «لەكلەك راۋىقىغا چىققاندا» ناملىق شېئىرى يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن شېئىر سۈپىتىدە تاكى ھازىرغىچە قەدىرلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چيەنلۇڭ خان 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغانمىش، ئەمما ئۇنىڭ قايسىبىرى ھازىرغىچە يادلىنىپ كەپتۇ؟ لۇشۈن ئەپەندى: «دېتالنى قاتتىق تاللاش، تېمىنى چوڭقۇر قېزىش، كىچىككىنە مەنىسىز ئىشتىن ھېكايە توقۇپ چىقىرىپلا ئىجادىيەتتە مول نەتىجىگە ئېرىشتىم دەپ شادلىنىپ كەتمەسلىك كېرەك» دېگەنىدى. ھېكايە ئىجادىيىتىگە قارىتىلغان بۇ سۆز ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ھەممە تۈرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

يېقىندا جىلىن ئۆلكىسىنىڭ «كۆكتات سېۋەتتى قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇۋاتقانلىقىدىن خۇشاللىق بىلەن خەۋەر تاپتىم. ئۇلار: سەرخىل مەھسۇلات ئېكىسىنى تۇرغۇزۇش، نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەم ئەدەبىيات ساھەسىگە يۈزلىنىدىغان سەرخىل ئەسەرلەر مەيدانى بولۇش، ھەم كەڭ كىتابخانلارغا ۋە مەدەنىيەت بازىرىغا يۈزلىنىدىغان ئاممىباب ژۇرنال بولۇش، شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنى كۆپ خىل بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپتۇ. ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ھەر ئىككىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن مۇنداق سەرخىل مەھسۇلات ئېكىسى تەشەببۇس قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

جاڭ ۋاڭ

## شەيتان ئەينەك ئىلھامى

ھېكايىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا گەپ بولغاندا، مەن ھەمىشە شەيتان ئەينەكنى يادىمغا ئالىمەن.

شەيتان ئەينەك دېگىنىمىز ئالاھىدە ياسالغان ھەرخىل ئەينەكلەرگە قارىتىلغان. بىر ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلسىڭىز، ئۇنىڭدىكى ئەكسىڭىز بىردىنلا ئۇزىراپ كېتىدۇ، يەنە بىر ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرسىڭىز، يۇمىلاق تاۋۇزغا ئوخشاپ قالىسىز. قىسقىسى، بىر ئەينەكتە بىر خىل، يەنە بىر ئەينەكتە يەنە بىر خىل كۆرۈنىسىز. سىز يەنىلا شۇ ئادەم بولسىڭىزمۇ، شەيتان ئەينەكتىكى قىياپىتىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. دەل مۇشۇنداق «ئۆزگىرىش» كىشىلەرنى بۇ ئەينەكلەرگە قاراپ بېقىشقا، ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىپ

كەتكەن غەلىتە تۇرقىنى كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقتۇرىدۇ. مانا بۇ «شەكىل ئۆزگەرتىش»نىڭ سېھىرى كۈچى. شەكىل ئۆزگەرتىش دېگەن نېمە؟ ئېنىقراق ئېيتقاندا، مۇبالىغە قىلىش. ۋۇسۇڭ جىڭياڭگاڭ داۋىنىدىن ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئۈچ چىنە ئىچسە داۋاندىن ئۆتكىلى بولمايدۇ دېيىلىپ كەلگەن هاراقتىن بىراقلا 18 چىنە ئىچىۋېتىدۇ، جاڭ فېي داڭياڭ كۆۋرۈكىدە بىر نەرە تارتسا، «كۆۋرۈك ئۆرۈلۈپ، سۇ كەينىگە ئاقىدۇ»، بىر مومای ئادىمگەرچىلىك قەرزىدىن قېچىپ، كىيىم - كېچەك سالىدىغان يوغان ساندۇققا يوشۇرۇنۇۋالسا، باشقىلار ئۇنى كۆتۈرۈپ كېتىدۇ؛ بىر هورۇن بويىنىغا ئېسىپ قويغان قوتۇرماچقا تېگىشتىنمۇ ئېرىنىپ، قاراپ تۇرۇپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ... مانا بۇلارنىڭ هەممىسى مۇبالىغە، دەل مۇشۇنداق مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ۋەقەلەر كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇپ، ناهايىتى كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى پەيدا قىلىدۇ.

ئەپسۇسكى بىزنىڭ نۇرغۇن هېكايە ئاپتورلىرىمىز هەر دائىم تۇرمۇش چىنلىقىغا يېپىشىۋالدى، مۇئەييەن دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمىدى.

بەزىلەر: «ۋەقەلىكنى توقۇسا بولىدۇ، ئەمما تەپسىلات چىن بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. بۇ گەپ ئەلۋەتتە توغرا. لېكىن «چىنلىق»نى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مەسىلەن، بىرەيلەن ئۈچ سەر ئاق هاراق ئىچىۋېلىپ، چۈشتىن كېيىنكى يىغىندا بىر سائەت سۆزلىگەن ۋە گەپنى جايىدا، ئېنىق قىلغان بولسۇن. بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمايدۇ. ئەمما بىز ئۈچ سەرنى ئۈچ جىڭغا ئۆزگەرتىپ، پالانى ئۈچ جىڭ هاراقنى ئىچىۋېلىپ، ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى دېسەك، قىزىقارلىق خەۋەر بولۇپ كەڭ تارقىلىدۇ. مانا بۇ «مۇبالىغىلەشتۈرۈش»نىڭ سېھرى كۈچى بولسا كېرەك. مۇنداق مۇبالىغىنىڭ چىنلىققا هېچكىم شەك كەلتۈرمەسلىكى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، مۇبالىغىنىڭمۇ چېكى بولۇشى كېرەك. شار هەددىدىن زىيادە پۈۋلىۋېتىلسە، بەربىر ئېتىلىپ كېتىدۇ. شەيتان ئەينىكىمۇ دەل شۇنداق بولىدۇ. سىز ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرسىڭىز، قىياپىتىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئەمما سىز هەرگىزمۇ ئات ياكى كالىغا، تاز ياكى چوقۇرغا ئايلىنىپ قالمايسىز. مانا بۇ شەيتان ئەينىكى ماڭا بەرگەن ئىلهام.

(«خاڭجۇ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نىڭ 1993 - يىللىق 1-سانىدىن)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## «كېيىنكى ئەسىردە مەشھۇر ئەسەرلەرنى كىم ئوقۇيدۇ؟»

«جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى» 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ماقالە ئېلان قىلىپ، قاتتىق ئەنسىرىگەن ھالدا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھازىرقى كىشىلەر كارا OK تىپىدىكى ‹مەدەنىيەت تېز تاماقى›دىن ئازراق بولسىمۇ يەپ تۇرۇشقا رازى، لېكىن ئۇلار مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى خۇشاللىق، غەزەپ، ھەسرەت ۋە شادلىقنى ھېس قىلىشنى خالىمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى ھېسابلىنىدىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى بارا - بارا زامانداشلىرىمىزنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراۋاتقاندەك قىلىدۇ.»

بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى لىن چەسى ئادەمنى چۆچۈتىدىغان بىر قاتار پاكىتلارنى مىسالغا كەلتۈردى: مەلۇم شەھەردىكى كۇتۇپخانىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانىلىرى 1989 - يىلىدىكى 38 پىرسەنتتىن ۋە 1990 - يىلىدىكى 30 يېرىم پىرسەنتتىن تېز تۆۋەنلەپ، 1991 - يىلى 22 پىرسەنتكە، 1992 - يىلى ئالتە پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «قىزىل ۋە قارا» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر خېرىدارسىز قېلىپ، ئېگىز پەشتاقلاردا چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ ياتقان، كىتابخانىلاردا مەشھۇر ئەسەرلەرنى سېتىۋالغۇچىلار ئازلاپ كەتكەن.

ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى بولغان مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەر دەۋرنىڭ تارىخىي داستانى، ئۇلارنىڭ ئۆلمەس مەنىۋى خىسلىتى بار، ئەمما نۆۋەتتە بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كېتىۋاتقان كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىش پىكىر ئېقىمى مۇشۇ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققەتەنمۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتىدۇ. ماقالىدە بۇ خىل ئەھۋال مۇنداق تەھلىل قىلىنغان: دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ، بۇرۇنقىدەك بىكار ۋاقىتلىرى قالمىدى؛ ھازىر كىشىلەر ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئىشلىنىش خاراكتېرى كۈچلۈك كىتابلار كىتاب ئوقۇشنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى؛ بىر قىسىم كىتابخانىلارنىڭ قىزىقىش نۇقتىسى ئاۋاز ۋە رەڭ ئارقىلىق كۈچلۈك تەسىر بېرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىگە يۆتكەلدى. ماقالىدە «بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق سەۋەبلەر» دەپ كۆرسىتىلدى.

كېيىنكى ئەسىردە مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەر يەنە قەدىرلىنەرمۇ؟ يەنە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلارمۇ؟ نۆۋەتتىكى ئەھۋال كىشىلەرنىڭ روھىي چۈشكۈنلىشىۋاتقان مەزگىلىدىكى گاڭگىرىشىمىدۇ ياكى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنىۋى خۇشاللىقى بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن بېشارەتمىدۇ؟

بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

(«ئەدەبىيات گېزىتى»نىڭ 1993 - يىل 25 - فېۋرالدىكى سانىدىن)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تۇرسۇنجان ئەمەت

# داۋۇت دازباۋ

(ھېكايە)

مۇشۇ جاھاندا ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلارنى قىلىدىغانلار مۇشۇ ھاراقكەشلەرمىكىن، دەپ ئويلايمەن. شۇنى ئويلىسام، بىزنىڭ مەھەللىدىكى دېلىقى يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ھاراق ئىچىپ يۈرىدىغان داۋۇت «دازىباۋ» دېگەن ئادەم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

بىزنىڭ مەھەللە دېگىنىمىز چوڭ يولدىن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ كەتكەن ئۆيلىرى زىچ تار بىر كوچا. قىش كەلسە ھەممە ئادەم ئۆگزىسىدىكى قارنى مۇشۇ تار كوچىغا ئاتقاچقىمۇ، بۇ يەردە ئەتىيازنىڭ پاتقاقچىلىقى تا ئالتىنچى ئايلارغىچە داۋاملىشىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ بىزنىڭ داۋۇت «دازىباۋ» قونچى ئۇزۇن ئۆتۈك كالىچىنى يەتتىنچى ئايلارغىچە كىيىپ يۈرىدۇ. ئۆتۈكنى سېلىۋەتكىنىدە ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىمەن. بۇ دۇنياغا خۇددى ئۆتۈك كالىچى بىلەنلا تۇغۇلغاندەك كۆزىمىزگە سىڭىشىپ كەتكەن بۇ ئادەم ئىسسىق يازلاردا بىردىنلا ئۆتۈكنى سېلىۋېتىپ شۆۋەك كىيىۋالسا، ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىشتىنىنى سېلىۋەتكەندەك غەلىتىلا كۆرۈنۈپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە بىلىنمىسە كېرەك، بىز كۈلۈپ كەتسەك ئۇ كەيپىلىكتىن قىزارغان كۆزلىرىنى بىزگە تىككىنىچە ئادەت بولۇپ كەتكەن «ھەي...ي، مۇشۇ جاھاندا مەن ساراڭمۇ، كىشىلەر ساراڭمۇ؟!» دېگەن سۆزىنى ئېيتىپ دەلدەڭشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

داۋۇت «دازىباۋ»نىڭ قىزىق قىلىقلىرى بار. ئۇنىڭ ئايالى كۈنبويى دەرۋازا ئالدىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئاياللار قاتارىدا كەڭ كۆڭلەكلىرىنى توپىغا مىلەپ ئولتۇرۇپ ئېرىدىن ماختىنىپ:

— بىزنىڭ كىشىگىمۇ خۇدا ئىنساپ بەردى. مانا بۈگۈن زوغا قوپۇپ مەسچىتكە چىقىپ كەتتى. خۇدا ئىنساپ بەرسە ھېچ گەپ ئەمەسكەن... — دەپ ئەمدىلا

تىزمە گۈللەر

غادىيىپ تۇرۇشىغا، كوچا دوقمۇشىدىن
ھېلىقى ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈكنى ئاران
كۆتۈرۈپ دەلدەڭشىگىنىچە ناخشا ئېيتىپ
داۋۇت «دازىباۋ» چىقىپ كېلەتتى:

ئالمامسەن ئالارىڭنى
ئىككى پاي ئوقۇڭ يوقمۇ؟

داۋۇت «دازىباۋ» دەرۋازا ئالدىغا
دەلدەڭشىپ كېلىپ توختاپ، ئايالىغا كۆز-
لىرىنى چىمچىقلىتىپ قارىغىنىچە:

— ھەي خوتۇن، قارىمامسەن! ئەل-
ئاغىنىلەر يەنە ئۇچراپ قالدى دېگىنە،
ھەي ئاغىنىلەر، مەن روزا دېسەم ئاڭلار
ئەمەس...ھەي«داۋۇت! ئەمدى ئەل - ئاغى-
نىلەردىن ئاشۇ چالا - پۇچ-ۇق تۇتۇۋالغان
روزاڭنى ئايامسەن؟!» دەپ ئاخشام سەن
تۇتۇپ بەرگەن ھېلىقى روزىنى پوقلا
قىلدى قارا... — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ناخ-
شىسىنى يەنە بولۇشىغا توۋلاپ ئۆيىگە كى-
رىپ كېتەتتى:

ياخشىنى يامان دەيسەن
ياراتقان خۇدا يوقمۇ؟...

داۋۇت «دازىباۋ» كىشىلەرگە ئانچە
ئارىلاشمىغىنى بىلەن ھاراقنى تازا ئىچىپ
كەيپى تەڭشىلىپ كەلگەن كۈنلىرى كى-
چىك باللارغىمۇ ئېگىلىپ سالام قىلىپ:

— ھەي ساقا - تايلار!...سىلەر كەل-
گۈسى...سىلەر بار - ھە!؟ — دەپ دەلدەڭ-
شىگىنىچە باللارغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ،
ئاندىن قورۇسىغا كىرىپ كېتەتتى.

قورۇغا كىرگەندىن كېيىن بولسا
ئۆزىگە ئەركىلەپ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشى-
تىپ كەلگەن تۈكلىرى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن
ساڭگىلاپ تۇرغان قېرى ئىتنىڭ بېشىنى
سىيلاشقا باشلايتتى:

— كەل، جانىۋار ۋاپادار مەخلۇقۇم!...
ماۋۇ بىر - بىرىگە كۆرۈك توخۇدەك مېھىر-
شەپقىتى قالمايۋاتقان ئادەملەر بىر - بىرىنى
ساڭا ئوخشىتىپ تىللاپ كېتىدىغىنىدىن
ئۆلمەيمۇ؟...سەندىكى ۋاپادارلىق ئادەملەر-
دە بولسا خۇدامۇ دوزاخنى يارىتىپ ئاۋارە
بولماس بولغىيتتى...

ئاخىرىدا ئۇ بېشىنى ئېغىتقىنىچە:
ھەي...ي، مۇشۇ جاھاندا مەن سارائمۇ،
كىشىلەر سارائمۇ؟ - دەپ ئۆيىگە كىرىپ
كېتەتتى.

داۋۇتقا «دازىباۋ» دېگەن لەقەمنىڭ
قويۇلۇپ قېلىشىمۇ قىزىق. جاھاننى غەي-
ۋەت - شىكايەت، تىل - ئاھانەت قاپلاپ
كەتكەن ھېلىقى يىللاردا داۋۇتنىڭ تەش-
كىلى بولمىسىمۇ شەخسىي دازىباۋ يېزىپ
داڭقى چىقارغانىكەن. بارچە ئادەم ئۆز تەش-
كىلىنىڭ تاملىرىغا چاپلىسا، بىزنىڭ داۋۇت
ئۆيىدە يېزىپ كوچىغا چاپلايدىكەن. شۇ
گەپ بولۇپ قالسا ئۇ كۈلۈپ لىڭشىپ
تۇرۇپ:

— ھەي ئۇكا، نېمە دەپ يازاتتىم!؟
بىر قېتىمدىكىسى تازا ئېسىمدە يوق. كې-
يىنكى بىر قېتىمدا: «ئاۋۇپ كەتتى جىن-
شەيتانلار، ئاگاھ بولغىن ئىنسانلار» نى
يېزىپ چاپلىۋىدىم، بىرلىرى توغرا دېسە،
گاھىبىرلىرى خاتا دەپ ئاساسىي قاتلامدا
ئۈچ ئاي ئۆگىنىش كۇرسىدا ياتتىم. ئاخى-
رى كادىرلارنىڭ «بۇندىن كېيىن شەخسىي
دازىباۋ يېزىشقا بولمايدۇ» دېگەن گېپى
بىلەن يېنىپ چىقسام كىشىلەر ماڭا «دا-
زىباۋ» دېگەن لەقەمنى قويۇپ بولۇپتۇ.
كېيىن «دازىباۋ» يازسام بولمايدىكەن
دەپ «ئادەملەرنىڭ بېشى بىلەن تېنىنى
ئالماشتۇرسا، ئادەم باشقا تەنگە تەۋە

بولامدۇ؟» دېگەن ماقالەمنى يېزىپ يۇقىرىغا
تاپشۇرسام، ئاساسىي قاتلامدىكىلەر ئۈچ
ئاي تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئاخىرى بول-
ماي مېنى چاقىرتىپتۇ. «بۇ ماقالەڭ بويى-
چە ئېيتقاندا سېنىڭ مۇددىئايىڭ نېمە؟»
دېيۇدى، مەن قوپۇپ: سىلەر ماقالەمنى ئۈچ
ئاي كۆرۈپ چۈشەنمىگەن بولساڭلار بوپتۇ،
مەن دەپ بېرەي. بۇ جاھاندا نۇرغۇن
ئادەملەرنىڭ تېنى ياخشى بولغىنى بىلەن
بېشى ناچاركەن، بېشى ياخشىلارنىڭ تېنى
ناچاركەن. شۇنداق بولغاندىكىن ياخشى
تەنلەرگە ساغلام باشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ
ئادەملەرنى رەتلىسە دەيمەن، دېۋىدىم،
«سېنىڭ ئىدىيەڭدە مەسىلە بار. شيۇجېڭ-
جۇيىچى ئۇنسۇركەنسەن» دەپ بوينۇمغا
پۈتى يوق ئوتتۇراھال جوزىدىن بىرنى
ئېسىپ، ھېلىقى ماقالەمنى جوزىغا چاپ-
لاپ 15 كۈن كوچىمۇ كوچا سازايى قىل-



دى ئەمەسمۇ... شۇنىڭدىن كېيىن، قويغىنە
مۇشۇ جاھاندىكى ئادەملەرنى. توغرا گەپ-
نى چۈشەنمىسە، راست گەپكە ئىشەنمىسە...
دۇنيادا تۇپىلارنى تۇرتۇپ يەرلەرنى تەك-
شىلەيدىغان ماشىنىلار شۇنچە كۆپ، نېمىش-
قا يامان ئادەملەرنى تۈزلەيدىغان ماشىنا
يوق. مۇشۇمۇ بىر تەڭسىزلىككەن، دەپ
ئويلاپ قالىدىغان بولدۇم. ئەگەر شۇنداق
ماشىنىلار بولىدىغان بولسا تۈزلىۋېتىدىغان
تالاي ئادەملەر باردى ـ دە، دەپ رەنجى-
گەنچە مانا ئۇزۇن يىللار بوپتۇ قولۇمغا
قەلەم ئالمىدىم. شۇ ئىشلارنى ئويلاپ، خۇ-
دا ئۆزۈڭگە ئامانەت، مۇشۇ جاھاندا مەن
ساراڭمۇ، كىشىلەر ساراڭمۇ دەپ سالىمەن...

* *

ئۇنى ـ بۇنى دېگىنىمىز بىلەن دەر-
ۋازىدىن چىقساقلا ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھالدا
ئالدىمىزغا يولۇققۇپلا يۈرىدىغان داۋۇتكام
مۇشۇ كوچىمىزغا سىڭىپ قاپتۇ. ئۇ، بىرەر-
يېرىم كۈن ھاراق ئىچمەي ئۆيدە بولۇپ
قالغان چاغلىرى خۇددى مەھەللىمىزدە بىر
نېمە كېمىيىپ قالغاندەك غەلىتىلىك ھېس
قىلىدىغان بولۇپ قاپتىمىز. بۇرناكۈن دا-
ۋۇت «دازىباۋ» ئازراق ئىچكەن چېغى،
يېنىمىزغا دەلدەڭشىپ كېلىپلا گەپ باش-
لاپ كەتتى.

— مۇشۇ ئادەملەرنىڭ گوللۇقى قا-
چانمۇ تۈگەر ھە، ئۇكا؟! — دېدى ئۇ
دۇمبىسىنى تېرەككە يۆلەپ ئوبدان جاي-
لىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — تۈنۈ-
گۈن ھەسەن بەزنىڭ يەتتىسىگە كېچىكىپ
بېرىپ قاپتىمەن. رەھمەتلىكنىڭ روھى
قورۇنمىسۇن، بىكارغا تاماق باركەن دېسە،
قاچان پىشىدۇ؟ دەپ قونۇپ قالىدىغان
رەھمەتلىكتى. داستىخان يىغىلىپ تۇرۇشىغا

ھەممەيلەن قول قوشتۇرۇپ: «ھە، قېنى سىزدىن كەلسۇن!» دېيىشىپ قۇرئان ئوقۇشنى ماڭا ئۆتكۈزدىپ قويۇشتى. قارىسام ئولتۇرغانلارنىڭ چوڭى مەنكەنمەن، ئامال قانچە، ئوقۇ دازىباۋ! سەن قىلمىغان مۇشۇ ئىش قالغان دېدىم ئىچىمدە. شۇنىڭ بىلەن راسا كۆچەپ ئەئۇزۇنى تارتىۋېتىپ: چۆپ چۆچۆرەللەزدىنە، ۋەئىنندەكە زاسۇنەللەزىنە ۋە ئۇلائىكە پولار!... دەپ راسا ئاھاڭغا سېلىپ مۇڭ كەلتۈرۈۋېتىپ ئاخىرىدا سۇبھانە رەببىكەسى بىلەن تۈگىتىۋېدىم ھەممەيلەن ئېرىپ كەتكەندەك ئولتۇرۇپ كېتىشتى، تالاغا چىقسام بىرقانچىسى كەينىمدىن كېلىپ:

— ھەي، دازىباۋ! ئاشۇ تاماقلارنىڭ ئېتى مۇشۇ سەن ئوقۇغان سۈرىلەردە بارمىكەنوي!؟ — دېيىشىپ ئارقامغا كىرىۋېلىشتى.

— ھەي ئەخمەقلەر! — دېدىم ئاچچىقىمدا، — خۇدا ئۆزى بەرگەن نېمەتلەرنىڭ ئىسمى قۇرئاندا بولماي مەن يازغان دازىباۋدا بولاتتىمۇ؟

شۇنداق دېۋىدىم، ھەممەيلەن قول قوشتۇرۇپ: «راست، راست» دېيىشىپ قايىل بولۇشتى. مانا قارا ئوكا بۇ خەققە شۇ مۆكۈلۈق ئاھاڭغا سېلىپ ئاندىسنى مىڭ تىللىساڭمۇ ئىككى قوللاپ دۇئا قىلىۋېرىدىكەن. جاھاندىكى مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىسام: ھەي دازىباۋ، سەن ساراڭمۇ، كىشىلەر ساراڭمۇ؟ دەپ قالىمەن...

*

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەھەللەنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇراتتۇق، داۋۇت «دازىباۋ» غەرق مەست كېلىپ قالدى.

— شۇنچە ياشقا كىرىپتىمەن، لېكىن زادىلا ئۇقمايۋاتىمەنغۇ ئۇكا، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ بىر قولىدا ياشىراق بىر تېرەكنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، — قىلغان ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمگە يۈزدە - يۈز توغرا. نېمە ئۈچۈن بۇ خەقلەرگە توغرا ئەمەس؟ ئۇنداقتا يا سەن ساراڭ ياكى خەقلەر ساراڭ. مۇشۇ مەسىلە بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئايرىلىپ ھەققەتلىشىدۇ جۇمۇ ئۇكا. شۇ چاغدا «ھە، دازىباۋنىڭ ئېيتقىنى توغرىكەن» دەپ قالىسىلەر.

ئۇ بىزگە بىر قۇر سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭ ھېلىقى دازىباۋ يېزىپ كىرىۋالغان ئۆگىنىش كۇرسى دېگەن مىرزا قاماقتىن چىقىشىمۇ بىر قىزىق ئىش. شۇ چاغلاردا خەقلەر بىر - بىرىنى يالغان - ياۋداق گەپلەر بىلەن چېقىپ ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا، تۈرمىلەرگە سولىتىۋەتسە، مېنى خەقلەر چېقىشتۇرۇپ ھېلىقى قاماقتىن ئۈچ ئايدىلا چىقىرىۋەتكەن.

— قانداق بولۇپ چىقىپ كەتكەنسىدىكىز؟

— ئۇ زامانلاردا ئادەملەر غەلىتىلا بولۇشۇپ قالغانتى، — دەپ ئۇزۇن ھېكايىسىنى باشلىدى ئۇ، — ئادەملەر ئۆگىدىن ئەمەس، كۆرگەن چۈشىدىنمۇ ئەنسىرەپ ئۆخلىيالمايدىغان بولۇشۇپ قېلىشقانىدى. مەن ئاساسي قاتلامدىكى ئۆگىنىش كۇرسىغا دازىباۋ يېزىپ تۇتۇلۇپ كىرسەم، مەن كىرگەن تار ئۆيدە يەنە ئىككىيلەن خۇدا، دەپ يېتىپتىكەن. نېمىگە كىرگەنلەركىن دېسەم، بىرى بىر تۇپ تېرەك يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ ئۆرۈلۈپ چۈش

كۆرۈپ، ئەتىسى قوشنىسىغا ئۆرۈپ بەرگەنىكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن ئاساسىي قاتلامغا چاقىرتىلىپ: سەن قانداق چۈشنى كۆرۈپ يۈردىەن؟ دەپ راسا دۇمبالاپ «مەسىلەڭنى تەلتۆكۈس تاپشۇر!» دەپ سولاپ قويغىلى ئالتە ئايدىن ئېشىپتۇ. يەنە بىرى ئۆزىنىڭ كالىسىنىڭ موزىيىنى سويۇپ بالىلىرىغا قىشلىق سوقۇم قىلىپ بېرىپتىكەن. تالىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ جەمقتۇرغان موزاينىڭ تېرىسىنى كېچىسى ئىتلار سۆرەپ كوچىغا ئېلىپ چىقىپ پارچىلىۋەتكىنىنى خەقلەر كۆرۈپ قاپتۇ. ھەش-پەش دېگۈچە ئاساسىي قاتلامدىن ئادەم كېلىپ ھېلىقى ئىتلار پارچىلىۋەتكەن موزاي تېرىسىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ، ئۈچ كۈن كوچىمۇ كوچا سازايى قىپتۇ. مانا ئۇنىڭ سولاقتا ياتقىنىغا يىل توشاي دەپتۇ، ئۇلارغا قارىغاندا مېنىڭ مەسىلەم تاغدىن ئېگىز، تاشتىن قاتتىق بولۇپ چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يىتىشنى باشلىۋەتتۇق...

داۋۇت «دازىباۋ» تېرەكنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى بوشاتتى.

— شۇ چاغدا مېنىڭ بىر قېتىم كۆرگەن چۈشۈم مېنى شۇ سولاقتىن بوشىتىۋەتكەن دېسەم، سىلەر ھەرگىز ئىشەنمەيسىلەر. تۆۋە دېمىسە بىكار. خەقلەرنىڭ كۆرگەن چۈشى سولىتىپ قويۇۋاتسا، مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈم مېنى سولاقتىن چىقىرىۋەتسە نېمە دېگۈلۈك!؟ شۇنداق، بىر كۈنى سەھەردە بىر چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە بىر كاتتا شەھەردە يۈرگۈدەكمەن. تۇرۇپ بىز يېتىۋاتقان مۇشۇ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەتراپىي دېگۈدەكمەن. ئىشقىلىپ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا يۈرگۈدەكمەن. ئەتراپىمدا ئېگىز-ئېگىز ئادەملەر غادىيىشىپ يۈرگۈدەك. بۇ ئېگىز ئادەملەرنىڭ پەقەتلا يۈزىنى كۆرەلمىگۈدەكمەن. راسا زەن سېلىپ قارىسام بۇ كىشىلەرنىڭ باش تەرىپى سېپسېلىق بولۇپ، ئېغىز-بۇرۇن، يۈز-كۆز دېگەندىن ئەسەر يوق، سىداملا تۇرغۇدەك. توۋا! دۇنيادا يۈزى يوق ئادەملەرمۇ بولىدىكەنە، تېخى ئۇلار ئېگىز بولىدىكەن، دەپ ھەيران قېلىۋاتقۇدەكمەن. بىر چاغدا قارىغۇدەك بولسام ئادەملەر ھە دەپ بىر-بىرلىرىگە پىچىرلىشىپ:

— ئەنە ئاۋۇ كېتىۋاتقاننىڭ پۇتى يالغان پۇت. بۇرۇن بىزدەك پاكار نەرسىدى. كۆردۈڭلارمۇ نومۇس قىلماي يالغان پۇت بىلەن غادىيىپ مېڭىپ كەتكىنىنى، — دېسە، يەنە بىرلىرى:

— مانا ماۋۇ كېتىۋاتقاننىڭمۇ يۈزى ئۆزىنىڭ يۈزى ئەمەس. قاراڭلار! ئۇنىڭ كۈلۈشلىرىنى، كاشكى ئۆزىنىڭ يۈزى بولسا قانداق قىلاتتىكىن قارا يۈز! — دەپ تىللىشىۋاتقۇدەك. ماڭا نېمە يوق، شۇ ئارىدا مەن ئىشەنمەستىن، دۇنيادا بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ دەپ ساپتىمەن. بىردىنلا بىرى توپ ئىچىدىن مېنى كۆرسىتىپ ۋارقىراپ: خالايىق! قاراڭلار ماۋۇنىڭ كۆزى يالغان كۆزكەن، ئەنە قاراڭلار ئېغىزىمۇ خەقنىڭ ئېغىزىكەن، دېۋىدى، پۈتۈن ئالامان ماڭا قاراپ چۇقان سېلىشىپ ئېتىلدى. ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي قاچتىم. قېچىۋاتىمەن، بىراق ماڭالمىغۇدەكمەن. بىر چاغدا قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئويغانسام چىلىق-چىلىق تەرنىڭ ئىچىدە ياتىمەن. قارا باسقان چېغى، ئورنىمدىن تۇرۇپ قارىسام ھېلىقى ئىككى

ھەمراھىم يېنىمدا ياتتى. بىر قانچە كۈنگىچە ھېلىقى چۈشۈم زادى ئېسىمدىن چىقار ئەمەس. ئاخىرى كۆرگەن چۈشۈمنى ھېلىقىلارغا دەپ سالمايمەنمۇ... قايسىسى دېگەن، ئېقتىماي-تېمتىماي ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلام باشلىقلىرى مېنىڭ چۈشۈمنى بىر قانچە كۈن قاتتىق ئويلىشىپ بىر نەتىجىگە كېلەلمەپتۇ، ئاخىرى يىغىن ئېچىپ مېنى ئېلىشىپ قالغان ئادەم قاتارىغا چىقىرىپ، دەرھال چىقىرىۋەتمىسەك بىزگە يۈك بولمىسۇن دېيىشىپتۇ. ئاندىن مېنى ئېلىپ كىرىپ: بۇندىن كېيىن شەخسىي دازىباۋ يېزىشىڭغا رۇخسەت يوق. ئىككىنچىلىكتىن قالايمىقان چۈش كۆرۈشۈڭگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ چىقىرىۋېتىشتى. ئۇلارنىڭ مېنى قوييۇۋەتكىنىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يۈرۈپ كېيىن ئۇقسام ھېلىقى كۆرگەن چۈشۈمنىڭ ئىلتىپاتىكەن ئەمەسمۇ... شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە ۋاقىت ئۆزۈمنىڭ ساق ياكى ساراڭلىقىمنى ئايرىيالماي ئۆزۈمنى-ئۆزۈم تىڭشاپ يۈردۈم. كېيىن ئۆزۈمگە-ئۆزۈم دېدىم: مەن ساراڭمۇ يا ئاشۇلار ئۆزلىرى ساراڭمۇ؟

* *

بىر كۈنى ئۆيگە كېتىۋاتسام داۋۇت دازىباۋ يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غەرق مەست ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىدىن قورقۇپ ئېرىقنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ تام ياقىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاق داكا ياغلىق ئارتىۋالغان مومايغا قاراپ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ساۋۇر مەزىنىما! سەللە چۇۋۇلۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ — دېدى.

مومايدىن زۇۋان چىقماي ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىرپەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— تونۇمايۋاتىدۇ ھە!؟ جاھاندا ئەللىك ياشقا كىرگۈچە ساۋۇر مەزىنىدەك ھەممە قالغۇلۇقنى قىلىۋېلىپ ئاندىن دەسمايە كەتمەيدىغان مەزىن بولۇۋالسىمۇ بولغۇدەك جۇمۇ!؟ — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مەن كېلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدىم.

— ھە، داۋۇتكا كېتىۋالامدۇق-قانداق؟

ئۇ ماڭمۇ كۆزىنى قىسىپ قاراپ بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— ھە، ئۇكا، يەر چىچىلاڭشىۋاتامدۇ نېمە؟ ھېچ ئورنىمدىن تۇرالمايمەنغۇ! ھەي... ي، ھەممىسى ئاشۇ ناكەس خوتۇننىڭ ئىشى... بىزنىڭ ساقا تاي بوشۇكىدىن شۇمىكىمنى ئېلىۋېلىپ چوڭ-ۇنىڭ ئىچىگە سېلىۋەتسە قارىمايلا چاي قاينىتىپتۇ ئەمەسمۇ... شۇ چايدىن كېيىن بىر قىسىملا يۈرۈۋاتىمەن. مانا قارا، يەرنىڭ بىر تەرىپى كۆتۈرۈلگىلى تۇردى... مۇشۇ دوختۇر دېگەنلەرنىڭ ئادەمنىڭ چىشىنى تارتقىچە مېڭىسىنى تارتىۋەتسىچۇ!؟ مانا كۆرۈڭ، ئەمدى يوتقانىنىڭ كىرلىكىنى ئىت ئەپقېچىپ كەتسىمۇ مەن گۇناھكارما؟ كىرلىك دېگەنگە خوتۇن مەسئۇل بولۇشى لازىمدۇ ئۇكا!؟

داۋۇتكام تا ئۆيىگە كەلگىچە ئالجوقا گەپلەرنى قىلىپ ماڭدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. تونۇگۈنكى ئىشى يادىغا يەتسە كېرەك سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي...ي، ھەممىسى ئاشۇ مەستلىكنىڭ ئىشى دېگىنە ئۇكا، ھاراقكەش دېگەن ھاراقنى ئىچىۋالسا خەقنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ ئۆيىدىن چىققان ئادەمنى كىم؟ دەپ ۋارقىرايدىغان خەق ئەمەسمۇ، ئۆتكەندە مەنمۇ غەرق مەست قورۇغا كىرىۋېلىپ، دەرۋازىنى كوچىغا قارىتىپ راسا قاققىلى تۇرۇپتىمەن. بىر چاغدا ئۆيىدىن خوتۇن چىقىپ كەينىمدىن كېلىۋاتسا ھۆركىرەپ: ھەي قانجۇق يېرىم كېچىدە تالادا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ دەپ ئۇرغىلى يۈگۈرۈپتىمەن. قارىسام ئۇنىڭ كەينىدىن بالىلىرىم كېلىۋاتىدۇ. ھەيران بولۇپ: مەن ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىمەن؟ دەپ سورىسام، كىچىك ئوغلۇم: «بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە» دېمەسمۇ...

داۋۇتكام ئۆزى سۆزلەپ ئۆزى كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي كەيپچىلىك... كەيپچىلىك دېگەندە بۈگۈن ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئەتىسى ئاخشام مەن قانداق كەتتىم؟ دەپ ئۆزىنى خەقلەردىن سورايدىغان گەپكەن ئەمەسمۇ... مۇشۇ خوتۇن خەقنى ھەر نېمە دېمەيمىز، دەردىمىزنى شۇلار كۆتۈرىدۇ جۇمۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ ھاراقكەشلەرنىڭ خوتۇنى، ئۇلار ھاراق ئىچمىگىنى بىلەن ئۇزۇن يىل ھاراقكەش ئەرلىرى بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئىچمىسىمۇ مەست يۈرىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئۆتكەندە بىزنىڭ خوتۇن: «سىز ھاراق ئىچسىڭىز ساراڭدىن يېڭى ئوڭشالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالىدىكەنسىز» دەيدۇ تېخى. ھەي...ي، ئۇكا، بولمىسا خوتۇن زاتى زېرەك بولار، بىزنىڭ مۇشۇ خوتۇنىدەك بولار. ياش ۋاقلىرىدا قارا، چۈشۈمگە بىرەر-يېرىم خوتۇن زاتى كىرىپ قالغىنىنى سېزىپ قالسا، ئەتىسى ئەتىگەندە چاي ئىچمەي بېرىپ ئاشۇ خوتۇننى تېپىپ چاچلىشىپ كېلىدىغان. ئاشۇ ھەدەڭ مانا ھازىر مەندەك بىر ھاراقكەش بىلەن 30 يىل ئۆي تۇتۇۋىدى، سامانچىنىڭ ئېشىكىدەك ئالدىنى قاياققا قارىتىپ قويساڭ، نەدە توختايمەن؟ دېمەي كېتىۋېرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى، مەن كۆرگەن چۈشنى ئەمەس ئۆزى كۆرگەن چۈشنىمۇ مەندىن سورايدۇ تېخى، شۇنىڭغىلا ھەيرانمەن... ھەي...ي، مۇشۇ دۇنيادا زادى مەن ساراڭمۇ — كىشىلەر ساراڭمۇ؟

داۋۇت دازباۋ ھەر دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئاشۇ سۆزنى تەكرارلىغاچ تىزلىرىنى ئېگىپ دەسسەپ كېتىپ قالدى.

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىللىق 4- سانىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر

ئىساك باشىۋىس سىنگەر (ئامېرىكا)

## تۇرخۇن تازىلىغۇچى ياش قارشۋاي

(ھېكايە)

جاراھەتلىنىش ئوخشاش بولمىۋەرمەي-
دۇ. يەنە كېلىپ باشنىڭ جاراھەتلىنىشى
ھەرگىز ئويۇنىشىدىغان ئىش ئەمەس. ھېچكىم
دېگەن تولىمۇ تاۋى نازۇك بىر نېمە، ئۇن-
داق بولمىسا، ئادەمنىڭ روھى جىگىرىدە
ياكى (قوپاللىقىمنى كەچۈرۈڭ) ئىچكى ئەزا-
لىرىنىڭ بىر يېرىدە بولماي، مېڭىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بولاتتىمۇ؟ ئادەمنىڭ كۆزى
ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىنى كۆرگىلى بولىدۇ،
شۇنداقلا كۆز روھنىڭ تاشقى دۇنيانى
كۆزىتىدىغان كۆزنىكى.

بىزنىڭ بازاردا بىر تۇرخۇن تازىلى-
غۇچى بار، ئىسمى ياش، لەقىمى قارشۋاي،
تۇرخۇن تازىلىغۇچىلارنىڭ قايسىبىرى قا-
را ئەمەس دەيسىز. ئۇلارنىڭ باشقا رەڭ-
لەردە بولۇشى مۇمكىنمىدى؟! مۇمكىن
ئەمەس. لېكىن ياشنى كۆرگەنلا ئادەم
ئۇنىڭ تۇغۇلغاندىلا قاپقارا ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلالايدۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاجايىپ
يىرىك، كۆمۈردەك قاپقارا، كۆز قارىچۇقى-
مۇ قارا، تېرىسىگە سىڭىپ كەتكەن قۇ-
رۇمنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىش ئەسلا مۇم-
كىن ئەمەس. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاق يې-
رى — چىشلىرى. ئۇنىڭ دادىسى ئىلگىرى
مۇشۇ بازاردا تۇرخۇن تازىلىغۇچى ئىدى،
ياش تەبىئىي ھالدا ئاتا كەسپىگە ۋارىس-
لىق قىلدى، ئۇ چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ
قالغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۆيلىنەلمىدى.
شۇڭا ئۇ ئانىسى ماشىيېزۋۋا بىلەن بىللە
تۇرىدۇ.

ئۇ بىزنىڭكىگە ئايدا بىر قېتىم كې-
لەتتى، ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، قەدىمىنى
ھەر بىر باسقىنىدا، پولدا ئۇنىڭ قاپ-
قارا ئاياغ ئىزى قالاتتى. ئانام-خۇدا-
يىم ئۇنىڭ ئىمانىنى پاك قىلغاي-دائىم
يۇگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى توسىۋېلىپ، ئالدىغا
ماتغىلى قويمايتتى. ياشنى بازاردىكىلە-
رى ياللىغان بولسىمۇ، ئۇ ئىشنى قىلىپ
بولغاندىن كېيىن، ئاياللار ئۇنىڭغا بىرەر
كۇدۇش تەڭگە ياكى بىرەر پارچە بولكى-
تۇتقۇزۇپ قوياتتى. بۇ ئادەتكە ئايلىنىپ
قالغانىدى. بالىلار ئۇنىڭدىن قورقاتتى. لې-
كىن ئۇ ھېچقاچان ھېچكىمگە چېقىلمايت-
تى. ئۇ تۇرخۇن تازىلاپ يۈرگەن مەزگىل-
دە، بىرەردىنىڭ تۇرخۇنىغا ئوت كېتىپ
باقمىدى، ھەر يەكشەنبە كۈنى جىمىكى
غەيرىي يەھۇدى دىنى مۇرىتلىرىغا ئوخ-
شاش ياشمۇ يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، ئانىسى
بىلەن بىللە چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت
قىلاتتى. لېكىن ئۇ يۇيۇنۇپ تارانغان
چاغلىرىدا، ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىنمۇ
بەكرەك قارىداپ كېتەتتى. ئېھتىمال ئۇ
مانا مۇشۇ ۋەجىدىن ئۆيلىنەلمەي يۈر-
گەن بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بىر يەكشەنبە كۈنى — ماڭا بۇ ئىش
خۇددى تېخى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەكلا
تۇيۇلىدۇ — ئابىكەش پوتىبىر بىزگە ياش
تېفوپى بىروشنىڭ ئۆگزىسىدىن يىقىلىپ
چۈشتى، دەپ خەۋەر قىلدى. تېفوپىپ
بىروش بازىرىمىزنىڭ سودا قايناپدىغان تە-
رىپىدە ئىككى قەۋەتلىك كىچىككىنە بىنا-
دا ئولتۇراتتى. بىز ھەممىمىز ياشنىڭ
جاراھەتلەنگەنلىكىدىن ئەپسۇسلاندۇق. ياش
ئۆگزىلەرگە خۇددى مۈشۈكتەك چاققان-
لىق بىلەن چىقاتتى. شۇنداق دېگەنبى-
لەنمۇ پالاكەتچىلىك بىر ئادەمنىڭ پېشانى-
سىگە پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قېچىپمۇ
قۇتۇلالمايدىكەن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ پۈ-
تۈن بازاردىكى ئەڭ ئېگىز ئۆينىڭ ئۆگزى-
سىدىن يىقىلىپ چۈشكىنىنى قارىمامسىز.
پوتىبىرنىڭ دېيىشىچە، ياشنىڭ ھېلىمۇ ياخ-
شى پۇت - قولى سۇنماپتۇ، بىشى جارا-
ھەتلىنىپتۇ. ئۇنى ئادەملەر بازارنىڭ چې-
تىدىكى ئورمانغا يېقىن جايدىكى قىڭغىر-
قىيسىق كەپىسىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر مەز-
گىلگىچە ياش توغرىلىق ھېچكىم ھېچقانداق
يېڭى خەۋەر ئاڭلاپ باقمىدى. ئادەتتىكى
بىر نۇرخۇن تازىلىغۇچىنىڭ تەقدىرىگە كىشى-
لەر قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدۇ، دەيسىز.
ئۇ ئەمدى ئىش قىلالمىسا، بازاردىكىلەر
ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى ياللىۋېرىدۇ - دە.

بىر كۈنى پوتىبىر ئەپكەشتە ئىككى چې-
لەك سۇ كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى ۋە ئاناغا:

— فېيىگو بىرونى، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟
نۇرخۇن تازىلىغۇچى ياش ئادەمنىڭ كۆڭلى-
دىكى ئىشنى بىلىۋالدىغان بولۇپ كېتىپ-
تۇ، — دېدى. ئانام قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ،
يەرگە تۈكۈرۈۋەتتى ۋە:

— بۇ زادى قانداق چاقچاق؟ —
دەپ سورىدى.

— بۇ ھەرگىز چاقچاق ئەمەس،
ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى كىچىككىنە
كارىۋىتىدا ياتىدىكەن، بېشى تېڭىقلىقكەن،
لېكىن ئەتىدىن كەچكىچە خەقلەرنىڭ سىرىنى
دەپ ياتىدىكەن، — دېدى پوتىبىر.

— ساڭا نېمە بولدى. ساراڭ بو-
لۇپ قالدىڭمۇ - نېمە؟ — دېدى ئانام ئۇنى
ئەيىبلەپ. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي،
مۇشۇ ئىش توغرىلىق بازاردا گەپ كۆپى-
يىپ كەتتى. كىشىلەر ياش يىقىلىپ چۈ-
شۈپ بېشى جاراھەتلەنگەندىن كېيىن،
مېڭىسىنىڭ قانداقتۇر بىر ۋېنتىسى بو-
شاپ كېتىپ، ئاقىۋەت ھۆكۈما بولۇپ
قاپتۇ، دېيىشەتتى.

بازىرىمىزدا نوھىم مىخايلىس
ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. شۇ
كىشى ياشنى ئالدىن بىلگۈچى ۋە ئالدىن
سەزگۈچى بولۇپ كەتتى، دېدى. لېكىن
مۇنداق ئادەمنى كىم كۆرۈپتۇ. ئەگەر بې-
شى جاراھەتلىنىش بىلەنلا ھۆكۈما بولۇپ
كېتىدىغان ئىش بولسا، بازىرىمىزنىڭ ھۆ-
كۈمالىرى نەچچە يۈزگە، ھەتتا نەچچە
مىڭغا يەتمەسمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆز كېيى-
مىزگە كېلەيلى، كىشىلەر راستىنلا ياشنىڭ
قېشىغا بېرىپ، بەزى ئىشلارنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆردى: بىر ئادەم يانچۇ-
قىدىن بىر تۇتام تەڭگىنى ئېلىپ:
«ياش، قولۇمدا نېمە بار؟» — دەپ
سورىۋىدى، ياش تۆت گىروشلۇق تەڭگىدىن
نەچچىسى، ئالتە گىروشلۇق تەڭگىدىن نەچ-
چىسى، كوپېيكتىن نەچچىسى بارلىقىنى
دەپ بەردى. ھېلىقى ئادەم تەڭگىلەرنى
ساناپ بېقىۋىدى، ھەممىسى توغرا چىقتى.
يەنە بىر ئادەم: «ئۆتكەن ھەپتە دەل مۇشۇ

چاغدا لوپىلىندا نېمە قىلدىم؟» — دەپ سورىۋىدى، ياش ئۇنىڭغا:

— ئىككى ئادەم بىلەن بىللە مەيخانىغا كىرىپ مەي ئىچتىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەكلا بايان قىلىپ بەردى.

بازارنىڭ دوختۇرى بىلەن كاتىپباشلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ-تېنەپ يېتىپ كېلىشتى. ماشىزوۋانىڭ كەپىسى تولىمۇ تار، تورۇسىمۇ پاكار بولغاچقا، مېھمانلارنىڭ قالپاقلىرى تورۇسقا تاقىشىپ قالدى. ئۇلار ياشتىن سوئال سوراپ بېقىۋىدى، ياش ئۇلارغا بىرمۇبىر جاۋاب بەردى. باستېرمۇ ھولۇقۇشقا باشلىدى، چۈنكى دېھقانلار ياشنى ئەۋلىياكەن دېيىشكە باشلىغانىدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇنى چوقۇنىدىغان مەبۇد قىلىۋېلىپ، ئۇيەر-بۇيەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈشىمۇ مۇمكىن. ھېلىمۇ ياخشى دوختۇر ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا تېخى رۇخسەت قىلمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەكشەنبىدىن باشقا كۈنلەردە ياشنىڭ چېركاۋغا بارغىنىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى.

شۇنداق، ئۇ كارىۋاتتا ياتقىنى بىلەن نورمال ئادەملەرگە ئوخشاشلا پاراڭ قىلىۋېرەتتى، يەيتتى، ئىچەتتى ۋە ئانىسى بېقىۋاتقان ئىت بىلەن ئوينايتتى. لېكىن ئۇ كىمنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدا نېمە بار، شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىدا نېمە بار، كىم پۇلنى نەگە تىقىپ قويىدۇ، كىم ئالدىنقى كۈنى ھاراققا قانچە پۇل خەجلىدى ۋە ھاكازالارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى.

ئۇنىڭ ئاپىسى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ قارا چۈمۈلىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ھەربىر ئادەمدىن بىر كۆپچىلىكتىن كۆرۈنۈش ھەققى ئېلىپ، چۈشكەن پۇلنى ئۆز قولىدا تۇتتى. دوختۇر لوپىلىنغا بىر پارچە خەت يېزىۋەتتى. بازار باشلىقىمۇ بىر (نېمە دەيتتى؟ ھە، راست) دوكلات يازدى. زامۇشىچ بىلەن لوپىلىننىڭ كاتىپلىرى كەلمەكچى بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆلكە باشلىقى جانابلىرىمۇ بىر ياردەمچىسىنى ئەۋەتىپتۇدەك. بۇنىڭ بىلەن بازار باشلىقى ئالدىراپ قېلىپ، چوڭ-كىچىك كوچىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا بۇيرۇق بەردى. بازار بىرەر تال ئوت-خەسنىمۇ تاپقىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە پاكىز تازىلاندى. بازاردىكى خىزمەت بىناسى دەرھال ئاقارتىلدى. مۇشۇنچىۋالا ئالدىراشچىلىق زادى كىم ئۈچۈن ئىدى؟ يەنىلا تۇرخۇن تازىلىغۇچى ياش ئۈچۈن ئىدى. كېتىل مېھمانخانىسىنىڭ خوجايىنىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. مۇنداق نۇرغۇن مۆھتەرەم ئادەملەرنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بارلىق خادىم ياشنى يوقلاپ ئۇنىڭ ۋەيرانە كەپىسىگە كەلدى. ئۇلار ياشتىن سوئال سوراپ بېقىۋىدى، ياشنىڭ جاۋابى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى. بۇ ئادەملەرنىمۇ گۇناھ قىلار، دەپ كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرگەن دەڭە! ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارا يېگەنىكەن، ياش ئۇلارغا شۇنداق دېدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بىر تۇرخۇن تازىلىغۇچى نېمە بىلەتتى دەڭە! ئەڭ داڭلىق بىر مېھمان — ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان — ياشنى «روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بوپتۇ، ئۇنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولاپ قويۇش كېرەك»

دېدى. لېكىن بىزنىڭ دوختۇرىمىز «كېسەل ھازىر ئىشىكتىن تالاغا چىقسا بولمايدۇ، بولمىسا، جېنىدىن جۇدا بولىدۇ» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دوختۇر بىلەن ئۆلكە باشلىقى جانابلىرىنىڭ ياردەمچىسى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تاكاللىشىپ، مۇشتلىشىپ كەتكىلى قىل-قىل قاپتۇدەك. لېكىن بىزنىڭ دوختۇرىمىز نېمە دېگەنبىلەن بىر ئەمەلدار، ناھىيەنىڭ دوختۇرى، ئەسكەر ئېلىش ئىدارىسىنىڭ ئەزاسى-دە. ھېچكىمگە يۈز خاتىرە قىلمايدىغان، ھېچكىمگە يان باسمايدىغان بۇ ئادەم ياشنىڭ ئالدىن كۆرەلىكتىن قىلچە قورقمايدىكەن. نېمىلا بولسۇن ئىشقىلىپ دوختۇر يېڭىپ چىقىپتۇ. لېكىن ھېلىقى ياردەمچى كېيىنچە يازغان دوكلاتىدا ياشنى ئوخشاشلا «سـ...راك» دەپ ئاتاپتۇ. ئۇ دوختۇرغا بىر يامانلىق قىلدى بولغاي، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا دوختۇر باشقا بىر رايونغا يۆتكىلىپ كەتتى.

مانا شۇ كۈنلەردە، بېشىنىڭ جاراھىتى ساقايغان ياش يەنە ئۆزىنىڭ كونا ئىشىغا — تۇرخۇن تازىلاشقا چۈشتى. لېكىن ئۇنىڭ ھېلىقى ئاجايىپ ئىقتىدارى ساقلىنىپ قالدى. ئۇ بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە ئىش ھەققى ئالغىلى كىرسە، خوتۇنلار ئۇنىڭدىن: «ياش، ئەنە ئاۋۇنىڭ ئىچىدە، ئەنە، ئاۋۇ سول تەرەپتىكى تارتمىنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟» — دەپ، يا بولمىسا: «قولۇمدىكى نېمە؟» دەپ؛ يا بولمىسا: «تۈنۈگۈن نېمە يېدىم؟» دەپ سوراپ قوياتتى. ياش ھەممىسىگە بىرمۇبىر توغرا جاۋاب بېرەتتى. ئۇلار يەنە: «ياش، بۇ ئىشلارنى قانداق بىلىۋالىسەن؟» دەپ سورايتتى. ياش مۈرىسىنى قىسىپ: «بىلمەيمەنغۇ-تاڭ، يىقىلىپ مېڭەم جاراھەتلەنگەندە شۇنداق بولۇپ قالغان چېغى» دەپ جاۋاب بېرەتتى-دە، چېكىسىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. ئەسلىدە ئۇنى چوڭ شەھەرگە ئاپىرىشقان بولسا، كىشىلەر چوقۇم بىلەت ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەتتى، لېكىن بۇنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرىدۇ دەڭە؟

بازىرىمىزدا ئەخمەق ئوغرىدىن بىر نەچچىسى بار ئىدى، ئۇلار خەقلەرنىڭ ئۆگزىسىگە يېيىپ قويغان كىيىم-كېچەكلىرىنى ئوغرىلىشاتتى، قولغا ئىلىنغۇدەك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلاۋېرەتتى. مانا ئەمدى ئۇلار ئوغرىلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. نەرسە-كېرەكلىرى يىتكەنلەر ياشنى ئىزدەپ كېلىشەتتى، ياش ئوغرىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئوغرىلانغان نەرسىلەرنى تىقىپ قويغان يەرلىرىنى ئېنىق دەپ بېرەتتى. ياشنىڭ ئىشلىرىنى يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىكىلەرمۇ ئاڭلاپ كېتىشتى. بىرەرسىنىڭ ئېتى يىتىپ كەتسە دەرھاللا ياشنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئېتىنىڭ نەدىلىكىنى سورايتتى. شۇنداق قىلىپ ئوغرىلاردىن بىرنەچچىسى تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئوغرىلار ياش بىلەن ئۆچلىشىپ، ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئۇنى ئۆجۈقتۇرۇۋېتىمىز دەپمۇ يۈردى. لېكىن ئۇلار بىرەر سۇيىقەستنى پىلانلىغان ھامان، ياش ئۇنى ئالدىن بىلىۋالاتتى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇلار ياشنى تازا بىر دۇمبالىماقچى بولۇپ ئىزدەپ كېلىشكەنىدى. لېكىن ياش ئۇلار كەلگىچە ئامبارغا مۆكۈۋالدى. ئۇلار ياشقا تاش ئېتىشتى، لېكىن تاش يېتىپ كەلگىچە، ياش قاياقتىن دالدىلىنىشنى ياكى ئېگىشىپ ئولتۇرۇۋېلىشنى ئالدىن بىلىۋالاتتى.

كىشىلەر نەرسە - كېرەكلىرىنى-پۇل-
لىرىنى، زىبۇ-زىننەتلىرىنى بىرەر جايغا
قويۇپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالسا، ياش ھەتتا
ئۇيلىنىپمۇ ئولتۇرماي توپمۇ توغرا دەپ
بېرەتتى. بىرەرسىنىڭ بالىسى يىتىپ كەت-
سە، بالىنىڭ ئانىسى ياشنى ئىزدەپ كېلەت-
تى، ياش ئۇنىڭغا بالىسىنى تېپىشىپ بې-
رەتتى. ئوغرىلار بالىلارنى ياش ئۆزى ئال-
داپ ئېلىپ قاچقان كەپ، دەپمۇ باقتى،
لېكىن ئۇلارنىڭ كېپىگە ھېچكىم ئىشەنمە-
دى. ياش كىشىلەرگە شۇنداق ياردەم قىل-
غىنى بىلەن، ئۇلاردىن زادىلا پۇل ئالمايتتى،
لېكىن پۇلنى ئۇنىڭ ئانىسى ئالاتتى. ياش ئۆ-
زى گومۇش بىر نېمە بولغاچقا، پۇلنىڭ قىممىتىنى
ھېچقاچان ھەققىي چۈشىنىپ باققان ئەمەس.

بازىرىمىزدا چوڭ شەھەردىن كەلگەن
لېبو ئېزىل ئىسىملىك بىر يەھۇدى مىس-
سىئونېر بار ئىدى. بوسۇغا ئاتلاش باي-
رىمىنىڭ① ئالدىدىكى شاببات كۈنى② ئۇ
چېركاۋدا ۋەز ئېيتتى. نېمە توغرىلىق
دېمەمسىز؟ ئۇ تۇرخۇن تازىلىغۇچى ياش
توغرىلىق مۇنداق دېدى: «غەيرىي
دىندىكىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ
ھۆكۈمالىقىنى ئىنكار قىلىشىدۇ، ئۇلار
ھەممە ئىش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى
كېرەك، دېيىشىدۇ. راستتىنلا شۇنداق بول-
سا، ئۇنداقتا تۇرخۇن تازىلىغۇچى ياش
بولكىچىنىڭ خوتۇنى ئېتەي چايىنىڭ توي-
لىۇق ئۆزۈكىنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن-
لىكىنى قانداق بىلىۋالدى؟ دېمەك، ياش-
تەك مۇشۇنداق بىر تۇرخۇن تازىلىغۇچى
سىرلىق ئىشلارنى بىلەلىگەنىكەن، ئۇ
ھالدا پەيغەمبەرلىك قۇدرىتىگە شەك كەل-
تۈرگىلى بولامدۇ؟» بازىرىمىزدا ئەۋلىيا-
ئەنبىيا، جىن - شاياتۇنلارغا ئىشەنمەيدى-
غانلاردىن بىرنەچچىسى بار ئىدى. بۇ سو-
ئالغا ھەتتا شۇلارمۇ جاۋاب بېرەلمىدى.

ياشنىڭ ئىشلىرى ۋارشاۋاغا ۋە باشقا
جايلارغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى
گېزىتلەرگە بېسىلدى. ۋارشاۋا بىر تەك-
شۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتتى. بازار باشلىقى
يەنە دەرھال ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇغىلى ئادەم
تەيىنلەپ، ھەممە ئائىلىنىڭ تازىلىق قىلى-
شىنى بۇيرۇدى. بازار يەنە پاك - پاكىز
تازىلاندى. سۇكوس بايرىمى③ ئۆتۈشكە
يامغۇر پەسلى باشلاندى. بازىرىمىزدا
چېركاۋنىڭ ئالدىدىكى بىرلا يولغا تاش
ياتقۇزۇلغانىدى. شۇڭا ۋارشاۋادىن كېلى-
دىغان جانابلارنىڭ پاتقاق كېچىپ يۈرمەس-
لىكى ئۈچۈن، چوڭ - كىچىك كوچىلارغا
تاختاي، ياغاچ ياتقۇزۇپ چىقىشقا توغرا
كەلدى. مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى كېتىل
ياغاچ كارىۋاتلار بىلەن يوتقان - كۆرپە-
لەرنى تەييارلاپ قويدى. پۈتۈن بازار
قايناپ كەتتى. پەقەت ياشلا بۇ ئىشلارنى
پىسەنتكە ئالماي، ئىلگىرىكىدەكلا ھەر بىر
ئۆيگە بېرىپ تۇرخۇنلارنى تازىلاپ يۈرۈ-
ۋەردى. ئۇ ۋارشاۋادىن كېلىدىغان كاتتا
ئەمەلدارلاردىنمۇ قورقۇپ كەتمىدى، ئۇنىڭ
قانچىلىك ئەخمەقلىقىنى مانا شۇنىڭدىنمۇ
بىلگىلى بولىدۇ.

ئەمدى كېيىنكى ئىشلارغا كېلەيلى،
تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىشتىن بىر كۈن

---

①يەھۇدىلارنىڭ ئۈچ چوڭ دىنىي بايرىمىنىڭ بىرى، ئۇ ھەر يىلى يەھۇدىلارنىڭ دىنىي كالېندارى بو-
يىچە نىسان ئېيىنىڭ (مىلادىي بويىچە 3 - ، 4 - ئايلارنىڭ ئارىلىقىدا) 14 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ — ت.

②دەم ئېلىش كۈنى — ت.

③يەھۇدىلارنىڭ دىنىي بايرىمى — ت.

www.uyghurkitap.com



بۇرۇن قار يېغىپ، بىردىنلا قىراۋ چۈشۈپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە كىشىلەر بولكىچى كامىنىڭ تۇرخۇنىدىن ئۇچقۇن چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى، ئارقىدىنلا يالقۇن چىقىشقا باشلىدى. كام ئوت كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۇرخۇن تازىلىغۇچى ياشنى چاقىرىپ كەلدى. ياش سۇپۇرگىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، تۇرخۇننى پاك - پاكىز تازىلىدى. بولكىچىنىڭ ئوچىقىدا ھەر قېتىمدا بىرنەچچە سائەت ئوت كۆيگەچكە، تۇرخۇندا يىغىلىپ قالغان قۇرۇم خېلى جىق ئىدى. ياش پەسكە چۈشۈپ كېلىۋاتقاندا پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، يەنە يىقىلىپ چۈشتى. بۇ قېتىمدىمۇ ئۇنىڭ بېشى جاراھەتلەندى. لېكىن ئىلگىرىكىدەك ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى، ھەتتا قانمۇ چىقمىدى، ئۇ ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىگە يېنىپ كەتتى.

قەدىردان دوستلار، ئەتىسى تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىپ، ياشتىن سوئال سوراشقا باشلىۋىدى، ئۇ ھېچنېمە دەپ بېرەلمىدى. بىرىنچى قېتىم جاراھەتلەنگىنىدە ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ بىرەر پىكىر يولى ئېچىلىپ كېتىپ، ئىككىنچى قېتىم جاراھەتلەنگىنىدە ئۇ يەنە ئېتىلىپ قالغان بولسا كېرەك. جانابلار ئۆمەكتىن: «بىزنىڭ قانچىلىك پۇلىمىز بار، بىز تۈنۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلدۇق، ئالدىنقى ھەپتىدە نېمە يېدۇق» دېگەندەك سوئاللارنى سورىۋىدى، ياش قۇرۇقتىن - قۇرۇق ھىجىيىپ: «بىلمەيدىكەنمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

قەھرى - غەزىپى قايناپ تاشقان ئەمەلدار جانابلار ساقچى باشلىقى بىلەن يېڭى كەلگەن دوختۇرنى تازا تىللىدى. «نېمىشقا بىر چالا ساراڭنى، ئادەتتىكى بىر تۇرخۇن تازىلىغۇچىنى، بىر سەھرالىقنى دەپ، بىزنى ئالدايسىلەر، نېمىشقا بىزنى شۇنچە ئۇزۇن يول ماڭدۇرىسىلەر؟!» دەپ ئەيىبلىدى.

ساقچى باشلىقى بىلەن باشقىلار «ياش بىر - ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ھەممىنى بىلەتتى» دەپ قەسەم ئىچىشتى، لېكىن ئەزىز مېھمانلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى. كېيىن كىمدۇر بىرى ئۇلارغا: «ياش ئۆگزىدىن يەنە بىر قېتىم يىقىلىپ چۈشۈپ، يەنە بېشى جاراھەتلەندى» دېدى. لېكىن ئۇلارنىڭ مىجەزىنى بىلمەمتىڭىز؟ ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىگىلا ئىشىنىدۇ. ساقچى باشلىقى ياشنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ ھېلىقى ۋېنتىسى يەنە بوشاپ قالارمىكىن دەپ، مۇشتۇمى بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرنەچچىنى سالدى. لېكىن ياشنىڭ كاللىسىدىكى ھېلىقى پىكىر يولى شۇ ئېتىلگەنچە ئىككىنچى ئېچىلمىدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى ۋارشاۋاغا قايتىپ، تارقالغان گەپلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى. ياشچۇ، ئۇ يەنە تۇرخۇننى تازىلاپ يۈرۈۋەردى. ئۇ بىر - ئىككى يىلغىچە شۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ، كېيىن بازىرىمىزدا ۋابا تارقالغاندا ئۆلۈپ كەتتى.

ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئۇششاق ئىشىكلەر بولىدۇ. بەزىدە باشنىڭ جاراھەتلىنىشى تەگپۈگلۈكىنى بۇزۇۋېتىدۇ. لېكىن يەنىلا ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى روھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر روھ بولمىسا، باشنىڭ پۇتقا قارىغاندا ئەقىللىقراق بولۇشى ناتايىن.

(«چەت ئەل ھېكايىلىرىدىن زوق ئېلىش لۇغىتى» دىن ئېلىندى)

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇھېلىم سەيدۇل

# قوش جىنازا

(ھېكايە)

يىلدا بىر كېلىدىغان قۇربان ھېيت بۇ يىل بۇ چەت يېزىدا تولىمۇ سۈرلۈك باشلاندى...

جامائەت ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ مەسچىتتىن چىقىشىغا چاڭ توزۇتۇپ كەلگەن بىر دوختۇر ماشىنىسى ئۇدۇل مەسچىت ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كۆپچىلىك دەككە-دۈككە ئىچىدە ماشىنىغا قاراشتى. تۈنۈگۈن مەھەللىگە نەچچە رەت كېلىپ-كەتكەن ئوتتۇرا ياشلىق، بەستلىك كەلگەن بىر ساقچى ماشىنىدىن چۈشۈپ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ھۆججەت سومكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى-دە، كۆپچىلىككە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن قاسىمئاخۇن ۋە تۇرسۇن مەزىن ئائىلىسىدىكىلەردىن بولۇپ 10 نەچچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ، ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ نېمىلەرنىدۇ ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە قاراپ سۆز باشلىدى:

— جامائەت، مەھەللىدە يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى بولسا كېرەك. بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرى شەخسىي ئاداۋەتنى قانۇن بويىچە ھەل قىلماي، دەۋانى ئۆزلىرى سۈرۈشتۈرۈشۋالماقچى بولۇپ، ئىنتايىن قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق قىلمىشلار قانۇنغا خىلاپ بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەتكىمۇ چوڭ تەھدىت!... ئۇ جېدەلنىڭ نەتىجىسى ھاشىر بىلەن قۇدرەتنىڭ ياش ھاياتىغا زامىن بولدى. ئۇلار ئېغىر يارىلانغاچقا قۇتقۇزۇشقا ئامال بولمىدى...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە-تۈگمەيلا ئەتراپنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە يىغا ئاۋازلىرى قاپلىدى. كىملەردۇ ۋارقىراپ، بىر-بىرىگە ئېتىلاتتى. كىملەردۇ دوختۇر ماشىنىسى تەرەپكە ئۆزىنى ئاتاتتى. ئاخىرى ساقچىلارنىڭ ۋە يېزا كادىرلىرىنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بۇ پاتپاراقچىلىق بىرئاز پەسكويغا چۈشتى.

— بولدى! بولدى قىلىڭلار يولداشلار! ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار! — ساقچى قاتتىق ۋارقىرىدى. كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى

ئۇ تەرەپكە بۇرۇلدى، ــ بولار ئىش بولدى. بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ئاچچىق ساۋاق. بەزىلەرنىڭ رەزىل مەقسەتلىرىگە قانۇن ئەمدى يول قويمايدۇ. بۇ ئەنزىنى قانۇن ئادىل ھەل قىلىدۇ، سىلەر قانۇنغا ئىشىنىڭلار، ھۆكۈمەتكە ئىشىنىڭلار...!

ساقچىنىڭ قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى كىشىلەرنى خېلىلا قايىل قىلدى بولغاي، ئاۋۋالقى كەيپىيات بىرئاز بېسىقىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېغىر خورسىنىشلار، بەزى ياشانغان كىشىلەرنىڭ «خۇدا» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇپ، نېمىلەرنىدۇ ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشلىرى، يەنە بەزىلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان بالىلىرىغا ئاللىقانداق نەرسىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ سۆزلەشلىرى ئىگىلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مېيىتلار ئۆز ئۆيلىرىگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇزىتىش تەييارلىقى جىددىي ئىشلىنىشكە باشلىدى. ھەر ئىككىلا ئائىلە مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى پەقەت بىر باغلا ئايرىپ تۇراتتى. ئىككى ئۆيدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان يىغا ئاۋازلىرى پۈتۈن يېزا ئاسمىنىدا ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ۋەھىمىلىك شاۋقۇن پەيدا قىلغانىدى.

پېشىن بىلەن بىر توپ كىشىلەر ئۇستىگە ئاق يوپۇق يېپىلغان ئىككى جىنازىنى كۆتۈرۈپ، مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالدى. سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقىنى ھاشىرنىڭ، ئوتتۇرىدىراق كېتىۋاتقىنى قۇدرەتنىڭ تاۋۇتى بولۇپ، جامائەت ئارىسىدا ساقچى ۋە يېزا كادىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئالاھىدە بىر سەپمۇ بار ئىدى. ئاق باغلىغان ھازىدارلار گاھ جىنازىغا، گاھ ئۆزىنى يۆلەپ كېتىۋاتقانلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ نالە قىلاتتى...

* *

تۇرسۇن مەزىن يېزىدىكى سوپىلار جەمەتىدىن بولغان ئېتىقادمەن ئادەم ئىدى. ئۇ گەپدان، ئېتىكلىكى ۋە پاكار بويىغا باقماي چىقىرىدىغان بوم ئاۋازى بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنلىكىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزى بولۇپ، ئوغۇللار دادىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئاران باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئائىلىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوشنىسى قاسىم بوۋاي باشقا بىر دۇنيا ئىدى. بەستلىك كەلگەن بۇ كىشى گەرچە تۇرسۇن مەزىندەك «تەقۋادار» كىشىلەردىن بولمىسىمۇ، مۇلايىم، كىچىك پېئىل، ياۋاش مىجەزى بىلەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەم ئىدى.

مۇندىن يەتتە يىل بۇرۇن قاسىم بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى قۇدرەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تولىمۇ خۇشال قىلدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە، قۇدرەت مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئۇرۇمچىدە قېپقالدى. قاسىم بوۋاي ئائىلىسىدىكىلەر بۇنىڭغا سەل نارازى بولدى. چۈنكى ئۇلار ئوغلىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپ ئىشلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار تېخى قۇدرەتكە ئاتاپ، ئايرىم ھويلىلىق ئۆيمۇ سېلىپ قويغانىدى. ئەپسۇسكى ئىشلار ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدەك بولمىدى.

* *

قۇدرەت بۇنىدىن بىر يىل ئىلگىرى دەم ئېلىش بىلەن يۇرتىغا كەلگەنىدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئۆي - ئۆيلەردە ئولتۇرۇشلار قىزىپ كەتتى، ئاغىنىلىرى ئۇنى كۈندە دېگۈدەك مېھمانغا چاقىرىشاتتى.

بىر كۈنى ئۇ قوشنا مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر تويدىن تاڭغا يېقىن شىركەيىپ هالدا قايتىپ كەلدى. ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇق. تولۇن ئاي گويا گۈللەر ئارىسىدىن مارىلاپ شەرەت قىلىۋاتقان خۇش چاقچاق قىزلاردەك ئەركىلەيتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتنى سىڭايان يېتىلىگىنىچە ئېسىگە كەلگەن ناخشىلارنى ئېگىز - پەس تۇۋلاپ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدىلا هويلا ئىشىكىنى ئېچىشىغا بۇنىڭ يېنىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر سايە پەيدا بولدى. قۇدرەت سەل چۆچۈپ بۇرۇلۇپ قارىغانىدى، نېرىراقتا بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ، كۈلۈمسىرىگەن هالدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر قىزنى كۆردى.

— هوي، خا - خامۇشقۇ بۇ، — دېدى قۇدرەت بۇ قىزنىڭ بۇ يەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ، — بۇ... بۇيەردە... نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— كەلسەم بولمامدىكەن؟ چوڭ شەهەرلەردە تۇرۇپ ئېسىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قاپسىزدە، مەنچۇ خامۇش ئەمەس، ئاي خامۇش جۇمۇ...

— هە... كەچۈرۈڭ ئاي... ئاي خامۇش، ئا... ئاسماندىكى ئاي مەن دەڭ. راست... راست...

قۇدرەت مەستلىكتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى خامۇشنىڭ ئاي يورۇقىدا كۆ-لۈپ تۇرغان تۇرقىغا تىكىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ۋېلىسىپىتنى تاشلاپ خامۇشنىڭ قېشىغا كەلدى. خامۇشنىڭ «بىئەدەپ... هاراقكەش... ئەسكى...» دەپ يېنىك تولغىنىشلىرى، قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتۋەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە چاپلاشقان هالدا ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

ئاي خامۇش تۇرسۇن مەزىننىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، كىچىكىدە تولىمۇ ئەقىللىق قىز ئىدى. ئۇ كىچىككىنە تۇرۇپلا دادىسىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن قۇرئان ساۋاتلىق بولدى. بۇ هال تۇرسۇن مەزىننى تولىمۇ خۇشال قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئوقۇش يېشىغا توشۇپ، مەكتەپكە بارىدىغان چاغدا تۇرسۇن مەزىننىڭ خۇشاللىقى خاپىلىققا ئالماشتى.

— قانداق شەيتان ئازدۇردىكىن تاڭ بۇ بالىنى، — دەيتتى ئۇ چېچىلىپ، — ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كۈندە ئوقۇيمەن، ئوقۇيمەنلا دېگەن، دۇنيادا مۇشۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئوقۇش بولامدۇ؟

— بىزاق دادىسى، تەڭتۇشلىرى كۈندە مەكتەپكە بېرىۋاتقاندىكىن ئۇمۇ قىزىقىپ قالغان چېغى، — ئانا قىزىنىڭ تەرىپىنى ئالدى.

— قىز بالىغا ئوقۇشنى كىم قويۇپتۇ؟ ماڭ، چاقىر ئۇنى!

ئاي خامۇش قولتۇقىغا بىر «ئېلىپبە» نى قىستۇرغان هالدا دادىسىنىڭ ئالدىغا كىردى.

— نېمە بۇ؟ — تۇرسۇن مەزىن قىزىنىڭ قولتۇقىدىكى كىتابنى تارتىۋالدى - دە، ئىتتىك ۋاراقلاپ كۆرۈپ يەرگە پاقىدە ئېتىۋەتتى.

— ھۇ مەلئۇن، نېمە بۇ رەسىملىك نەرسىنى كۆرۈپ يۈرىسەن؟ بىلەمسەن، بۇ نەرسىلەر سەندىن ئۆلگەندە جان تەلەپ قىلىدۇ، جان...! — ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي ئايخامۇشنى ئۇرۇپ كەتتى.

ئەزەلدىن دادىسىنىڭ ئالدىدا يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئادەتلەنگەن ئايخامۇش ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدە ئاران دېگەندە تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇ تەرىقىدە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئايخامۇش ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۈندە سۈرە يادلاشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ يادقا ئالغان سۈرىلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن زادى نېمە مەنىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى، ئۇقمىغاچقىمىكىن، ياكى باشقا دوستلىرىنىڭ قىزىقارلىق نەرسىلەرنى ئوقۇشۇپ يۈرگەنلىرى ئۇنى قىزىقتۇردىمىكىن، ھەپتىيەك ئوقۇشتىن بارا-بارا رايى ياندى، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تەلىيىگە باشقا يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر تۇغقىنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېپقالدى ۋە ئايخامۇشنىڭ ئوقۇشسىز قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى. بۇ كىشىنى تۇرسۇن مەزىنمۇ خېلىلا ھۆرمەت قىلاتتى. ئايخامۇش بۇ تۇغقىنىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىراق مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئۆيدە يەنە ھەپتىيەكنى ئوقۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇندىن باشقا يەنە ئانىسى بىلەن قاق سەھەردە بىللە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشىمۇ ئۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىدى. تۇرسۇن مەزىن بۇنىڭغىمۇ رازى ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئايخامۇش شۇ يېشىدا بەش ۋاق نامازنى قالدۇرماي ئوقۇشى كېرەك ئىدى. ئايخامۇش دەرستە ساۋاقداشلىرىغا ئاران-ئاران يېتىشىپ ماڭاتتى. ئۇ بىر نېمىلەر قىلىپ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئەمدى ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ يىراق جايلارغا كېتىشنى، ئاكا-ئۇكىلىرىدەك دادىسىغا بەخشەندە بولۇپ، بۇ سەھرادا توپا-چاڭغا مىلىنىپ يۈرۈشتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئەپسۇس، ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي يەنە ئاشۇ ئائىلىگە قايتىپ كەلدى. «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن» دېگەندەك تۇرسۇن مەزىن ئۇنى ياتلىق قىلىشقا ئالدىراپ:

— يېشى ئۆتۈپ كەتتى، قىز بالا دېگەن بۇ چاققىچە يۈرسە گۇناھ بولىدۇ، — دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولدى.

ئايخامۇش تەقدىرىنىڭ بۇ زەربىسىدىن گاڭگىراپلا قالدى. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئويناپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايدىغان بولدى. ئۇ ھەسرەتنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىرنەچچە ئايغىچە تالا-تۈزگىمۇ چىقمىدى.

ئاي خامۇش گەرچە تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بىرەرىگە ئىچ-پەش تارتىپ يۈرمىگەن بولسىمۇ ھەرھالدا تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئۆزى تاللاپ سۆيگەن بىرەر يىگىت بىلەن تۇرمۇشلۇق بولسا بەختىنى تاپاتتى. شۇنداقلا ئۇ بەختىنىمۇ دادىسىنىڭ كۆزىدىن يىراق-يىراق، ئامال بولسا شەھەردىن ئىزدەشكە ئىنتىلەتتى. بىراق بۇ دېگەن ھامان خىيال-دە.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئىچ پۇشقىدا پۇچۇلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچىدىكى شىرەم تۇغقانلىرىنىڭ قىزى خاسىيەت تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭكىگە مېھمان

بولۇپ كېلىپ قالدى. خاسىيەتمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن قىز بولۇپ، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىپ، بىرنەچچە كۈن ئويناپ كېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇلار ئىككىسى تېزلا چىقىشىپ كەتتى. خاسىيەت ئايخامۇشنىڭمۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئايخامۇش ئاتا-ئانىسىنى تەستە ماقۇل كەلتۈرۈپ، خاسىيەت بىلەن بىللە ئۆزىگە ناتونۇش شەھەر ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. چوڭ شەھەرنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرى ئۇنى گويا باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇرۇپ، بۆلەكچىلا روھلاندۇرۇۋەتتى. ئايخامۇش يول بويىدىكى ئاسمان پەلەك ئېگىز بىنالارغا، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا قاراپ ھەيران قالدى.

ئىككى ئاي ۋاقىت ھەش-پەش دېگۈچە بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئايخامۇش قايتىپ كەتمىسە بولمايتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تالدى. ئاخىرى قايتىپ كېلىش توغرىسىدا خەتمۇ يازدى.

— ئۆيدىكىلەرگە «خاسىيەت ئىككىمىز تىككۈچىلىك كۇرسىدا ئوقۇۋاتىمىز، ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن قايتىپ بارىمىز» دەپ خەت سېلىۋېتىڭ، ئۇزۇنراق تۇرمامسىز، — دەپ ئەقىل ئۆگەتتى خاسىيەت.

بۇ چارە ئايخامۇشقا تازا ياقتى. چۈنكى ئۇ بۇ ئاۋات شەھەرگە، كۈندە دېگۈدەك بولۇۋاتقان توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغا دەسلەپتە ئانچە كۆنەلمىگەن بولسىمۇ ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي مەھلىيا بولۇپ كەتكەن، خاسىيەت بىلەن ئۇ ناھايىتى ئىچىكىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىدىن كېچەلمەيتتى. بىر ھەپتە ئىلگىرى بىر توي ۋېچىركىسىدا تونۇشۇپ قالغان سودىگەر يىگىتنى بولسا تېخىمۇ ئۇنتالمايتتى. بىراق ئۆيىدىن ئۇنىڭ تېز قايتىپ كېلىشىنى سۆيلەپ كەينى-كەينىدىن كەلگەن خەتلەر ئۇنى ئامالسىز قايتىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئۇ قايتىپ كەلدى. لېكىن باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كىيىم-كېچەك، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى.

— كېتىمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — خۇدا ئۇرغان بۇ سەھرادىن چوقۇم كېتىمەن!

ئارزۇلاپ باققان يالغۇز قىزىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئاھانەتلەر تۇرسۇن مەزىننى خېلىلا سەكرەتتى. بىراق ئۇنىڭ ھەيۋە قىلىپ ھۆركىرەشلىرىمۇ، تاياق كۆتۈرۈپ دىۋەيلەشلىرىمۇ قىزىغا ئەمدى كار قىلمايتتى. بۇنداق چاغدا «ئۆلىمەن، ئۆلىۋالىمەن!» دەپ ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيەتتى ئايخامۇش.

دىنىنى، شەرىئەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ تەقۋادار مەزىننىڭ قىزىغا گەپ ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىگە مەھەللىدىكىلەر ھەيران بولاتتى. لېكىن ھېچكىم چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئاي خامۇش مەھەللىدە خۇددى يۈگەنسىز ئاتتەكلا بولۇۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى تېزرەك شەھەرگە كېتىش ئىدى. شۇ كۈنلەردە قۇدرەت ئۈرۈمچىدىن يۇرتىغا كەلدى.

* *

قۇدرەت ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا هاڭ - تاڭ قالدى.

— تووۋا!... بۇ نېمە ئىشتۇ؟ مەن... بۇ خامۇشقۇ؟... ئاھ، قۇدرەت تۈگىشىپسەن، نېمە رەسۋاچىلىق بۇ...

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈپ، جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. بېشى قېيىپ، ئۆيىنىڭ تام - تورۇسلىرى پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاي خامۇش يېرىم يالىڭاچ هالدا كارىۋاتتىن چۈشۈپ قۇدرەتنىڭ قېشىغا كەلدى. قۇدرەت نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان شۇ پەيتتە سىرتتىن شىپىلداپ بۇ ياققا كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. كەينىدىنلا ئانىسىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ:

— قۇدرەتجان بالام، تۇردۇڭمۇ؟ چېيىڭنى ئىچكىلىمۇ چىقمايسەنغۇ؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

قۇدرەت تېخىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى.

ئۇ ئەمدى ئامال قىلمىسا ئانىسى ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرهاللا:

— مانا هازىر، هازىرلا چىقىمەن ئانا! — دېدى ئالاقزادىلىك بىلەن. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن خامۇش قۇدرەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى - دە، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— هۇ لۈكچەك، ئالدامچى! ماڭ، هازىر سوتقا بارىمىز...!

قۇدرەت شۇندىلا ئۆزىنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلدى.

ئەمدىلا ئارقىسىغا بۇرۇلغان ئانا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە ياندى. ئۇ ئۆي ئىچىگە كىرىپ ئەهۋالنى چۈشەنگەندەك بولدى - دە، بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەي لاتىدەك پۈكلىشىپ، ئىشىك تۈۋىگىلا يىقىلدى.

بىهوش ياتقىنىغا ئىككى كۈن بولغان ئانا بۈگۈن ئازراق ئەسلىگە كەلدى. بۇ ئىككى كۈن قۇدرەت ئۈچۈن ئىككى يىلدەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىزا، نومۇس دەستىدىن پۈچۈلاندى. ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىشكىمۇ پېتىنالمىدى.

بۈگۈن ئانا ئۇنى قېشىغا چاقىرتتى. قۇدرەت مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ دېگەندەك ئانىسىنىڭ قېشىغا كىردى. بىراق ئانا ئۇنى ئۇ ئويلىغاندەك ئارتۇقچە ئەيىبلەپمۇ كەتمىدى. پەقەت «بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئىش چوڭقىيىپ سىرتقا يېيىلىپ كەتمەستە مەيلى قانچىلىك چىقىم كەتسىمۇ خامۇشنى چىرايلىقچە رازى قىلىپ بېسىقتۇرۇش، يا بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش» تەكلىپىنى بەردى.

توي قىلىش؟ قۇدرەت ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن بىرى بىلەن قانداقمۇ توي قىلسۇن، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى بار ئىدىغۇ، بىراق «مەستلىك - پەسلىك» دېگەندەك، ئۇ لەنتى هاراق ئۇنى مۇشۇنداق قىيىن كۈنگە قويدى. ئۇ خىيال سۈرەتتى، لېكىن خىياللىرىنىڭ باش - ئاخىرى چىقمايتتى.

— بولغۇلۇق بولدى. بۇ پۈتۈنلەي ئىككىمىزنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان ئىش، ئۇنىڭغا باشقا گەپ كەتمەيدۇ، ئەگەر ئىش يۇرتقا تارالمىسۇن، يۈزىمىز چۈشمىسۇن دېسەڭ گەپنى يورغىلاتماي تېزرەك توي

تەپيارلىقنى قىل، بولمىسا قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل، — دەيتتى خاموش ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ.

ئىش ئاخىرى چىگىگا چىقتى. خاموش ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا قۇدرەتكە گويا يەر-زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك، ئۆزى چوڭقۇر بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قۇدرەت ئاددىيلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلدى.

قۇدرەت كەتكەندىن كېيىن خاموش باشقىدىنلا غادىيىۋالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلغان گۈزەل شەھەر — ئۈرۈمچىگە كېتىدۇ، ئۇ يەردە ياشلىق ھاياتىنىڭ ھەقىقىي پەيزىنى سۈرىدۇ...

ئۇ ئەنە شۇنداق شېرىن ئارزۇلارنىڭ قۇچىقىدا ئەللەيلىنىپ يۈرگىنىدە بەختكە قارشى ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى سەل-پەل غۇۋالاشتۇرغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئۈمىدلىنەتتى، ئۆزىگە ئىشىنەتتى. يۆتكەپ ئەكەتمەي نېمە ئامالى، ئۇ مەن بىلەن توي قىلدىمۇ، بولدى، ئەمدى مەندىن ئۇنچىلىك قۇتۇلالمايدۇ، — دەيتتى ئۇ.

«ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە» دېگەندەك، ئاز كۈن ئۆتمەيلا خاموشنىڭ يەنە ئايىغى چىقتى، ئۇ نەدە توي، نەدە ئولتۇرۇش بولسا كېتىۋېرەتتى. تۇتقان ئۆيىگە بولسا ئايدا بىرەر قېتىمۇ كېلىپ قويمايتتى. قاسىم ئاخۇنلار بۇ ئىشلاردىن بەكمۇ خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇلار قۇدىسى تۇرسۇن مەزىننىڭ قېشىغا كىرىپ، قىزىغا نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى ئېيتماقچىمۇ بولۇشتى. بىراق پېتىنالمىدى. ئۇلار بىر تۇرۇپ ئوغلىغا كايىسا، بىر تۇرۇپ خاموشقا كايىيتتى.

* *

قۇدرەت شۇ كەتكەنچە دەل بىر يىلدىن كېيىن كەلدى. ئۇ مەھەللىگە كىرىپلا خاموش توغرىسىدىكى ئۇچۇپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ خاموشقا چىرايلىقچە بىر تەرەپ بولۇپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى. خاموش ئۇنىڭغا كۆنەتتىمۇ، قۇدرەت ئۇنىڭ ئۆزى يوق چاغلاردا قىلغان-ئەتكەنلىرىنى يۈزىگە سالدى. لېكىن خاموش ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. قۇدرەت ياخشى گەپ بىلەنمۇ، يامان گەپ بىلەنمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدى. ئاخىرى قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز سۇندى. لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىسىز بۇ ئىشنى دەماللىققا بىر ياقلىق قىلىشقا ئامال بولمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە كۈندە جېدەل-ماجىرا قوزغىلىدىغان بولدى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر قاسىم ئاخۇننى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. بىر كۈنى ئۇ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق قۇدىسى تۇرسۇن مەزىن بىلەن ئوچۇق-يورۇق سۆزلەشمەكچى بولۇپ ئۇلارنىڭكىگە كەلدى.

قاش-قاپاقلىرى سېلىنىپ پېشانىسىدىكى قورۇقلار بىر يەرگىلا يىغىلىپ قالغان تۇرسۇن مەزىن قاسىم ئاخۇننى سوغۇقلا قارشى ئالدى.

— مەزىن... — قاسىم ئاخۇن ئەمدىلا گەپ باشلىۋىدى، تۇرسۇن مەزىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— بىلىمەن، سىلىنىڭ نېمە دەپ كەلگەنلىكلىرىنى، تۈرك ئادەم دېگەنگىمۇ گەپ چۈشەندۈرۈش ئاسان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆزلىرى تېپىشىپ، بىر ئوبدان ئۆي بولۇپ قالغان باللارنى سىلەر ئارىغا كىرىپ ئايرىۋەتمەكچىمۇ؟ «جىغۇرنىڭ ئىشى بار، قولتۇقىدا چىشى» دېگەن ھەق گەپكەن-دە!

— ئۇنداق دېمىسىلە مەزىن، سىلى بىلەن بىز مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە سەن-پەن دېيىشىپ قالغان ئادەملەر ئەمەس. گەپنى چىرايلىق قىلىشايلى، باللار خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن باش قوشقانىدى. ئەمدىلىكتە كېلىشەلمەي قالدى. بۇمۇ تەقدىر ئىرادىدىن ئەمەسمۇ...؟

— ئۇنداق ئىش يوق قاسىم ئاخۇن، ئۇلۇغ ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن باش قوشقان جۈپنى ئايرىش مەلئۇننىڭ ئىشى. ئاڭلىسام ئوغۇللىرى قانۇن دەمدۇ، يەنە نەلەرگە دەيدۇ دادلاپ يۈرگۈدەك، بۇ بەندىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. «خۇدا بۇيرۇغانغا پەيغەمبەردە نە چارە» دەپتەكەن. بۇ ئىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى قاسىماخۇن سىلىمۇ ئوغۇللىرىغا دېسىلە قىزىمىزنى خارلىمىسۇن! بىزمۇ ئۇنى «ئاي خامۇش» دەپ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلنان. ئۇنىڭمۇ ئىگىسى بار! بىز قىزىمىزنى سىلىگە ئۆزىمىز ئاپىرىپ كېلىن قىلىپ بەرگىنىمىز يوق، ئۆزلىرى ساقاللىرىنى سۆرەپ ئالدىمىزغا توققۇز تەزىم قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، سىلىنىمۇ ئادەم ساناپ بېرىپ قويۇپتۇق!...

قاسىم ئاخۇن بۇ ئادەم بىلەن سۆزلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ گەپ-سۆزسىزلا چىقىپ كەتتى. «تۇۋا دەيتتى ئۇ ئىچىدە، مۇشۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەنا؟ توققۇز تەزىم قىلىپ كەلدىڭ دېگىنىنى قارىمامدىغان... ئوغلۇمغا چاپلىشىپ تېگىۋالمىغان بولسا، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ كېلىن قىلماس ئىدىم ئۇ ئىپلاسنى... توغرا، مېنىڭ بالامدىنمۇ ئۆتكەن، لېكىن... تۇۋا، بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى...»

خامۇش ئۆز پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ يەنىلا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. ھېچبولمىسا قۇدرەتكە ئۆزىنى ئوبدان بىر تونۇتۇپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى:

— مەندىن قۇتۇلمەن دېگىنىڭ—ئۇخلاپ چۈشۈڭ،— دەيتتى ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ،— قېنى، مەن بىلەن قېرىشقانىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈسەنغۇ سەن دىۋانە!

ئۇنىڭ ئاغزى بىر ئېچىلسا قۇدرەتكە قوشۇپ ئاتا-ئانىسى، ھەتتا نەچچە ئەجدادىغىچە خىلمۇ خىل لەقەم قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىرنىمۇ قالدۇرماي تىللاپ چىقاتتى. خامۇشنىڭ ئەلمىسى قۇدرەتنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

—چىق ئۆيدىن!—قۇدرەت ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى،— ئىككىنچى بوسۇغامغا يولغۇچى بولما!

بۈگۈن تۇرسۇن مەزىن ئوغۇللىرىنى ئەتراپىغا يىغدى.

— ھەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، تاقەت قىلىپ تۇرۇۋەرسەك، پىچاق گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى. ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟ قېرىندىشىڭلارنى ئۆيدىن قوغلاپتۇ. تېخى «قورققان ئاۋۋال مۇشت سالار» دەپ، قىلغۇلۇقىنى ئۆزى قىلىپ، يەنە نەلەرگىدۇر دادلاپ يۈرۈپتۇ ئۇ ئىبلىس، سىلەرمۇ ئوغۇل بالىغۇ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلارنى ئوبدان بىر تونۇتۇپ قويۇڭلار!

— قۇدرەت دېگەن سولتەك تاش ساندا، بىز قۇم سانايدىغان ئەرلەر ئىز، ئۇ تولا ھەددىدىن ئاشمىسۇن، ئۇنىڭغا تېتەمىغان جاننى ئىتقا تاشلاپ بەرگۈلۈك! — ھۆركىرىدى چوڭ ئوغلى ھاشىر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. قالغان ئىككى ئوغۇل باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ھاشىرنىڭ ئەرۋايى ئۆچتى. ئۇ:

— ھۇ نان قېپىلار! قورقىشىۋاتامسەن؟ سىلەرمۇ ئوغۇل بالىغۇ؟ ئادەم دېگەن جىگەرلىك بولۇشى كېرەك، جىگەرلىك... ! — دېدى تېخىمۇ ھۆركىرەپ. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۈنسىز ئولتۇراتتى. ئۇلار كۆڭلىدە، «خەق بىلەن يامان بولغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئاچىمىزنى ئۇلارغا زورلاپ تاڭامتۇق، بۇ تازىمۇ رەسۋاچىلىق بولدىغان بولدى - دە» دېگەنلەرنى ئويلايتتى. شۇنداقتىمۇ دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ گېپىنى يېرىشقا ئامالسىز ئىدى.

تېگى يوق خىياللار بىلەن ئويقۇسى قاچقان قۇدرەت توخۇ چىللىغاندا كۆزى ئويقۇغا كەتتى ۋە چۈش كۆردى.

قۇدرەت لاي-لاتقىلىق سۇ ئېقىپ كېلىۋاتقان ناتونۇش ئۆستەڭ بويىدا تۇرغۇدەك. تۇيۇقسىزلا ئۇنى بىرى ئۆستەڭگە ئىتتىرىۋەتكۇدەك، ئۇ شىددەتلىك ئېقىندا بىر چۆكۈپ، بىر چىقىپ ئاران دېگەندە قىرغاققا يېقىنلىشىپ، گىرۋەككە ئېسىلىشىغا، يۇقىرىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرغان ئاي خامۇش ئۇنى يەنە ئىتتىرىۋەتكۇدەك. قۇدرەت ھەيۋەتلىك دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ ئىككىنچى قېتىم قىرغاققا چىققاندا گۈپ قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كارىۋاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدى.

— تۇۋۋا خۇدايىم، ئەجەب چۈش كۆرۈپتىمەنغۇ ھە...؟ — ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا دېرىزە ئالدىدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەن بىرىنىڭ سايىسى كۆرۈندى. قۇدرەت كىيىملىرىنى كىيىپ ئىشىكنى ئاچتى، تېخى ھېلىلا چۈشىدە كۆرگەن خامۇش ئىشىك ئالدىدا غادىيىپ تۇراتتى. قۇدرەتنىڭ بەدەنلىرى ئىختىيارسىز تىترەپ، بىرئاز سۈر باستى.

— كىپ-قاپسەنغۇ؟ نېمە ئىش بولدى؟ — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا.

— ھە، كەلدىم، كەلسەم بولمامدىكەنماز؟ مەن بولمىسام قارىغۇ ئاپاڭنى سولاپ ياتامتىڭ؟

خامۇش بىرھازا تىللىغاندىن كېيىن كاپىلا قىلىپ قۇدرەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. قۇدرەت بۇ ھاقارەتكە چىدىمىدى ۋە خامۇشنى قانداق قىلىپ بىر كاچات ئۇرۇۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. شۇنى كۈتۈپ تۇرغان خامۇش ئۇنىنىڭ بارچە ۋارقىراپ ئەتراپنى بىر ئالدى. كەتمەن-گۈرجەك، پىچاق، پالتىلار بىلەن قوراللىنىپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان تۇرسۇن مەزىنىڭ ئۈچ ئوغلى تەڭلا قۇدرەتكە يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

قۇدرەت ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئانىسى پەيدا بولۇپ قالدى.

— قاچ بالام، قاچ! — دېدى ئانا. ئۆزى ھېلىقىلارنىڭ ئالدىنى توستى،

قۇدرەت تېزلىكتە تامدىن ئارتىلىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن ئانام، دېگەن خىيال ئېسىگە كېلىپ دەرھال ئارقىغا ياندى. ئاپلا، ئانا قانغا مىلىنىپ يەردە ياتاتتى.

قۇدرەتنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تېقىلدى، — ھۇ ئىپلاس ھايۋانلار، ئۇرساڭ مانا مېنى ئۇرماسمەن، ئانامدا نېمە گۇناھ؟ — ئۇ قەھرى بىلەن ھاشىرغا ئېتىلدى.

— ھۇ ھايۋانلار! نېمە قىلىشماقچىسەن؟

قاسىم ئاخۇن قىيا - چىيانى ئاڭلاپ ھويلىغا كىردى. ئۇ ھاشىرنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟! — ھاشىر بىر چەتتە تۇرغان ئۇكىلىرىغا ۋارقىرىدى.

زەرب بىلەن چېپىلغان كەتمەن قاسىم ئاخۇننىڭ مۈرىسىگە قادالدى. قۇدرەت ھازىر ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. كۆزىگە نە كەتمەن، نە گۈرجەك، نە پىچاق ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى. مانا ئۇ ھاشىرنىڭ زەردە بىلەن ئۇرغان گۈرجىكىنى تۇتۇۋالدى، ھاشىر گۈرجەكنى تاشلاپ پىچاقنى چىقاردى - دە، سەل سەنتۈرۈلۈپ قالغان قۇدرەتكە كۈچەپ ئۇردى. پىچاق قۇدرەتنىڭ سول مۈرىسىگە قادالدى. قۇدرەت پىچاقنى سۇغۇرۇۋېلىپ قېچىپ ماڭغان ھاشىرنى قوغلىدى. ئۇرۇش ئەمدى ھويلىدىن چوڭ يولغا يۆتكەلگەنىدى. قۇدرەت ھاشىرنى قوغلاپ يولغا چىققانىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىرىنىڭ قولىدا پىچاق، بىرىنىڭ قولىدا پالتا تۇتقان ھېلىقى ئۈچەيلەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. بۇ چاغدا چوڭ يولدا ئادەم خېلىلا كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى توسۇشقا ھېچكىم ئۈلگۈرەلمىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان ھاشىر كۆتەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. قۇدرەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنىڭ ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە ئارقا - ئارقىدىن پىچاق ئۇرۇۋەتتى. ھەم ئۆزىمۇ ئارقا تەرەپتىن ئۇرۇلغان پالتا - پىچاقلار زەربىسىدە خىرقىراپ يېتىپ قالدى.

چاقماق تېزلىكىدە بولغان بۇ جېدەل ئاخىرى تۆت گەۋدىنى قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن پېتى يەرگە ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭراپ تولغىنىشلىرى، جاراھەتلىرىدىن ئېقىۋاتقان قانلار، تىنىمسىز دومىلاشلار ئادەمنى ئېچىندۇراتتى. پۈتۈن مەھەللە ئەنسىزچىلىككە چۆكتى...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئابلىتىپ ھېمىت

# مېنىڭ قېيىن ئاتام

(ھېكايە)

مەن كېلىن بولۇپ كەلگەندىن بۇيان قېيىن ئاتام مېنىڭ كۆڭلۈمنى رەنجىتىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىدى. مېنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىم ئۇنىڭغا بەك ياراپ كېتەمدىكىن تاڭ، ئىشقىلىپ ئۇ مېنىڭ بىرەر ئىش قىلغىنىمنى كۆرۈپ قالسىلا، مېنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ، كۆڭلۈمنى ئالەمچە خۇش قىلىۋېتەتتى. قېيىن ئاپامنى بولسا چۆكۈرۈپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەتتى. شۇڭا قېيىن ئاتامنى خوتۇنىغا ئۆچ بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم.

قېيىن ئاتامنىڭ مېنى ماختىشى تويدىن كېيىن بىر ئەتىگەنلىكىدىن باشلاندى. شۇ كۈنى مەن تاڭ سەھەردە ئورنىمدىن تۇرۇپ، قولۇمغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ تازىلىدىم. بۇ ئىشنى قېيىن ئاتام كۆرۈپ قېلىپ مېنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپلا كەتتى:

— پاھ، پاھ، يارايسىز قىزىم! ھويلىنى ئەجەبمۇ پاكىز تازىلاپسىز، خۇددى ئەينەكتەك. ئاپىڭىز ھويلا - ئارامنى ھېچقاچان سىزدەك بۇنداق پاكىز تازىلاپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىن تازىلىقنى سىزلا قىلسىڭىز بولغىدەك.

دۇنيادا ئۆزىنى باشقىلار ماختىسا خۇش بولمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. شۇ كۈنى مەن قېيىن ئاتامنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىم ئۈچۈن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتىم. قېيىن ئاپام سەل خاپا بولۇپ، ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ ئاچچىقىنى ئىشىكتىن ئالدى. ئەگەر قېيىن ئاتام مېنى شۇنداق ماختايدىغان بولسا، ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلەش قارارىغا كەلدىم. ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزۈم تېپىپ قىلىشتىن تاشقىرى، بەزى ئىشلارنى تالىشىپ تۇرۇپ قىلىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى مەن يىغىلىپ قالغان كىرلارنى يۇدۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە قېيىن ئاتامنىڭ كىيىملىرىمۇ بار ئىدى. كەچقۇرۇن قېيىن ئاتامنىڭ كىيىملىرىگە دەزمال سېلىپ كۆتۈرۈپ چوڭ ئۆيگە كىرىپ:

— كىيىملىرىنى يۆتكىۋالسىلا ئاتا، — دېدىم.

قېيىن ئاتام كىيىملىرىنى كۆرۈپ:

— ۋاي - ۋۇي، سىز نېمانداق چىۋەر قىزسىز، تېخى دەزمالمۇ سېلىپسىز، ئاپىڭىز كىرنى ھەرگىز سىزدەك پاكىز چىقىرالمايتتى. دەزمال سېلىش دېگەننىمۇ ئەسلا ئۇقمايتتى ئۇ پەمسىز. بۇنىڭدىن كېيىن كىر دېگەننى سىزلا يۇسىڭىز بولغىدەك.

بۇ قېتىم قېيىن ئاپام قېيىن ئاتامنىڭ ئۆزىنى چۆكۈرگىنىگە سەل چىدىماي قالدىمۇ قانداق، ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى:

— تولا كوتۇلداۋەرمەڭا چىشىمغا تېگىپ، جىم تۇرۇپ بەرسەم ئاغزىمغا كەلدى دەپ جۆيلۈۋېرىدا ما ئادەم. مەن قاچان سىزنىڭ كىيىملىرىڭىزنى پاكىز يۇيماپتىمەن؟ «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن يەر قىلغانمۇ خوتۇن»

دېگەن گەپ بار. 30 يىلدىن بۇيان سىزنى ئەر قىلىپ كېلىۋاتقان مانا مەندەك خوتۇن.

قېيىن ئاپام ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ زورمۇ-زور كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇنداق دېسەم سىز ھەرگىز خاپا بولماڭ قىزىم، سىز كىرنى ھەقىقەتەن پاكىز يۇيۇپسىز. ئاتىڭىز راست گەپ قىلىۋىدى، سەل ئاچچىقىم كېلىپ ئازراق كايىپ قويدۇم شۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە بىز ئېتىزغا كېۋەز تاخلىغىلى چىقتۇق. تۆتەيلەن يەرنىڭ بېشىدىكى بىر يېرىم موچە كېلىدىغان يوغان بىر قىرغا چۈشۈپ كېۋەز تاخلاشقا باشلىدۇق. بىرىنچى رەت سولغا قېيىن ئاپام، ئوتتۇرىغا قېيىن ئاتام، ئۇنىڭ يېنىغا مەن، ئەڭ چەت سولغا ئېرىم چۈشتى. مەن قېيىن ئاتامنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئىشچان كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. بۇنى كۆرۈپ قېيىن ئاتام مېنى يەنە ماختىدى:

— ياخشى قىزىم، ياخشى. سىزنىڭ غەيرىتىڭىز ھەممىمىزنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەن. مەنغۇ قېرى، ئاۋۇ ئەنۋەرمۇ ياش تۇرۇپ سىزنىڭ كەينىڭىزدە قاپتۇ. ماۋۇ ئاپىڭىز ھەممەيلەننىڭ كەينىدە قاپتۇ. قاراڭ قىزىم، ئۇ ئۆزى دېھقان تۇرۇپ كېۋەز تاخلاشنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭا يوغان مايسىنى يۇلۇۋېتىپ، كىچىك مايسىنى قويۇپتۇ، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا قىزىم! كېۋەز دېگەننى سىزلا تاخلىسىز بولغىدەك.

قېيىن ئاپام بۇ قېتىم زادىلا تاقەت قىلالمىدى. ئۇ قولىدىكى بىر تۇتام كېۋەز مايسىسىنى قېيىن ئاتامنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

— مەن كېۋەز تاخلاشنى بىلمىگەندىكەن، ھەممىسىنى ئۆزىڭىز تاخلىۋېلىڭ، — دېدى-دە، ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

چۈشتە ھېرىپ-ئېچىپ ئېتىزدىن كەلسەك، قېيىن ئاپام شۇ خاپىچىلىقتا تاماقمۇ ئەتمەي، كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىۋاپتۇ. مەن قېيىن ئاپامنىڭ تاماق ئەتمىگەنلىكىدىن خۇش بولدۇم. چۈنكى ماڭا ئۆز قولۇم بىلەن راسا ئوخشىتىپ لەگمەن ئېتىپ، ئۆزۈمنىڭ تاماق ئېتىش جەھەتتىمۇ قېيىن ئاپامدىن قېلىشمايدىغانلىقىمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش پۇرسىتى كەلگەنىدى.

— ئاپامنىڭ مىجەزى يوق ئوخشايدۇ، بۈگۈن تاماقنى مەن ئېتەي، — دېدىم.

بۇ گېپىم قېيىن ئاتامغا خۇش ياققان چېغى، شۇڭا ئۇ:

— ئاغزىڭىزغا ناۋات قىزىم، — دېدى.

مەن دەرھال تاماققا تۇتۇش قىلدىم. سۇ ئەكىرىش ئۈچۈن چېلەكنى كۆتۈرۈپ بۇلاققا ماڭدىم. بۇلاقتىن سۇنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا كەلسەم، قېيىن ئاپام قېيىن ئاتامنى سوراققا تارتىۋېتىپتۇ، ئىشىك قىيا ئوچۇق بولغاچقا، مەن ئۆي ئىچىدىكى ھەممە گەپ-سۆزنى ئېنىق ئاڭلىدىم:

— راست گەپ قىلىڭ، كېلىنچەككە ئىچىڭىز تارتىپ قالدىڭىزمۇ يا؟

— تۈزۈك گەپ قىل، دوزىخى بولۇپ كېتىسەن.

— ئەمىسە نېمىشقا ھە دېسىلا مېنى چۆكۈرۈپ، ئۇنى ماختايسىز؟

— «خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا» دېگەن مانا شۇ-دە، ھوي سەن تېخىچە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىدىڭمۇ؟

— ياق چۈشەنمىدىم.

— سەن راستلا دۆتكەنسەن خوتۇن، بۇرۇن چۈشەنمىگەن بولساڭ ئەمدى چۈشىنىۋال: سېنى چۆكۈرۈشۈمدىكى سەۋەب، سېنى جاپا تارتماي، ھەممە ئىشنى كېلىنگە تاشلاپ بېرىپ ئارام ئالسۇن دېگىنىم. ماختاپ قويسا ھەممە ئادەم ئوبدان ئىشلەيدىغان بولىدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

قېيىن ئاتام بىلەن قېيىن ئاپامنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە ئىشىك ئالدىدا خۇددى ھەيكەلدەك تۇرۇپلا قالدىم. ھەي ... مەن نېمانچە ئەخمەق، نېمانچە دۆت - ھە؟! بۇرۇن نېمىشقىمۇ قېيىن ئاتامنىڭ يالغان ماختاشلىرىغا ئالدىنىپ، قول - مالايدەك ئىشلىگەندىمەن؟! شۇ ئويلار كاللامدىن كەچكەندىن كېيىن، بايا تاماقنى مەن ئېتەي دېگىنىمگە مىڭ پۇشايمان قىلدىم. ئەمدى ئۆزۈم دەپ قويغان گەپكە ئەمەل قىلمىسام بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز لەگمەن ئېتىشكە باشلىدىم. ئېرىم ئەنۋەر لەگمەننى بىر نەچچە چوكا يېگەندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

— لەگمىنىڭنىڭ سېيى بەك تۇزلۇق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

ئەنۋەرنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا قېيىن ئاتام مېنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى:

— لەگمەن بۇنىڭدىن ئۇشۇق قانچىلىك ئوخشايتتى؟ ئۇنىڭ گېپىدىن ھەرگىز رەنجىمەڭ قىزىم. راست گەپنى قىلسام قىزىم، لەگمەننى ئىنتايىن ئوخشىتىپسىز. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ئوخشىغان لەگمەننى يەپ باقمىغان. چۈنكى ئاپىڭىز ھازىرغىچە بۇنداق ئوخشىتىپ لەگمەن ئېتىپ باقمىغان. ئۇ تاماق ئېتىشتە سىزگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تاماق دېگەننى سىزلا ئەتسىڭىز بولغىدەك.

بۇ قېتىم قېيىن ئاپام قىلچە خاپا بولمىدى. ئەكسىچە ئۇ ماڭا قاراپ ھەجىيىپ:

— مەن بۇرۇن قىزىمنى تاماق ئېتەلەمسىكىن دەپتىكەنمەن. ئەسلىدە ئۇ تاماققا ئۇستا ئىكەن ئەمەسمۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تاماقنى سىزلا ئەتسىڭىز بولغىدەك قىزىم! — دېدى.

مەن ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە


## «تارىم» ژۇرنىلىغا ئېلان بېرىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

ژۇرنىلىمىز 1994 - يىلى 1 - سانىدىن باشلاپ ئېلان كەسپىنى يولغا قويدى. ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، تىراژى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭ. ئۇ، دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە بىرلەشمە كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا كەڭ بازار تېپىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەشۋىقات ھەم ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سورۇنىدۇر. ژۇرنىلىمىزغا ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ۋە يېزىق ئېلانلىرىنى بېرىشكە بولىدۇ. كارخانا ئورۇنلىرى ۋە كارخانىچىلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«تارىم» ژۇرنىلى ئېلان بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى: قېيۇم تۇرسۇن، تېلېفون نومۇرى: 416214

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

## تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن پايتەختكە

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 44 يىللىقى قىزغىن تەبرىكلىنىۋاتقان، بېيجىڭ باھار بىلەن كۈز بىرلىكتە بېزىگەندەك ئاجايىپ گۈزەللىشىپ، كىشىنىڭ تېخىمۇ مەسلىكىنى كەلتۈرگۈدەك بولۇپ كەتكەن قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە— 3-ئۆكتەبىر كۈنى بېيجىڭنىڭ سەنلىخې كوچىسىدىكى شىنجاڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ زالىدا بۇرۇن پەقەت ئېچىلىپ باقمىغان بىر يىغىن ئېچىلدى. بۇ، 5-نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى بىلەن تۇنجى قېتىملىق يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى.

خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا گۈللىنىۋاتقان، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن بىر ئىجادىيەت. ئۇ، تىرىشچان مۇھەررىر ۋە ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا ئورتاق ئىزدىنىپ، دادىل يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە تېخىمۇ كۆپرەك زېمىن ھازىرلاش ئارزۇسىدا قىلىنغان ئۇنۇملۇك ئەمەلىي ھەرىكىتى.

بۇ پائالىيەت 1989-يىلى باشلانغاندىن بۇيان ھازىرغىچە 4 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە «تارىم» ژۇرنىلىمۇ قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن بۇرۇنقى تۆت قېتىملىق يىغىنغا نىسبەتەن كۆلىمى چوڭ، داغدۇغىسى چوڭ، ئەھمىيىتى چوڭ، ئورنى چوڭ، تەسىرى چوڭ يىغىن بولدى. يىغىنغا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن بارغان 70 نەچچە ئاپتور ۋە مۇھەررىر ئىشتىراك قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسىر ئاتلايدىغان ياش ئاپتورلارنىڭ سانىنىڭ كۆپرەك بولۇشى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش بولدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلۈشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش بولۇپلا قالماي، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان كانتا ئىش. دۆلەت كومىسسارى، قوشۇمچە، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد بۇ يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزىدە بۇ يىغىننى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ يىغىنغا يۈكسەك باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى يىغىن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى تولۇق نامايان قىلدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان كۆرەك بولدى،

شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت
قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان پارات بولدى.»

بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا
ئاپتونوم رايون ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقىدار
ئورۇنلىرى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئاپ-
تونوم رايونىنىڭ رەئىسى، مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
ۋېيىۋەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى ھامىدىن نىيازلار يۇكسەك ئېتى-
بارى ۋە ئۈمىدىنى بىلدۈرۈپ خەت يې-
زىپ، تېلېفون بېرىپ، يىغىننى قىزغىن
تەبرىكلىدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسى-
مىغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ
دائىمىي ھەيئەتى بادەي، ئاپتونوم رايون-
لۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى-
نىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، جۇڭگو
يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇ-
جىسى دېڭ يۇمېي، دۆلەت مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت مەھكى-
مىسىنىڭ باشلىقى فاڭ خۇچۈن، مەركىزىي
مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى بادالوپ،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇرېھىم،
ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچى-
لەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىن
ئەخمىدى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى.
يىغىنغا مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى ئەخمەت پاسار رىياسەتچىلىك
قىلدى. قەييۇم تۇردى تەبرىك سۆزى
سۆزلىدى، بادەي، دېڭ يۇمېي قاتارلىق
يولداشلار سۆز قىلىپ، يىغىننى قىزغىن
تەبرىكلىدى ۋە يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت
تىلىدى. يىغىندا 32 ئەسەر، 11 مۇنەۋ-
ۋەر مۇھەررىر مۇكاپاتلاندى. بۇ قېتىم-
قى خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا كۆر-
سىتىلگەن ئەسەرلەر ۋە مۇنەۋۋەر مۇھەر-
رىرلەر ھەرقايسى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمە-
لىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ تاللانغاندىن
كېيىن باھالاش ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسى-
دىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاندىن بېكىتىلدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا دۆلەت مىل-
لەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مىللەتلەر
نەشرىياتى، مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى،
مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇن-
لاردىن بولۇپ جەمئىي 150 كىشى قاتناشتى.

يىغىن داۋامىدا قەييۇم تۇردى، مەھەممەت
شاۋۇدۇن، زوردۇن سابىر، ئەكبەر غۇلام،
مەھەممەت شانىياز، تۇرسۇننىياز، ئابدۇللا
سۇلايمان قاتارلىق يولداشلار جۇڭگو شېئىرى-
يەت مۇنبىرىنىڭ غايەت زور چولپىنى،
دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەشھۇر
شائىر ئەي چىڭنى يوقلىدى. 83
ياشلىق بۇ ئاقساقال يولداشلارنىڭ يوق-
لاپ كەلگىنىگە خۇرسەن بولدى ۋە يول-
داشلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۆزىنىڭ
يېڭى نەشر قىلىنغان 5 توملۇق «ئەي چىڭ
ئەسەرلىرى» نى تەقدىم قىلدى. كۆپچىلىك
بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.
بۇ قىممەتلىك ئۇچرىشىشتىن خاتىرە قال-
دۇرۇش مەقسىتىدە ھەممەيلەن ئەي چىڭ
بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۈرەتكە چۈشۈۋالدى.

3 - ئۆكتەبىردىن 4 - ئۆكتەبىرگىچە
ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.
مۇھاكىمە يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق ياز-
غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
مەھەممەت شاۋۇدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى.
يىغىندا مەھەممەت شاۋۇدۇن، نۇر مەھەم-
مەت زامان، مەھەممەت ئىمىن، ئابدۇرۇپ
پولات، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ئەكبەر

www.uyghurkitap.com



قادىر، پولات ھېۋزۇللا، ئەسقەر ياسىن،
قاۋسىلقان قامىجان قاتارلىق يولداشلار
ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى. ئىمىن تۇرسۇن،
خەممىت تۆمۈر قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر
سۆز قىلدى. بۇ ماقالە ۋە سۆزلەردە يېڭى
دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى يۈزلە-
نىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى تولۇق مۇ-
ئەييەنلەشتۈرۈلدى. تەجرىبە - ساۋاقلار
يەكۈنلەندى. كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ئىز-
دىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۈستۈن
ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئىجادىيەت
قىزغىنلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام ۋە مەدەت
بېرىلدى. يىغىننىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ،
كۆز قاراشنى يېڭىلاش، غەيرەتنى ئۇرغۇ-
تۇش جەھەتتىكى ئۈنۈمى ئىنتايىن زور
بولدى.

5 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن يېپى-
لىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا دۆ-
لەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆ-
لەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى ئىسمايىل ئەخمەد، جۇڭگو يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن شۇجىسى، ئاتاقلىق موڭغۇل يازغۇ-
چىسى مالچىنخۇ، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى،
«ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نىڭ باشلىقى
جىن بونۇڭ، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى شى
يۇڭشياڭ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومى-
تېتى مەدەنىيەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فاڭ
خۇچۈن، مىللەتلەر نەشرىياتى پارتگۇرۇپپى-
سىنىڭ باشلىقى دېيشەن، مىللەتلەر نەشرى-
ياتىنىڭ باشلىقى بادالوپ، جۇڭگو يازغۇچىلار
جەمئىيىتى شۇجېچۇسىنىڭ شۇجىسى، ئاتاق-
لىق يازغۇچى دىڭ يۈمىي، ئاپتونوم را-
يونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەش-
مىسىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى قەي-
يۈم تۇردى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەت-
قىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ليۇ كۈيلى،
«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن
باش مۇھەررىرى ت. سەيپىن بايار، يەنە
دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى،
مىللەتلەر نەشرىياتى، مەركىزىي تەرجىمە
ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تيەن شىباۋ،
ئەخمەت پاسار، قەييۇم ۋاھىدى قاتارلىق
رەھبەرىي يولداشلار قاتناشتى.

يىغىندا ئىسمائىل ئەھمەد تولۇپ - تاش-
قان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ
ئالدى بىلەن يىغىننىڭ بېيجىڭدا داغدۇغى-
لىق ئېچىلغانلىقىنى ۋە خانتەڭرى
ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلار
ھەم مۇھەررىرلەرنى قىزغىن تەبرىكلىدى.
ئاندىن تۆت نۇقتىلىق مۇھىم سۆز قىلدى.
ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ئىلھامبەخش سۆز-
لىرى يىغىن قاتناشچىلىرىنى ئىلھاملاندۇ-
رۇپ، يىغىننىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ
يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. كۆپچىلىك پات -
پات چاۋاك چېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى قىزغىن
ئالقىشلىدى. ئۇنىڭ سۆزى خانتەڭرى
ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتى بىلەن يېڭى
دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمىسىگە
يېڭىچە مەزمۇن قوشتى، يۇقىرى تەلەپ،
زور ئىشەنچ، قىزغىن ئۈمىد بەخش ئەتتى.
پېشقەدەم، ياش ئاپتورلارنى ئوخشاشلا
روھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىز-
غىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان
ۋۇجۇدىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئوت تۇتاشتۇ-
رۇۋەتتى.

جايلاردىن كەلگەن ئەدىبلەر بۇ قېتىمقى
يىغىن جەريانىدا مالچىنخۇ، دىڭ يۈمىي،
قەييۇم تۇردى، ت. سەيپىن بايار، زوردۇن
سابىر، ئەكبەر مىجىت قاتارلىق مەشھۇر
يازغۇچىلار بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلار بىلەن
خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشتى، ئىختىيارى

پاراڭلاشتى، ئېچىلىپ-يېيىلىپ بىرلىكتە كۆڭۈل ئاچتى. ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى ئۆزگىرىشلىرى ۋە يېڭى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى، ئاسىيا تەنھەرىكەت كەنتىنى، تيەنئەنمېن مەيدانىنى، سەددىچىن سېپىلىنى زىيارەت قىلدى. قۇمۇلدىن نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغان نۇرغۇن ئاپتورلار ئۈچۈن بۇ ناھايىتى زور ئۆگىنىش، تەسىرلىك، ئەمەلىي ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بىۋاسىتە كۆرۈش، بايقاش، چۈشىنىش جەريانى بولدى.

ئىشىنىمىزكى، بۇ يىغىنىنىڭ روھى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىغۇسى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز)

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزدى

ژۇرنىلىمىز 1993-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا نۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئالدى بىلەن ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنىڭ مەسئۇللىرى بىر يىلدىن بۇيان سۈپەتنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى، قوللانغان چارە-تەدبىرلىرى، خىزمەت نەتىجىلىرى توغرىسىدا دوكلات بەردى ۋە بۇندىن كېيىنكى پىلان-تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەھەممەت شاۋۇدۇن تۆمۈر داۋامەت، ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى خىزمىتى ۋە نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بارغانسېرى ياخشى چىقىرىلىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتقان ئىلھامبەخش سۆزلىرى، ئۇلارنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ھەققىدىكى سەمىمىي ئۈمىد ۋە ياخشى تەكلىپلىرىنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1993-يىلى ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلەر، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىدى. كېلەر يىللىق خىزمەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەھرىر ھەيئەتلەردىن ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈستىدە نۇقتىلىق، چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئارقىدىن تەھرىر ھەيئەتلەر بەس-بەس بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ژۇرنالنىڭ مەزمۇن، شەكىل جەھەتتە كۆپ خىللىشىپ، جانلىنىپ، سۈپىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى بىر ئېغىزدىن مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنداقلا ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتى. ژۇرنال خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ھەققىدە ئەقىل-چارە كۆرسىتىپ، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلەرنى بەردى. يىغىن قىزغىن، سەمىمىي كەيپىيات ئىچىدە بىر كۈن داۋام قىلدى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز)

www.uyghurkitap.com

## 5- نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى

پەخرىي مۇدىرلار

سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەھمەد

مۇدىر

قەييۇم تۇردى

مۇئاۋىن مۇدىرلار

ت. سەييىن بايار، ئەھمەد پاسار، مەھەممەت شاۋۇدۇن

ھەيئەت ئەزالىرى

قەييۇم تۇردى، ت. سەييىن بايار، ئەھمەد پاسار، تىيەن شىباۋ، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوسمان موللەك، ئابدۇللا ئابلىز، ھېسامىدىن ئەزىز، ئابدۇرۇپ، ئەكبەر غۇلام.

## 5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەڭگۈلۈك ھەمراھ | (پوۋېست) | «تارىم» | ئالىمجان ئىسمايىل |
| قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز تەزكىرىسى | (شېئىر) | «تارىم» | ئادىل تۇنىياز |
| ھايات ۋە ئادەم | (ھېكايە) | «تەڭرىتاغ» | ئابلىجان ھېيىت |
| كەل، مەن بۇ يەردە | (شېئىر) | «تەڭرىتاغ» | ئابدۇقادىر جالالىدىن |
| ئەدەبىي تەنقىدچى | (ئوبزور) | «قەشقەر ئەدەبىياتى» | كېرىمجان ئابدۇرېھىم |
| سۆيۈلمىگەن لەۋ | (شېئىر) | «قەشقەر ئەدەبىياتى» | ئەركىن ئەبەيدۇللا |
| قىسىلغان يۈرەك | (ھېكايە) | «ئىلى دەرياسى» | زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت |
| ئېھ، غۇاجام! | (شېئىر) | «ئىلى دەرياسى» | ئابلىكىم ھەسەن |
| جاھاننىڭ ئېتەكى كەڭرى | (پوۋېست) | «يېڭى قاشتېشى» | تۇرسۇنجان مۇھەممەت |
| ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق | (شېئىر) | «يېڭى قاشتېشى» | ئابدۇللا سۇلايمان |
| ئەقىدە | (ھېكايە) | «تۇرپان» | ئەسئەت نەجمىدىن |
| بوۋاڭ، خوش ئەمدى | (شېئىر) | «تۇرپان» | ئەكبەر داۋۇت تەنھا |
| ئايمىغىدا جەننەت بار، ئانا | (شېئىر) | «قۇمۇل ئەدەبىياتى» | سەمەت ئابدۇراخمان |
| توختاپ قالسۇن جاڭجاللار | (شېئىر) | «قۇمۇل ئەدەبىياتى» | مۇھەممەت ئەخمەت |
| قۇياش شەجەرىسى | (ھېكايە) | «مايبۇلاق» | تۇرسۇن مۇسا |
| ئالقىشلانمىغان ماقالە | (فېليەتون) | «مايبۇلاق» | مۇھەممەت مەمتىلى |
| ئەۋلادلار ئۈچۈن | (ھېكايە) | «بوستان» | ئىكرام قادىر بوستانى |

پاكلىق يوقتۇر ئازابتىن بۆلەك (چاتما شېئىر) «بوستان» ئالىمجان ناسىرى
ئىنژېنېر ئەلنىنىڭ ھېكايىسى (پوۋېست) «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»
ليۇفېڭجاڭ تەرجىمىسى (ئاپتورى: قەييۇم تۇردى)
ئۈلۈككە خەت (ھېكايە) «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ئوجىچاۋ تەرجىمىسى
(ئاپتورى: مەمتىمىن ھوشۇر)
قورقۇنچلۇق ئاپەت (ھېكايە) «مىللەتلەر ئەدەبنىياتى» خۇشكىلى تەرجىمىسى
(ئاپتورى: مۇھەممەت ئىمىن)
ئارزۇ (چاتما شېئىر) «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ئەكبەر غۇلام تەرجىمىسى
(ئاپتورى: پەرھات ئىلياس)
قوياش، ئاي ۋە يۇلتۇز (شېئىر) «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» دىلشات تەرجىمىسى
(ئاپتورى: تۇرنىسا ئابلىز)

## شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

تۇنجۇقۇقان سۆيگۈ (پوۋېست) «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئابلا ئەخمىدى
چەت ئەلدە تۇغۇلغان ھېكايىلار (ھېكايە) «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ئايشەم ئەخمەت
پەرۋانە (ھېكايە) «تەڭرىتاغ» سۇلتان ھاشىم

## رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

شەبنەم ياتىرىغان كېچە (ھېكايە) «تارىم» ئەسئەت سۇلايمان
قارا سېھەر (ھېكايە) «تەڭرىتاغ» ۋەلى
ياشلىقتا خىياللار قىزىق ۋە سوغۇق (شېئىر) «قەشقەر ئەدەبىياتى» غېنى قۇربان
ھەركىمنىڭ ئۆز كۆڭلى بار (ھېكايە) «يېڭى قاشتېشى» غوجائابدۇللا ناسىرى
ئۈمىدسىز ۋىسال (ھېكايە) «تۇرپان» پەزىلەت ئىسرائىل
غەزەللەر (شېئىر) «ئىلى دەرياسى» ئەكرەم ئابدۇمىجىت

## 5-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر مۇھەررىر بولۇپ باھالانغانلار

تۇرسۇن نىياز «قەشقەر ئەدەبىياتى»
ئايشەم ئەخمەت «قۇمۇل ئەدەبىياتى»
مۇھەممەت شانىياز «تۇرپان»
ئارسلان تالىپ «مايبۇلاق»
مۆيدىن سايىت «بوستان»

## ھۆرمەتلىك ئاپتور ھەم كىتابخانلار، يېڭى يىلىڭلار مۇبارەك بولسۇن!

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئىسلاھاتنىڭ غەلىبە ساداسى ئىچىدە 1994 - يىلىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قەدەم تاشلاۋاتقان ئاپتور ھەم كىتابخانلارغا قىزغىن سالام يوللايدۇ ۋە مول نەتىجىلەرنى تىلەيدۇ.

ژۇرنىلىمىز ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىق ئاپتورلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار 1993 - يىلى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ نادىر بەدىئىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئانا ژۇرنال — «تارىم» نىڭ يۈزىنى تېخىمۇ يورۇق قىلدى، نوپۇزىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. يېڭى يىلنىڭ ئىلھام پەرىسى قەلبىمگە ئوت ياققان بۇ قەدىناس ئىجادكارلىرىمىزنىڭ 1994 - يىلى بىزگە تېخىمۇ مول، تېخىمۇ ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئاپتورلىرىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەۋزەل شارائىتىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باققان ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەتمۇ ھېچقاچان دەل بۈگۈنكىدەك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئەمەس. بىز ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ھازىر كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى كۆپ خىللىشىپ، تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇلار تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ قىزىقارلىق، تېخىمۇ سۈپەتلىك بەدىئىي مەھسۇلاتلارنى تەلەپ قىلماقتا. ئىشىنىمىزكى، «تارىم» نىڭ ئاپتورلىرى كىتابخانلارنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ كىتابخانلىرى بىزگە ئۈمىد ۋە شادلىق بېغىشلايدۇ. ئۇلار ژۇرنىلىمىزنى خېرىدارلىق، بازارلىق قىلدى. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئۆتتەك قىزغىن مۇھەببىتى ئارقىلىق «تارىم» سەھىپىلىرىگە بېسىلغان ھەر بىر پارچە بەدىئىي ئەسەر خەلقىمىز ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، گۈزەللىك ئۇرۇقى چاچتى. شۇڭا بىز 1994 - يىلى كىتابخانلىرىمىزنىڭ يەنىمۇ كۆپىيىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەتلىك ئاپتور ھەم كىتابخانلار، يېڭى يىل سىلەرگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن. مەنىۋى ھاياتىڭلار كۆڭۈللۈك، تېنىڭلار سالامەت بولسۇن!

| | |
|---|---|
| مەتقاسىم ئابدۇراخمان | «يېڭى قاشتېشى» |
| سارەم ئىبراھىم | «تارىم» |
| سىدىق تۇرسۇن | «ئىلى دەرياسى» |
| ئەكبەر غۇلام | «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» |
| ئېزىز ساۋۇت | «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» |
| پولات ھېۋزۇللا | «تەڭرىتاغ» |



مەشھۇر يازغۇچى مالچىنخو
ۋەكىللەر بىلەن سەمىمىي سۆھبەتتە .




پېشقەدەم ۋە ياش ئەدىبلەر بىرلىكتە



يىغىنغا قاتناشقان ياش
ئەدىبلەر تيەنئەنمېن مەيدانىدا .



ۋەكىللەر سەددىچىن سېپىلىدا.



《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所

1994 ـ يىل 1 ـ سان ( 395 ـ سان ) ، 44 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ .
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002－9044 ISSN 1002 ـ 9044 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى :
国内统一刊号：CN 65－1010／I CN 65 ـ 1010 / I مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :
国外代号：Q 4462 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : Q 4462
邮发代号：58－66 定 价：2.20元 پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 66 ـ 58، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 2.20 يۈەن
邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى :